

KASHGAR LITERATURE

# قەشقەر ئەدەبىياتى

# 喀什噶尔文学

ISSN 1004-2547

6
2002



ياش يازغۇچى ياسنجان سادىق

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 16- قۇرۇلتىيىغا بېغىشلانغان
## مەخسۇس سان


قادىر بۇلاق ...............( شېئىر )...................... 1
روزى رازىق ...............( شېئىر ) ......................2
تۇرسۇن ئۆمەر............... ( شېئىر) .....................2
ئەسقەرجان تۇرسۇن............( نەسر )...................... 3


## رومانىدىن پارچە


ھاجى مىرزاھىد كېرىمى.............يۈسۈپ خاس ھاجىپ 5


## ھېكايە ـ نەسرلەر


راخمانجان رۇسۇل...........( ھېكايە ).....................
..........................قېتىپ قالغان يىلىم چۆچىكى25
ئەنۋەرجان ئابدۇرېھىم..........( ھېكايە )....................
..........................مۇشتۇمزور ئادەم 32
خۇدابەردى ئابدۇللا............( نەسر )......................
..........................قەشقەر مېنىڭ سۆيۈملۈك ئانام36
ئوسمانجان مۇھەممەدى ( قاراقۇتلۇق )............نەسرلەر 37
نۇرمۇھەممەت ئىسمايىل.........( ھەجۋىي ھېكايە)..........
..........................« سورتلۇق ئىت » 39
ئابلا ئەخمىدى...........................« تۈركىي تىللار
دىۋانى » دىن « قەشقەر » نىڭ ئېتىمولوگىيىسىگە نەزەر42


## شېئىرىيەت گۈلزارى


مۇھەممەت روزى.......................كۆز لىرىكىلىرى48
مۇھەممەد ئەخمىدى......................ئىككى شېئىر49
ئەنۋەر ئايمۇھەممەد ، جېلىل ھوشۇر ، مۇھەممەت مۇسا ،
يۈسۈپجان سۇلايمان ، نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى ، مۇ-
ھەممەت ، مەخسۇم سادىق......................شېئىرلار 50





بۇ ساندا


2002 - يىل 6 - سان

قوش ئايلىق

ئەدەبىي ژۇرنال

ئومۇمىي 169 - سان

31 - يىل نەشرى


مۇقاۋا 1 - بەتتە :
تەنتەنە
( باۋدى فوتوسى )

مۇقاۋىنى لاھىيىلىگۈچى :
كوللېكتىپ

## شائىر ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا بېغىشلانغان سەھىپە


ئابلەت ئىسمائىل...........( خەۋەر ) ....................
..................شائىر ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن ئىجا-
دىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلدى 58
كېرىمجان ئابدورېھىم.........( ماقالە )......ھاجى ئەھمەد
كۆلتېگىننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا............ 60
ئابدۇللا ياقۇپ ، ئابدۇكېرىم ئەخمەت ، ياسىنجان ئىسمايىل ،
چىمەنگۈل ئاۋۇت................( شېئىرلار ) 66


## يېڭى ئەسىر ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت


يۇسۇف ئىگەمبەردى......( ئەدەبىي سۆھبەت ) ......ئەدەبىيات
بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش 70


## شەبنەم


ئەھمەت دەرۋىش..............( ماقالە ) ....................
..................دېڭىزغا تۇتاشقان سۇزۇك ئېقىن 79


## يۇرتىمىز تارىخىدىن


مۇھەممەتقازى ئەيسا..............( ماقالە ) ..................
........................خەلقپەرۋەر باتۇر - سى-
يىت نوچىنىڭ ھايات - ماماتى توغرىسىدا يېڭى مەلۇماتلار 91


## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن


ئىسمائىل ئېزىز ، غەنىمەت قادىر ، روزى گۈلباي..........
................................( شېئىرلار ) 104
( ئابلىكىم ئابدۇللا تەرجىمىسى ) ......( فېلىيەتون) ...........
...............ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلىدىغانلار تىزىملىكى 108


## تەرمىلەر


بو شىنلياڭ(ئىمىن ئىسھاق تەرجىمىسى) .....(ھېكايە) ........قوي بوغۇزلاش 110
ۋاڭ گوجىننىڭ پەلسەپۋى نەسرلىرىدىن.....( رەھىم يۈسۈپ تەرجىمىسى ) 112


## چەت ئەل ئەدەبىياتى


رەپىق ئىسمائىلوۋ.....( يۇسۇپ ئۆمەرپاۋان تەييارلىغان) ......
..................شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ قۇربانلىرى 116


## خەزىنە


ئابدۇراخمان ھاجى مۆمىن توپلىغان.........(چۆچەك )
..................ئوتتۇنچىنىڭ تېپىشماقلىق ھېكمىتى 122


## ھۆسنخەت باغچىسى


باتۇرجان ئابدۇۋېلى يازغان..................125



تەھرىر ھەيئەتلەر

باش مۇھەررىر
مۇھەممەتتۇرسۇن ئابدۇكېرىم

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
ئوبۇل پەيزى
ئىلھام ئەيسا

مەسئۇل مۇھەررىر
ئۇچقۇنجان ئۆمەر

ھەيئەت ئەزالىرى

ئاۋۇت بارات
ئابلىز ئۆمەر
ۋاھىدجان غوپۇر
ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
ئابلا ئەھمىدى
ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن
تۇرسۇن نىياز
دىلبەر قەييۇم
كېرىمجان ئابدۇرېھىم
روزى گۈلباي
توختى مۇھەممەد
قۇربانجان روزى شەيدائى
ئادالەت ھېبىبۇللا
رەپقەتجان خېلىل
زەيدىنجان ماموت
ساۋۇت تۇرغۇن

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 16 ـ قۇرۇلتىيىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سەھىپە

## پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

قادىر بۇلاق

### قۇرۇلتايغا مەدھىيە

ئۇلۇغ كومپارتىيە بىزنى ئېرىشتۇردى ھالاۋەتكە،
يېتەكلەپ ئەلنى مەنزىلگە ـ نۇرانە قۇت كامالەتكە.

ھاياجان ئىلكىدە پۇتكۇل ۋەكىللەر سۆزگە چىققاندا،
جاھان قوللاپ قۇرۇلتاينى، ئېرىشتۇردى ئىناۋەتكە.

باغلاندى ئېچىشقا بەل كەڭ غەربىي رايونلارنى،
ئىشەندى بارچە مىللەتلەر، يېڭى تەدبىر ـ سىياسەتكە.

كى ھاللىق سەۋىيىگە ئەلنى يەتكۈزمەك نىشان بولدى،
يېمەك ـ ئىچمەك، مەئىشەتتە ئېرىشتى ئەل كاپالەتكە.

چاقىردى غەلىبە ـ نۇسرەتكە « ئاۋامنى باي بولۇڭلار » ـ دەپ،
پۈتۈن دۇنيا بازارىغا كىرىپ چىللاپ رىقابەتكە.

ۋالڭ شۈيىلىڭ كەبى ئەبلەغ ئۆتەلمەس كۆز بوياپ ھەرگىز،
چىرىكلەشكەن خىيانەتچى يېتىپ قالدى جىنايەتكە.

بالاخور، بەدنىيەت ئاچكۆز ئەمەلدارلار كېلىپ چىقسا،
ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ ئالغاي نازارەتكە.

بىلىمىڭ دۇنيادا ئىنسانغا ساغلاملىق ھامان ئەلا،
مۇھىمتىنى ياخشىلاپ تولغاي قىبرى ـ ياش تەڭ پاراسەتكە.

ئەمەلگە ئاشقۇسى جەزمەن ـــ ۋەتەننىڭ بىرلىكى ـ جەملىك،
كۆرەشكە بەلنى چىڭ باغلاپ، تۇرۇپ قارشى خىيانەتكە.

قۇرۇلتاينىڭ ئۇلۇغ غايە، ئۇلۇغ روھى، شوئارىنى،
ئەمەلدە كۆرستىشتە بىز يېڭىلمەيمىز مۇشەققەتكە.

ئىناقلىق ـ ئىتتىپاقلىق بەك مۇھىمدۇر، كۆز قاراغىدەك،
ئىبرىشكەي ئەل ـ ۋەتەن خەلقى گۈزەل تۇرمۇش پاراغەتكە.

تەرەققىي تاپتى، يۈكسەلدى دىيارىم تەڭرىتاغ باغرى،
كۆرۈڭ دوستلار نەزەر تاشلاپ گۈزەل قەشقەر ۋىلايەتكە.

ياشاشنى ئىزدىسەڭ سەنمۇ ئاۋامغا جۆر بولۇپ يۈكسەل،
يۈرەك قەلبىڭنى تولدۇرغىن، بۇلاق، ئاتەش ھارارەتكە.

روزى رازىق

## تەنتەنە

ئىچىلدى بېيجىڭدا ئۇلۇغ قۇرۇلتاي،
چۆمدى ئەل شادلىققا خەۋەرنى ئاڭلاپ.
ئۇلۇغۋار نىشانغا باققان خەلقىمىنىڭ،
خۇشلۇقتىن دىللىرى كەتتى زەپ يايراپ.

خەلقئارا دوستلاردىن كەلدى تەبرىكلەر،
ئالقىشتىن ـ ھۆرمەتتىن كەتتى يۈرت قايناپ.
زوراۋان، تېررورچى، بۆلگۈنچى كۈچلەر،
قان يۇتۇپ قېلىشتى تىلىنى چايناپ.

ئۇرمانلار توختىماي ئويىندى ئۇسسۇل،
كەڭ سەھنە ـ مۇنبەرلەر كەتتى جاراڭلاپ.
دەريالار ئۇن قېتىپ ياڭراتتى ناخشا،
ئەيلىدى شوخ پەرۋاز قۇشلارمۇ سايراپ.

قۇرۇلتاي روھىدىن كۈچ ـ قۇدرەت تېپىپ،
قۇرىمىز تېخىمۇ قۇدرەتلىك جۇڭگو.
ھەر باسقان ئىزلاردىن ئىچىلدۇرىمىز،
تۈزىماس خۇشپۇراق گۈللەرنى مەڭگۈ.

تۇرسۇن ئۆمەر

## قۇرۇلتاي شەنىگە

ياغدۇردۇق قۇرۇلتايغا چەكسىز ئالقىش،
قەشقەرنىڭ قۇچىقىدا قىز ـ ئوغۇللار.
شادلاندۇق شان ـ زەپەردىن ھاياجاندا،
يايرىدى ئىپتىخاردىن چەكسىز دىللار.

ياڭرىدى كۈي ـ ناخشىمىز ئاسمان پەلەك،
دىللاردا يېڭى ئارزۇ، يېڭى تىلەك.
چۆمۈلدى تەنتەنىگە شەھەر ـ سەھرا،
يايرىدى خۇشاللىقتىن ئويناپ يۈرەك.

ئاڭلاپ بىز ھاللىق تۇرمۇش نىشانىنى،
يۈرەكلەر ھاياجاندا تېپچەكلىدى.
توۋلىدۇق ئىتتىپاقلىق ناخشىسىنى،
مىللەتلەر ئىناقلىقتا چېچەكلىدى.

گۈل تىزدۇق قۇرۇلتاينىڭ شەنى ئۈچۈن،
تۆتتۇق بىز سوۋغىلارنى ھەر بىر سەپتە.
قۇرۇلتاي باشلاپ بەرگەن يولنى بويلاپ،
ماڭىمىز ھەممە مىللەت ئاتەبەدكە.

ئەسقەرجان تۇرسۇن

# ياش يۈرەكنىڭ ئىزھارى

(نەسر)

(پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئىلھامى بىلەن)

گۈزەل كائىنات ئالتۇن كۈز مەمۇرچىلىقىغا تولغان سېخىي قوينىدىن دۇر - گۆھەرلەرنى تۆكۈۋاتقان قۇتلۇق دەقىقىلەردە، ھەممە دېگۈدەك ھاياجان ئىلكىدە پۈتۈن دىققىتىنى تېلېۋىزور ئېكرانىغا قاراتتى. شەرقتىكى گىگانت — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە تۈۋرۈك بولۇپ، مەزمۇتلۇقىنى ساقلاۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 16 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك چاقىرىلىشى بىلەن تەڭلا، ئۇلۇغ، توغرا، شەرەپلىك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇتلۇق قەدەم ئىزىدىن ئاپىرىدە بولغان رەڭدار گۈلزارلىقلارنىڭ خۇش ھىدى تەنلەرگە ھۇزۇر بېغىشلاپ، ھاياجاندىن دۈپۈلدەۋاتقان ياش يۈرەكلەردىن ئۇخچۇپ تۇرغان بەخت خىتابلىرى ئالەمگە جۆر بولدى، پارتىيىنىڭ شانلىق نۇرى پېشانىسىنى يورۇتقان بارچە چىرايلاردىن مەمنۇنىيەت جىلۋىلەندى. ھەممە چىرايدا كۈلكە، ھەممە كۆلمەكتە، بۇ — بەختكە، ئىقبالغا توغرا ماياك تىكلىگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئوقۇلغان مەدھىيە، خۇشاللىقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە بەس - بەستە سۇنۇلۇۋاتقان پورەك - پورەك گۈلدەستە، ئەلۋەتتە.

مەنمۇ، مانا مۇشۇنداق قۇتلۇق مىنۇتلاردا، مەمنۇنىيەتلىك چىراي ئىگىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، قەلبىمدىكى ئابىدە — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىم، مەدھىيەمنى ئىزھار قىلماقچىمەن

ھەممە دېگۈدەك زەپەر مارشىنى چېلىۋاتقان، بۈيۈك جۇڭخۇا ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار جۇلالاپ چاقناۋاتقان، يېڭى ئەسىردە چاقىرىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بۇ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» قويغاندەك تولىمۇ خاسىيەتلىك بىر ئىش بولدى. پارتىيە تارىخىغا شانلىق ئابىدە بولۇپ تىكلىنىدىغان، ئۆملۈك رىشتى تىيانشان قارىغايلىرىنىڭ يىلتىزىدەك مەھكەم گىرەلەشكەن ھەر مىللەت خەلقىنى ئىشەنچ بىلەن غەلىبىگە، مۇۋەپپەقىيەتكە يېتەكلەيدىغان بۇ قۇرۇلتايدا، پارتىيىمىزنىڭ 13 يىللىق شانلىق مۇساپىسى ئەسلەپ ئۆتۈلۈپ، ئۆمىدكە، ئىشەنچكە تولغان بۈگۈندىن كېيىنكى 20 يىللىق كۆرەش نىشانى - قولنى - قولغا تۇتۇشۇپ، ھاللىق - پارا-

ۋان جەمئىيەت قۇرۇش ئۇلۇغۋار ئىرادىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قەلبلەرنى سۆيۈندۈرۈپ جانلارغا كۈچ ـ دەرمان ، ھارارەت بەرگەن « ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسى پارتىيە نىزامنامىسىغا كىرگۈزۈلۈپ ، ئۇلۇغۋار ئىشلارنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ نۇرلۇق مايىكى بولۇپ تىكلەندى. سۇلماس جاسارەت ، پۇتمەس ئىشەنچكە تولغان يېڭى بىر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك ئاپپاراتى ۋۇجۇدقا كېلىپ ، خەلق ھىمايىسىنى سايىۋەن قىلغان باشلامچى سەركىلەر غەلىبە ـ زەپەر دەرۋازىسىدىن دادىل قەدەم ئېلىپ ، رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ كونىلار بىلەن يېڭىلارنىڭ ئالمىشىشىدەك تارىخى ئۆزگىرىش ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشتى.

ھەقىقەت ! جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھازىرغىچە بولغان 80 نەچچە يىللىق شانلىق مۇساپىسىدە ، يۈكسەك غايىلىك كوممۇنىستلىرىدىن ئىبارەت جەڭگىۋار قوشۇنى ، باتۇر ، ئەمگەكچان ، ئويۇشقاق ، پاراسەتلىك خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك ئەگەشكۈچىلىرىنى تايانچ قىلىپ ، زۇلمەت ئاسمىنىنى سۈزۈكلەشتۈرۈپ ، ئىقبال نۇرىدىن جۇڭخۇا تۇپرىقىغا ھارارەت بەردى ؛ بۈگۈنكى كۈندە ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئۆملۈك ، بىرلىك ، تەرەققىياتنى يادرو قىلىپ ، قوللىرىدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى پۇلاڭلىتىۋاتقان ، « ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر مىليارد 300 مىليون قەلبى ھارارەتلىك خەلق ئاممىسىنى بەخت بۇلاقلىرىغا بەھۇزۇر چۆمۈلدۈردى ، جۇڭخۇا زېمىنىدىكى ھەر بىر ساھەدىن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ زەپەر سىگنالى چېلىنىپ ، جۇڭخۇا ئېلى تەيشەن تېغىدەك مەزمۇتلۇققا ئىگە بولدى.

دېمەك ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسىتى 80 نەچچە يىللىق كۈرەش ئەمەلىيىتىدە ھەممىنى قايىل ۋە خۇشال قىلدى. ئەنە ، ھەممە ئېغىزدىن تەڭ تۆكۈلۈپ تۇرغان پاساھەتلىك يۈرەك سادالىرى بۇنى ئىسپاتلىماقتا.

شۈنداق ، پارتىيىگە بولغان ئوتلۇق مەدھىيىمىز كۆۋەجەپ ئېقىپ تۇرغان دەريا سۈيىدەك قۇرىماستۇر. تىلىمىز ۋە دىلىمىز ئەبەدىل ـ ئەبەد پارتىيىنى كۈيلەيدۇ. پارتىيىنىڭ ئۆزمەي ياڭرىتىۋاتقان مېلودىيىلىرىمىز ماۋ زېدۇڭ ، دېڭ شياۋپىڭ ، جياڭ زېمىندىن ئىبارەت ئۈچ ئەۋلاد پارتىيە رەھبەرلىك كوللېكتىپى ياندۇرغان مەشئەل كەبى كۆك قەھرىدە نۇرلۇق سەلتەنەتنىڭ يېقىلماس ئابىدىسىنى تىكلەيدۇ.

دۇنيا جۇڭگوغا قايىل !

هاجى مىرزاھىد كېرىمى

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ

(شۇ ناملىق روماندىن پارچە)

يىگىرمە بەشىنچى باب

## بىباھا تۆھپە

1

بەگ يۈسۈپ ئەللىك ياشقا كىردى.

ئۇنىڭ پېشانە، تۆۋەن قاپىقى ئاستىدا بىلىنەر - بىلىنمەس ئىنچىكە سىزىقچىلار پەيدا بولۇپ، قىزغۇچ - ئاق چىرايى تېخىمۇ يېقىملىق تۈس ئالغانتى. چاچلىرىغا ئاندا - مۇندا ئاق كىرگەن بولسىمۇ، قويۇق قېشى، ساقال - بۇرۇتى قۇندۇزدەك قارا ئىدى. ئويچان، ئۆتكۈر نەزەرلىك كۆزلىرى سەل قىسىلغانتى. سۇمبات قامىتى ئادەمنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى...

ئۇ بۈگۈن سۈبھىدەم ۋاقتىدا، ئادىتى بويىچە كىتىبىن بۇرۇنراق ئوردىغا كەلدى. رۇستەم بەگكە ئاتنىڭ تىزگىنىنى بېرىپ، كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتتى - دە، دىۋانخانىگە① كىردى. ۋەزىر - ھاجىپلاردىن تېخى ھېچكىم كەلمىگەنتى. ئىشىك ئاغىسىلا بۇغراخان سارىيىنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى.

بەگ يۈسۈپ ئىشخانىسىغا كىردى. ھاجىبۇل ھۇججابلىق كىمخاپ تونىنى سېلىپ ئىلغۇغا ئاستى. سەللىسىگە قىستۇرۇلغان كۈمۈش ئوتىغاتنى ئېلىپ، شىرەسىنىڭ تارتمىسىغا سېلىۋەتتى. ئاندىن ئىلغۇغا ئېسىغلىق شايە يەكتەكنى كىيدى. شىرە ئۈستىدىكى ھۆججەت، ئەرزنامە، مەلۇماتنامىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، رەتلەپ ئورنىدىن قوپتى. يەنە بىر خانىدىكى ئىشقا چۈشكەن ھاجىپلار بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇغراخان سارىيىغا قاراپ ماڭدى. دىۋانخانىدە بۇغراخاننى كۈتۈپ تۇرۇشقان ۋەزىر - ۋۇزرالار ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ، ھاجىبۇل ھۇججابلىق تونىنى كىيمىگەنلىكىدىن ئەجەپلىنىشتى. ئىشىك ئاغىسى بۇغراخاننىڭ ھەرەمدىن چىقمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئولتۇرماي ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. بىر سائەت ئىچىدە بەش قېتىم چىقىپ يوقلىدى.

«مەن بۇنداق ئالدىراڭغۇ ئەمەستىم، نېمە بولغاندىمەن؟ ئىچىم تىتىلداپلا تۇرىدىغۇ؟ ئەللىك ياشقا كىرىپ قالغىنىمدىمۇ يېزىشقا نىيەت قىلغان كىتابنى تېخىچە يېزىشقا كىرىشىپ كېتەلمىگىنىم ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىۋاتامدىمەن - يا؟ ياكى نەچچە كۈندىن بېرى بۇغراخاندىن ئىجازەت سوراشقا جۈرئەت قىلالمىغىنىم ئۈچۈن دىققەت بولۇۋاتامدىمەن؟ مەندە يۈرەك يوقمۇ؟...» دەپ ئويلىغان بەگ يۈسۈپ يەنە ئارقىسىغا ياندى. «مەن بۇنداق

① دىۋانخانە — ئوردا مەنسەپدارلىرى ئىش بېجىرىدىغان كاتتا ساراي - ئىشخانا



ئىرادىسىز ئادەم ئەمەستىمغۇ؟! نېمىشقا بۇغراخانغا گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتىپ، ئىجازەت سورىيالمايمەن. ئەمدى كېچىكتۈرسەم بولمايدۇ ـ زادى بولمايدۇ. »

ئۇ ھەرەمگە كىرمەكچى بولۇپ ماڭدى. دېۋانخانا ئالدىدىكى چىمەنلىكتە ھەسەن بۇغراخان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە سالام بېجا كەلتۈرۈپ دېدى:

— ئالىيلىرى، ئاتا بۆرە ئېنىدىن ئەڭ بۇرۇن چىقاتتى. ھەجەپ كېچىكىپ قاللىغۇ، ئۇۋلىرىنى تۈلكىنىڭ ئەپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەيدىغان ئوخشىمامىلا؟

— يوقسۇ ـ يوقسۇ ھاجىبۇل ھۇججاپ، ئاتا بۆرە خىزمىتىدە بولۇپ كېچىكىپ قالدىم. سىزدەك شىرى غىرران تۇرغان يەردە، ئۇردامغا تۈلكىنىڭ يوشۇرۇنۇۋېلىشى مۇمكىنمۇ؟

ھەر ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— ئەجەپ بۇگۈن ئەتىگەندىلا مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ قاپسىزغۇ، جايلاردىن كەلگەن مۇھىم مەلۇماتنامە بارمىدى؟ يۇرۇق سارايدا سۆزلىشەيلى، — دېدى ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان. ئۇنىڭ ھاجىبۇل ھۇججاپلىق تونىنى كىيمىگەنلىكىگە بىردىن دىققەت قىلىپ.

بەگ يۈسۈپ سارايغا كىرىپ تەخت ئالدىدا قول باغلاپ تۇردى.

— ئولتۇرۇڭ، بەگە يۈسۈپ.

— ئولتۇرالمايمەن ئالىيلىرى.

— نېمىشقا ئەمدى؟!

— شۇنىڭ ئۇچۇنكى: بۇ ھەقتە ئالىيلىرىغا ئېيتقانىدىم. ئۇزاقتىن بېرى ئادالەت ـ ھەققانىيەت، بەخت ـ سائادەت، ئەقىل ـ پاراسەت، سەبرى ـ قانائەتنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەھمىيىتى، دۆلەتنىڭ قۇدرەت، خەلقنىڭ روناق تېپىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىر بۈيۈك كىتاب يېزىش نىيىتىگە يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇنلا كەلگەنىدىم. ئۆتكەن يىللار مەبەينىدە بۇ ھەقتە كۆپ ئىزدەندىم، ئۆگەندىم، تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم، تارىخنى تەتقىق قىلدىم. يازغان خاتىرە، ئەشئارلىرىم تۆگىگە ئارتقۇدەك بولدى. تەييارلىقىم پۈتتى. ئەمدى يېزىشنى باشلىمىسام پىكرىم چېچىلىپ ئەقىل سارايىمدىن غايىپ بولىدۇ. يىللاردىن بېرى ئايانماي قىلغان ئەجرىم زايا بولۇپ كېتىدۇ. ئۆمۈر مۇساپەممۇ ئاياغلىشىدۇ. دېمەك، ئارماندا ئۇ دۇنياغا كېتىپ قېلىشىمدىن ئەندىشە قىلىپ ئىززىز دەرگاھلىرىغا بىۋاقىت قەدەم قويۇشقا جۈرئەت قىلدىم. ئىجازەت بەرگەيلا؟

ئەبۇئەلى ھەسەن ئارسلانخان سەگەكلەشتى.

— ئورنىڭىزدا كىم ۋەزىپە ئادا قىلىدۇ ھاجىبۇل ھۇججاپ؟

— ئالىيلىرى بۇنىڭدىن غەم يېمىگەيلا. يۇغرۇش، ھاجىپ بولۇپ دۆلەت خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان پىركامىللار ئوردىدا ئاز ئەمەس. لېكىن، پادىشاھقىمۇ، رەئىيەتكىمۇ قوللانما، دەستۇر بولىدىغان بىر كىتاب يېزىپ قالدۇرۇش، تەڭرى نېسىپ قىلغان زاتلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. ئەمدى پېقىرغا بىر مەزگىل ئىجازەت بەرسۇنلار. ئۇشبۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشەي. تاقىتىم چېكىگە يەتكەندەك قىلىدۇ.

ئەبۇئەلى ھەسەن ئارسلانخان تەختىدىن چۈشتى.

— چۈشەندىم بەگ يۈسۈپ، ھاجىبۇل ھۇججاپلىق تونىنىڭ ئۇچىڭىزدا يوقلۇقىنى كۆرۈپلا كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشكەنىدى. ئاللاھنىڭ بۇ تەقدىرىگە مەن قانداقمۇ قارشى تەدبىر قوللىنالايمەن؟ ھاجىبۇل ھۇججاپ بولۇشقا لاياقەتلىك ئەربابنى ھەممىدىن سىز

ياخشى بىلىسىز، ئۇنى ئورنىڭىزدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئاندىن مەن بىلەن خوشلىشىڭ، — دېدى ئۇ ئالدىغا كېلىپ.

بەگ يۈسۈپ ئۇنىڭ بىرئاز كۈتۈپ تۇرۇشىنى ئۆتۈنۈپ چىقىپ كەتتى. ئەبۇئەلى ھەسەن ئارسلانخان تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. «بەگ يۈسۈپ پەزىلەتلىك، خىسلەتلىك، تېپىلغۇسىز زات، ئۇنىڭ خىلى يوق. ئۇ قاراخانىلار ئەھلى ئۈچۈنلا ئەمەس، جاھان ئەھلى ئۈچۈن بىر دەستۇر يازماقچى ئوخشايدۇ. ئەجازەت بەرمىسەم تەڭرى ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن ...»

ئۇنىڭ خىيال يىپى ئۈزۈلمەيلا بەگ يۈسۈپ كىرىپ كەلدى.

— ئالىيلىرى، ھاجىبۇل ھۇججاپ ئېزىز دەرگاھلىرىغا خىزمەتكە كەلدى، — دېدى ئۇ يېنىدىكى ئوتتۇرا بويلۇق، ئوتتۇرا ياش تەمبەل كىشىنى كۆرسىتىپ، — ئۆزلىرىمۇ تونۇيلا. ئون يىلدىن بېرى يېنىمدا ئىشلەپ كېلىۋاتقان ئىستېداتلىق ھاجىب بايتاش ئوبول ئەئلا بارچۇقى. ساھىب قەلەم، قۇتلۇق قەدەم.

— شاھەنشاھ بۇغراخان ئالىيلىرى، خىزمەتلىرىدە بولۇشنى ھاياتىمدىنمۇ ئەۋزەل بىلىمەن، — قوللىرىنى كۆكسىگە ئالغان بارچۇقى ئېگىلىپ تازىم قىلدى.

ھاجىبۇل ھۇججاپلىق تونىنى كىيگەن، كۈمۈش ئوتىغاتنى سەللىسىگە قادىغان بۇ ھاجىپنى ئەبۇئەلى ھەسەن ئارسلانخان ياقتۇرۇپ قالدى. شۇ زاماتلا يارلىق چۈشۈرۈپ، بەگ يۈسۈپ ئورنىغا ئۇلۇغ ھاجىپ قىلىپ بەلگىلىدى.

— مەن سىزنى ئۈزىتىپ قوياي، — دېدى ئۇ تەختىدىن چۈشۈپ.

— پېقىر يىراققا كېتىۋاتىمەن ئالىيلىرى، كېلىپ تۇرىمەن، ئۈزاتمىسىلىرىمۇ بولىدۇ، — بەگ يۈسۈپ شۇ يەردىلا خوشلاشماقچى بولدى.

— ياق دوستۇم، بىر كىتاب يېزىش — دۇنيانى پىيادە بىر ئايلىنىپ چىققان بىلەن باراۋەر. مەنزىلىڭىز ناھايىتى ئۇزۇن. ئۈزىتىپ قويمىسام كۆڭلۈم مالال بولىدۇ، — ئەبۇئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئوردا ئالدىغا چىقىپ خوشلاشتى.

— خۇداغا ئامانەت ئۇستاز، دوستۇم، بىزنى تاشلىۋەتمەي كېلىپ تۇرغايسىز.

بەگ يۈسۈپ بۇراخانىنىڭ «ئۇستاز، دوستۇم» دېگىنىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. دېمىسىمۇ، ئالىم بىلەن بۇ پادىشاھنىڭ ئۇستاز، دوست بولۇشۇپ ئۆتۈۋاتقىنىغا كۆپ يىللار بولغانىدى.

— خۇدا بۇيرىسا پات ـ پات كېلىپ تۇرىمەن شاھىم، خوش، ئامان بولسىلا.

بەگ يۈسۈپ ئۆيىگە كېلىپ غۇسلى قىلدى. ئىككى رەكەت شۈكرى نامازنى ئوقۇپ، دىلداربىكە سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويغان كىتابخانىسىغا كىردى. مۈشكى ئەنبەرنىڭ پۇرىقى ئۇنىڭ تۇيغۇلىرىنى غىدىقلىدى. ئۆي ئىنچى شۇنچە يورۇق، ئازادە ئىدى. تۆت تېمىغا چىقىرىلغان كۆركەم ئويۇقلارغا تىزىلغان كىتابلاردىن ئادەمنىڭ كۆز ئۈزگىسى كەلمەيتتى. پەقەت تۆڭلۈكىدىن قۇياش ماراپ تۇرغان ۋاساجۇپ تورۇستىنلا كىتاب يوق ئىدى.

ئۇ، گۈلدار يوپۇق يېپىلغان شىرە ئۈستىگە رەتمۇرەت تىزىپ قويۇلغان دۆۋە ـ دۆۋە قولىيازمىلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ ھاياجانلاندى.

— بوگۇ بىلىگە ئەدىپ ھەزرەتلىرى كىتابخانىلىرىدىن مەزۇر بولدىلىمۇ؟ — دېدى پەتنۇستا چاي، پىيالە كۆتۈرۈپ كىرگەن دىلداربىكە ھەزىل قىلىپ.

— مەزۇر بولمامدىغان، كۆڭۈلدىكىدەك

سەرەمجانلاشتۇرۇپلا، بولۇپمۇ يېزىق شىرەسىنى دېرىزە ئالدىغا قويۇپ ياخشى قىلىپلا. ئەمدى باھار، ياز بويى رەڭگا-رەڭ گۈللەرنىڭ خۇشبۇيىدىن مەس بولغان ھالدا قەلەم تەۋرىتىدىغان بولدۇم. تۇمۇچۇق، تورغاينىڭ شايراشلىرىغا قۇلاق سېلىپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولدۇم. ئاھ، بېكەم، سىلى نېمە دېگەن ئەقىللىق، نېمە دېگەن ئوبدان!

—سىلىگە ھېچكىم دەخلى قىلمايدۇ، دادىسى. پەقىرە ھەرقاچان خىزمەتلىرىگە تەييار، — دىلدارىبېكە نازاكەت بىلەن بېشىنى ئەگدى.

—رەھمەت ئەردەنى خاتىن ① بۇ ئۆيگە كىرىپ گويا جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك بولدۇم. پىكىرىمنىڭ بوغۇچلانغان قاناتلىرى شىشىلىپ، پەرۋاز قىلىش ئالدىدا تۇرغان چاغرىغا ئوخشاپ قالدىم، — ئۇ دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان گۈزەل كۆكلەم مەنزىرىسىگە ئىما قىلىپ بۇ ئەشئارنى ئوقۇدى

ئېسىپ كەلدى شەرقتىن باھارنىڭ يېلى،
بېزەشكە جاھان ئاچتى جەننەت يولى.
قوڭغۇر يەر ئىپار تولدى كافۇر ② كېتىپ،
بېزەنمەك تىلەر دۇنيا كۆركەم ئېتىپ.
جاپا قىشنى قوغلاپ، يازغى ئىسسىن ③،
پارلاق ياز يەنە قۇردى دەۋلەت ياسىن.
قۇياش ياندى بولغاي يەنە ئورنىغا،
بېلىق قۇيرۇقىدىن قوزى بۇرنىغا ④
قۇرۇغان ياغاچلار كىيىندى يېشىل،
بېزەندى يېپۇن ⑤ ھال، سېرىق، كۆك، قىزىل ⑥
قوڭغۇر يەر يېپىندى يېشىل تور قىنى،
تاۋلىغاچ رەختى يايدى قىتان كارۋىنى.

① ئەردەنى خاتىن—گۆھەردەك خېنىم. (ئېسىلزادە)
② كافۇر—ئاق، خۇشبۇراق دورا ئۆسۈملۈك
③ ئىسسىن—شامال.
④ بۇ مىسرا بىلەن 12 موچەلنىڭ ئىككىسى—باھار، قىشنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرغىنىنى سۈرەتلىگەن.
⑤ يېپۇن—توق قىزىل.
⑥ «قۇتادغۇ بىلىك» —52-بەت، 63-، 64-، 65-، 66-، 67-بېيىت.
⑦ «قۇتادغۇ بىلىك» 52-بەت.

دالا، تاغ، قىر، ئويمان توشەندى يېپىپ،
بېزەندى ۋادىلار، يېشىل، ھال كىيىپ.

تۇمەن رەڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۈلۈپ،
ئىپار، كافۇر ھىدىغا دۇنيا تولۇپ. ⑦

مەن مانا بۇ دېرىزىدىن ئالەمنىڭ گۈزەللىكىگە مەھلىيا بولۇپ، ئىلھامغا چۆمۈلمەن ئانىسى. سىلى بولمىسىلا قانداق قىلاتتىمكىن؟ —بەگ يۈسۈپ مىننەتدارلىق نەزەرى بىلەن مەھبۇبىنىڭ ئاي يۈزىنى سىلىدى.

—مەن بولمىسام يەنە بىر خاتىن خىزمەتلىرىدە بولاتتى، — مەيۈسلىنىپ قالغان دىلدارىبېكە چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

بەگ يۈسۈپ، مەھبۇبىنىڭ بىر ئىشتىن كۆڭلى چىگىلگەنلىكىنى سېزىپ دېدى:

—بېكەم، كۆڭۈللىرىگە كېلىدىغان بىر ئىش بولدىمۇ؟ مەيۈسلىنىپ قاپلا.

—بېگىم، سىلىنىڭ بىز خاتىنلارغا بولغان قاراشلىرى باشقىچىدەك تۇرىدۇ. ئالدىنىپ كېلىۋاتامدىمەنكىن دەپ روھسىزلىنىپ قالغىنىم يالغان ئەمەس، — دېدى ئۇ.

—مەن چۈشىنەلمىدىمغۇ ئانىسى، خاتىنلارغا بولغان قارىشىمنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىلە؟

دىلدارىبېكە تاۋار جىلىتكىسىنىڭ يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئالدى.

—ئاڭلىسىلا بېگىم. بۇ ئۆز قوللىرى بىلەن يازغان بېيىت، — ئۇ ھەسرەتلىك ئاۋاز بىلەن ئوقۇدى

ئىشىكتىن، نېمە دەر سىناغان كىشى،
سىناغان كىشىنىڭ پىششىقتۇر ئىشى.

خوتۇن ئالساڭ-ئالغىن، تۆۋەن، توغرىنى،
سۆيۈنچ بىرلە ئۆتكەي ھاياتىڭ كۈنى.

چىرايلىقنى دېمە، خۇلقى ئۆزىنى دە،
كى خۇلقى ياخشى بولسا يورۇتقاي سېنى.

خوتۇن ئالما، ئالساڭ ئۆز تېگىڭنى ئال،
ئى، ئەرلەر ئەرى سەن تەقۋادارنى ئال.

گۈزەل خوينى ئىستە، ئاختارما جامال،
خويى ياخشى بولسا، تاپار ئۇ كامال.

گۈزەللىك قىدىرغان ئاياسەن ئىنسان،
ئۇنى قوي، يۈزۈڭنى قىلما زەپىران. ①

دىلدارىبكە ئوقۇپ بولۇپ، بەگ يۈسۈپكە بەردى:

— بېگىم يەنە بىر قولىيازمىلىرىدا «خاتىن قاياقتا قارىسا، كۆڭلى – شۇياقتا ئاغدۇ» دەپ يېزىقلىق ئىكەن. بۇنىڭدىن چۈشىنىشكە بولىدۇكى، سىلىنىڭ نەزەرلىرىدە گۈزەل خاتىنلەر ۋاپاسىز، بۇزۇقمۇ؟ ئەرلەر ئۆزىدىن تۆۋەن خاتىنلارنىلا ئېلىشى كېرەكمۇ؟ خاتىنلار كۆزى چۈشكەنلىكى ئەرگە كۆڭۈل بېرىدىغان شۇنچە شەھۋەتخورمۇ؟ مېنى نېمە دەپ ئالغان؟ جاۋاپ بېرىپ باقسىلا.

بەگ يۈسۈپ، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان خاتۇنىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ دېدى:

— قولىيازمىلارنى رەتلەۋېتىپ كۆزلىرى چۈشۈپ قاپتۇ – دە. راست، ئۇ بېيىتلارنى مەن يازغان. تازا چۈشەنمىگەندەك قىلىلا. ئۇيلىنىش ئالدىدا تورغان ئەرلەرگە قىلىنغان نەسىھەت. ئۇ ھەرگىز خاتىنلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش، ياكى ئۇلارنى كەم سۇندۇرۇش، سۆكۈش ئۈچۈن يېزىلغان ئەمەس. ئەرلەر ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان قىز – خاتىنلارغا ئۆيلىنىشى، مال – مۈلكىنى، يۇقىرى نەسەپلىك ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتماسلىقى لازىممۇ لازىم ئەمەسمۇ؟

— لازىم ئەلۋەتتە، — ئاستا جاۋاب بەردى دىلدارىبكە.

— بۇ بېيىتلاردىكى مەنا شۇغۇ. توختىسىلا، گۈزەل خاتىن – قىزلارنى قوغلاشماسلىقنى تەۋسىيە قىلىشىدىكى سەۋەب ساھىپ جامال لېۋەنلەرنى — ۋاپاسىز، بۇزۇق دېگىنىم ئەمەس، ياق – ياق ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى چىرايلىق بولمىغان سان – ساناقسىز قىز – خاتىنلارغا ئەرلەرنى مايىل قىلىش ئۈچۈندۇر. ساھىپ جامالارغا، قانداق بولمىسۇن ئەر چىقماي قالمايدۇ. ئەمما، كۆڭلى ياخشى، تېنى پاك، كۆرۈمسىز ئاياللارنى بولسا — ئالاي دەيدىغان ئەر ئاز بولىدۇ. شۇڭا ئۇ بېيىتلاردا ھەممە ئەر زاتىنىڭ كۆزى چۈشىدىغان گۈزەللەرنى قوغلاشماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىنغان. بۇ خاتامۇ ئانىسى؟

— ئۇ بېيىتلارنىڭ مەنىسىگە يېتەلمەيتىمەن دادىسى، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا. بىراق، «خاتىن – قىزلار قاياقتا قارىسا، كۆڭلى شۇياقتا ئاغدۇ» دەپ يازغانلىرىچۇ؟ بۇ خاتىن – قىزلار ۋاپاسىز دېگەنلىرى ئەمەسمۇ ئانىسى؟

— ئەسلا! بۇ بېيىتنىڭ مەناسى كەڭ ھەم چوڭقۇر ئانىسى، تەڭرىم ئۆمرۈمدە ماڭا ئىككى خاتىن نېسىپ قىلدى. ھەر ئىككىلىسىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، قىز پېتى ئالغىنىم ئۆزلىرىگە مەلۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىلىسى ناھايىتى ساھىپجامال، ۋاپادار، مەسۇم پاك ئىدى. بىرى پېقىرنى ئارماندا قويۇپ توگەپ كەتتى. بىرى بولسا ۋاپادارلىقى، كۆيۈمى بىلەن پېقىرنى شەيدا قىلىپ ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىمنى قايتا يالقۇنجاتتى. شۇنداق تورۇپ ساھىپجامال خاتىن – قىزلارنى ۋاپاسىز دېسەم، تەڭرى ئالدىدا قارايۈز بولمامدىمەن ئانىسى؟ راست ئۇردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىرقانچە گۈزەل نازىنىن خاتىن – قىزلار مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئۇتۇپ، مۇھەببىتىمگە ئېرىشمەكچى بولغانتى، ئۇلارنىڭ ناز – كەرەشمىسىگە ئالدىنىپ، سومبۇل چاچلىرىغا باغلىنىپ قېلىشتىن ھەرقاچان ھەزەر ئەيلەپ

① «قۇتادغۇ بىلىك» 929 – 930 – بەت

كەلدىم. خۇلاسە كالام، خاتىن ـ قىزلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، ئەرلەرنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىش ئۈچۈن ئۇ بېيىتلارنى ئاشۇ مەزمۇندا يازغان، ئارتۇق كېتىپتىمۇ ئانىسى؟

دىلداربېكنىڭ مالال چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

ــــ يوقسۇ، ئۆزە چۈشىنىپ قاپتىمەن، ئۆزۈمگە ئېلىپ كېتىپتىمەن، كەچۈرسۇنلار. بىمەنە گەپلەرنى قىلىپ ۋاقتىلىرىنى ئالدىم، ــــ ئۇ پىيالىغا چاي قۇيۇپ بەگ يۈسۈپكە تۇتتى.

ــــ ئۇنداق ئەمەس ئانىسى. شېئىر دېگەن كۆڭۈلنىڭ تىلى ــــ ئوتلۇق تىل، نازۇك تىل، ئەۋرىشىم تىل. سىلى ماڭا ساۋاق بەردىلە. مەنانى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلەشكە، سۆيگۈ ھېسسىياتىمغا سادىق بولۇشقا قەسەمياد قىلىمەن، ــــ بەگ يۈسۈپ مۇشۇنىڭ بىلەن پىيالىنى ئۈچىنچى قېتىم بوشاتتى.

بەگ يۈسۈپ شۇ كۈندىن باشلاپ ماڭمايدىغان، توختىمايدىغان ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندى. كىتابىنىڭ مۇبارەك نامى توغرىسىدا باش قاتۇرۇش ــــ ئۇ باسقان تۇنجى قەدەم بولدى. «تەگرىم، ئۆزۈڭ دىلىمغا سېلىپ يازغان بۇ كىتابىم، ھەرقاچان، ھەر زامان مىللەت ـ قەۋمىمنى بالايىقازادىن ساقلايدىغان، قوغدايدىغان بىر ھاياتنامە بولسۇنكى، ئوقۇغانلا ئادەم ئۇنىڭدىن بەھرى ئالسۇن، ئازغان بولسا يول تاپسۇن، خاتالاشقان بولسا توغرىغا يۈزلەنسۇن، نادان بولسا ئەقىل تاپسۇن، يامان بولسا ساۋاق ئالسۇن، زالىم بولسا باغرى يۇمشىسۇن، ئالىم بولسا ھەققە كۆز يۇممىسۇن، پادىشاھ بولسا ئادالەتتىن چەتنىمىسۇن، ۋەزىر بولسا ساداقەتنى قولدىن بەرمىسۇن، باي بولسا سېخىلىق قىلىپ قەدىرلەنسۇن، كەمبەغەل بولسا غۇرۇرى بىلەن ئەزىزلەنسۇن...» ــــ دېگەن نىيەتكە كېلىپ قەلەمنى تۇتقىنىچە ئۈچ كۈن ئويلاندى. بۇ ئۈچ كۈن ئۇنىڭغا ئۈچ مىنۇتچىلىكمۇ بىلىنمىدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆكىدە ئارزۇ چولپىنى چاقنىدى. كۆز ئالدىدا ئۈمىد مەشئىلى ياندى. دىلى، ئەتراپى ياز پەسلىنىڭ چۈش مەزگىلىدىكىدەك يورۇپ، يىللاردىن بېرى، ئوي ـ پىكىرلىرى يېزىلىپ كېلىۋاتقان دەستە ـ دەستە يازمىلارنى كۆزدىن كەچۈردى. شۇنداق قەتئىيەت ۋە ئىخلاس بىلەن مۇتالىئە قىلدىكى، قانچە ـ قانچە كۈن ـ ھەپتىلەرنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى. ئاندىن بۇ يازمىلارنى كۆڭۈل خاتىرىسىگە سېلىشتۇردى. كۆڭلى پاللىدە يورۇپ، ئەقىل سارىيىنىڭ ئىككىنچى ئىشىكى ئېچىلدى... پادىشاھلارنىڭ قانداق پەزىلەت ـ خىسلەتكە، ۋەزىر ھاجىپلارنىڭ قانچىلىك بىلىم، ئىقتىدارغا، سۇباشى سانغۇنلارنىڭ قانچىلىك جاسارەت ـ غەيرەتكە ئىگە بولۇشى توغرىسىدا ئويلاپ، پىكىر يۈرگۈزدى. ئادالەتكە، ھەققانىيەتكە خىلاپلىق قىلىشنىڭ، دۆلەتكە، خەلققە كەلتۈرگەن زىيان ـ زەخمىتىنى ــــ يىللاردىن بېرىكى خانلىق ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلدى. دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى بولغان ئالىم، ھۆكۈما، ئەدىب، شائىر، سودىگەر، دېھقان، چارۋىچىلار، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار بىلەن پادىشاھنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلدى. ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن ئەلنى سورىغاندا، خەلقنىڭ ھىمايە، ھۆرمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى، زورلۇق ـ زۇلۇم بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا قارشىلىققا ئۇچرايدىغانلىقى توغرۇلۇق پىكىرلىرىنى قەتئىيلەشتۈردى. ئادالەت بولمىسا سائادەت بولمايدىغانلىقىنى، قانائەت بولمىسا، خىيانەت، ئاسىيلىق يۈز بېرىدىغانلىقىنى تارىخىي ساۋاقلاردىن ئىزدەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. مەرتلىك، سېخىلىق، كەڭ قورساقلىقنىڭ ــــ مۇشكۈللۈك قۇلۇپىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ

ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، سەممىمىي ساداقەت - راسچىللىقنىڭ سائادەت مەنزىلىگە ئېلىپ بارىدىغان نۇرلۇق يول ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ باغلىغاندا، ئەقىل سارىيىنىڭ ئۇچىنچى ئىشىكى ئېچىلدى ۋە كىتابقا «قۇتادغۇ بىلىك» ① دەپ نام قويۇپ، خۇشخەت بىلەن يازدى.

«ھەممىگە قادىر بولغان تەڭرىم خالىسا، مەن بۇ كىتابىمنى پاساھەت خەزىنىسىدىن ناھايىتى گۈزەل، مەزمۇنلۇق سۆز دۇردانىلىرىنى تاللاپ، ئەستە قالدۇرۇش ئاسان، ئوقۇشقا ئوڭاي بولغان ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ نەپىس بايان شەكلى بولغان ئۆلچەملىك شېئىرىي شەكىل بىلەن يېزىپ چىقىپ، بۇغراقاراخانغا سوۋغا قىلىمەن» دەپ ئەھد قىلدى. ئەمدى ھېچقانداق كۈچ بۇ كېچىكتىن ئۇنى چىقىرالمايتتى. كۆكلەمنىڭ قىرغاق چىقىپ دولقۇنلىنىپ كەلگەن ئەگىز سۇيىدەك جۇش ئۇرغان پىكىرلەر، مەئنالار سارىيىغا كىرىش ئىشىكىگە شۇنداق نەقىشلەندى.

ئايىغوچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

### بىرىنچى باب

ھەممىدىن ئەزىز ۋە ئۇلۇغ بولغان تەڭرىنىڭ مەدھىيىسى بايانىدا:

خۇدا ئاتى بىرلە سۆزۈم باشلىدىم،
تۆرەلتكەن، ئۆستۈرگەن، كۆچۈرگەن ئىزىم ②

........................
ئۇ خالاپ ياراتتى، يارالدى پۈتۈن
ئۇ بىرلا دېدى «بول»، بار بولدى پۈتۈن ③

........................
ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق ۋە ياكى تېڭى، ④
ئىچۈكلىكىگە يەتمەس خالايىق ئېڭى.

........................
ساڭىلا سېغىندىم، ئۇمىدىم ساڭا،
قىيىنلىق يېرىمدە مەدەت قىل ماڭا ⑤

........................
ئۇ ياراتقۇچى ۋە پاناھى بولغان خۇدانى ئۇلۇغلاپ ئاڭا سېغىنغاندىن كېيىن، ئىككىنچى، ئۈچىنچى بابىدا خۇدانىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋام ئەتكۈچى تۆت دوستىنى مەدھىيىلەپ، ئاندىن بۇ مۇبارەك كىتابنىڭ تۆتىنچى بابىدا باھار پەسلى ۋە بۇغراخاننى تەرىپلەپ، تىلەك ۋە ئارزۇ قۇشلىرىنى قەپەستىن چىقاردى:

........................
جاھان تىنىدى چىققاچ خاقان تەختىگە،
جاھان سۇندى سوۋغات خاقان بەختىگە.

پازادىن كېلۈچى ساما قۇشلىرى،
بىرى رايى ھىنىدى ⑥ بىرى قەيسەرى. ⑦

ئېتىن ئاتىشىپ، بەسلىشىپ سايرىشۇر،
سۆيۈنۈش، خۇشاللىق ئارا يايرىشۇر.

گۈزەل مەنزىرە، يەردە گۈل خىلمۇ - خىل،
دالا، تاغ، ئېدىر، قىر يۈزى كۆك - يېشىل ⑧

........................
بىرى شەرقتىن تۇتار مىڭ ئارمىغان، ⑨
بىرى غەربتىن تىكەر خىزمىتىگە جان.

........................
شۇ ياڭلىغ خىزمەتكە تەييار دۇر جاھان،
بويۇن ئەگدى دۈشمەن يوقالدى شۇئان.

① «قۇتادغۇ بىلىك» (قەدىمىي ئۇيغۇر تىلى) — «بەخت - سائادەت كەلتۈرگۈچى بىلىم» ياكى «ئەسقاتىدىغان بىلىم» دېگەن بولىدۇ.
② ئىزىم — ئىگە — تەڭرىم مەنىسىدە. بۇ بىرىنچى بېيىت بولۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەزمى يەشمىسى (37 - بەت)
③ بۇ 4 - بېيىت ④ بۇ 16 - بېيىت (39 - بەت)
⑤ بۇ 29 - بېيىت (43 - بەت)
⑥⑦ قۇشلارنىڭ ناملىرى.
⑧ بۇ تۆت بېيىت «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ 57 -، 58 - بەتلىرىدىكى 93 -، 94 -، 95 -، 96 - بېيىتلار.
⑨ ئارمىغان — ھەدىيە قىلغان، سوۋغات قىلغان مەنىسىدە

يېيىلدى جاھانغا خاقان داڭقىسى،
قېچىپ كۆرمىگەن كۆزلەرنىڭ ئۇيقۇسى.

تۈزەلدى قانۇن ھەم تېنچلاندى جاھان،
قازاندى نام ئۇستۇن قانۇن بىرلە خان.

..............................

ئەي خۇيى گۈزەل، پاك نەسەب، پاك يورۇق،
جاھان قالمىسۇن سەندىن ھەرگىز قۇرۇق ①

بەگ يۈسۈپنىڭ تۇيغۇ ـ ھېسسىياتى گويا دېڭىزدەك مەۋج ئۇرۇپ، كىتابنىڭ بەشىنچى، ئالتىنچى، يەتتىنچى بابلىرىنىمۇ يېزىپ تۈگەتتى. قانچە كۈن، ئاي ئۆتكەنلىكىنى ئۇ قانداقمۇ ھېسابلاپ ئولتۇرسۇن؟

سەككىزىنچى بابدا مۇئەللىپ ئۆزرە قويۇپ كېلىپ، بىلىم ۋە بىلىم ئەھلىنىڭ قۇدرەت، كامالىغا يۈكسەك باھا بەردى:

پۈتۈن ياخشىلىقلار ئىلىم نەپئى ئول،
بىلىم بىرلە تاپتى مىسال كۆككە يول.

بىلىم بىرلە سۆزلە پۈتۈن سۆزنى سەن،
بۇيۇك بىل بىلىمنى بىلەن ئەرنى سەن②

ئۇ، ھەر سۆز، ھەر قۇرغا بىلىمدىن مەنا بېرىپ توققۇزىنچى بابنىمۇ ئاخىرىغا يەتكۈزدى.

ئۇن بىرىنچى بابدا، كىتابنىڭ نامى، مەزمۇنى، يېزىشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئاسى، بارا ـ بارا سۆزلۈپ ئېچىلغان يۇلتۇزلۇق ئاسماندەك روشەنلەشتى:

كىتاب نامى قويدۇم قۇتادغۇ بىلىك،
قۇتاتسۇن ئوقۇغۇچىغا تۇتسۇن ئىلىك. ③

سۆزۈم سۆزلىدىم مەن پۈتىدىم بىتىك،
سونۇپ ئىككى دۇنيانى تۇتسۇن ئىلىگ.

كىشى تۇتسا بەخت، بىرلە ئىككى جاھان،
بەختلىك بولۇر، بۇ سۆزۈم چىن ھامان.

بۇ كۈن تۇغدى ئىلىگنى قىلدىم سۆز بېشى،
ئىزاھلاپ بۇنى ھەم ئەي ياخشى كىشى.

ئۇنىڭ كەينىدىن ئېيتتىم ئاي تولدىنى،
يورۇيدۇ ئۇنىڭدىن سائادەت كۈنى.

بۇ كۈن تۇغدى توپ ـ توغرا قانۇن ئۆزى،
بۇ ئاي تولدى بەخت ھەم سائادەت ئۆزى.

كېيىن ئېيتتىم ئەمدى ئۆگدۈلمىشىن،
ئەقىلنىڭ ئېتى ئۇ، زورايتۇر ئىشىن.

كېيىن ئېيتتىم ئودغۇرمىش ئۆزرە سۆزۈم،
ئۇنى ئاتىدىم «ئاقىۋەت» دەپ ئۆزۈم. ④

سۆزۈم ئۇشبۇ تۆت نەرسە ئۇستىدەدۇر،
ئوقۇساڭ دىققەتلە مەنا ئاچىلۇر.

خۇشاللىقتا يۈرگەن ئەي ياخشى يىگىت،
سۆزۈمنى زايا قىلما ئۇبدان ئىشىت.

تىرىش توغرا يولدىن ئاداشما ھامان،
يىگىتلىك كەتمىسۇن بىكار، پايدىلان! ⑤

..............

بەگ يۈسۈپ قەلەمنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. قوللىرىنى ئۇياق ـ بۇياققا ئۇزۇتۇپ، بېلىنى تۈزلىدى. تىنىمسىز ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن ئەللىك باھار ـ كۈزنى، يازۇ ـ قىشنى ئۆتكۈزگەن سۇمبات قامىتى ئېگىلىپ، بەل ـ پۇتلىرىدا ئاغرىق پەيدا بولغانىدى. ئۇ، بۇ ھالىنى تۆۋەندىكى مىسرالاردا سۈرەتلىدى:

يىگىتلىكتە تاتلىق ئىدى ھەر ئىشىم،
ئوغا قىلدى ئەمدى مېنىڭ يەر ئېشىم.

① 99 ـ بېيىت، 101 ـ بېيىت، 102 ـ بېيىت، 103 ـ بېيىت، 108 ـ بېيىتلار («قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ 59 ـ ۋە 61 ـ بەتلىرىدە)
② «قۇتادغۇ بىلىك» 83 ـ بەت، 208 ـ، 209 ـ بېيىت.
③ «قۇتادغۇ بىلىك» 113 ـ بەت.
④ «قۇتادغۇ بىلىك» 113 ـ، 114 ـ بەت.
⑤ «قۇتادغۇ بىلىك» 114 ـ بەت.

بويۇم ئىدى ئوقتەك، كۆڭۈل ئىدى يا،
كۆڭۈلنى قىلغىچە ئوق، بويۇم بولدى يا. ①

..............................

جۇرئەت بولمىسا ئىنسان ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. بەگ يۈسۈپ يىگىنە بىلەن قۇدۇق كولاشقا جۇرئەت قىلدى. ئۇنىڭ ئىرادە قىلىچى ئالدىنى توسقان يالماۋۇزنى قىيما - چىيما قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ غەيرىتى يولىدا پۈتلىكاشاڭ بولغان قورام تاشلارنى كۆكۈم تالقان قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ پاراسىتى زۇلمەتنى يورۇتتى. كولا - كولا ئاخىر يەتتە قات يەر ئاستىدىكى بىپايان دېڭىزغا يەتتى. مۇبارەك قۇدۇق ئاستىدىن سۈپسۈزۈك پاكىز سۇ كۆرۈندى! ئۇنىڭ مىننەتسىز قىلغان ئەجرى زايا كەتمىدى. ئۈستىنى بېسىپ تۇرغان قارلىق تاغمۇ ئۆرۈلۈپ، يېنىك تىن ئالدى.

بەگ يۈسۈپنىڭ نەزەرى ئاخىرقى بەتلەرگە قۇرلانغان مىسرالارغا قايتا تىكىلدى.

يىل ئاتمىش ئىككى ئەردى تۆت يۈز بىلەن، ②
بۇ سۆز سۆزلىدىمەن تۈتۈپ جان سۈرە. ③

تولۇق ئون سەككىز ئايدا تۈگەتتىم بۇ سۆز،
يىغىپ سۆز تاللىدىم ھەم تىزدىم تىرە.

ئېچىلغان چېچەكتەك ئىپار ھىد پۇرار،
تىزىپ سۈندۇم بۇنى تاماملاپ «پۇرا. ④

نىچە سۆزلىسە كىم تۈگەرمىدى سۆز،
ئاقار تۇختىماستىن بۇلاقلار ئارا. ⑤

..............................

قۇدۇق قېزىلىپ بولدى. «قۇتادغۇ بىلىك» يېزىلىپ تاماملاندى. يەر بىلەن ئاسمان ئۆپۈق سىزىقىدا تۇتۇشۇپ كەتكىنىدەك، بۇ خىسلەتلىك داستاندىكى مەزمۇن ئالەمنىڭ ھەممە تامانىغا، ھاياتنىڭ پۈتۈن خۇشاللىق قايغۇ - ھەسرەتلىرىگە تۇتۇشۇپ كەتكەنتى.

ئۇ دېرىزىنى ئېچىۋەتتى. بۇلۇتلار يەلكەندەك ئۈزۈپ يۈرگەن پايانسىز ئاسمانغا باقتى: «ئى تەڭرىم، ساڭا رەھمەت، ئىشەنچىمنى يەردە قويمىدىڭ. ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىڭ. توغرى يىگىر - بايانلارنى كۆڭلۈمگە سىڭىپ، تەسەۋۋۇرۇمنى قاناتلاندۇرۇپ، قەلىمىمنى رىۋان، مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىلدىڭ. مۇراد ساھىلىگە يەتكۈزدىڭ. سەن رەھمەتكە مۇھتاج بولمىساڭمۇ، مىڭ رەھمەت، بۇ كىتابىمنى ئاۋۋال ساڭا ھەدىيە قىلىمەن. ئۇنى ئەۋلادلىرىمغا يەتكۈزۈپ بەرگىن. تەشنا قەلبلەرنىڭ چاڭقىغى قېنىپ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولسۇن. بۇ دۇنيادا مۇھتاج بولماي، بويۇن قىسىپ قالماي، مەردۇ - مەيدان بولۇپ ياشىسۇن. خارلىنىپ قالمىسۇن» دەپ ئىلتىجا قىلدى.

ئۇ يەرگە باقتى: گۈل - گىياھلارنىڭ ياپراقلىرى سارغىيىپ ئالتۇن رەڭگە كىرگەنتى. كۆزنىڭ غۇر - غۇر شامىلىدا بەرگىدىن ئايرىلىپ تۆكۈلەتتى. ئۇنىڭ كۆزى ياپپېشىل ئارچىغا چۈشتى. يىلنىڭ تۆت پەسلىدە رەڭگىنى، گۈزەللىكىنى يوقاتمايدىغان بۇ سۈمبات دەرەخكە ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ قالدى. شېخىدا بوز تورغاي سايراۋاتاتتى. كۆن چۈمۈلۈپ ھالرەڭگە كىرگەن كۆلدە كۆلەڭگىسى يەلپۈنەتتى. بىر جۈپ ئاققۇ ئۈزۈپ يۈرەتتى.

«مەن يىگىنە بىلەن قۇدۇق قازدىم. كۆل سۈيى تۈگەپ كەتكەن بىلەن، بۇ قۇدۇقىمنىڭ سۈيى تۈگىمەيدۇ. ئى ئانا - تۇپراق، سەن مەدەت، ئىلھام بەرمىگەن بولساڭ بۇ قۇدۇقنى قازالمايتتىم. ساڭا رەھمەت! . . . »، — دەپ پىچىرلىدى.

— نېمە داۋاتىلا دادىسى؟

① «قۇتادغۇ بىلىك» 117 - بەت.
② ھىجرىيە 462 - يىلى. مىلادىيىنىڭ 1070 - يىللىرىغا توغرى كېلىدۇ.
③ جان سۈرە — جان بىلەن تىرىشىپ.
④⑤ «قۇتادغۇ بىلىك» 1355 - بەت.

بەگ يۈسۈپ بۇرۇلۇپ داستىخان سېلىـ
ۋاتقان دىلدارىبىكىنى كۆردى.

—مىننەتدارلىق بىلدۈرىۋاتىمەن ئاـ
نىسى.

—كىمگە ؟

—ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىز بولغان تەڭرىگە،
گۈل دىيارىمىزغا، سايراپ كۆڭلۈمنى ئالغان
بوزتورغايغا.

—ئەجەپ ھە، نېمىشقا دادىسى ؟ —دىلـ
دارىبىكە ئۇنىڭغا مېھىرلىك نەزەر تاشلىدى.

—قۇدۇقنى قېزىپ بولغۇنۇم ئۇچۇن.

—قايسى قۇدۇقنى دادىسى ؟ —دىلدارىبىـ
كە شىرە ئۈستىدىكى دەستە ـ دەستە بەتلەرگە
قاراپ بىردىن كۈلۈپ كەتتى ، —ۋاي ئېسىم
قۇرۇسۇن ئەدىپ بېگىم ، راستىنلا تاماملىـ
دىمىز ؟

—تاماملىدىم بىكەم—تاماملىدىم ، —
بەگ يۈسۈپ ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا مەھبۇبىنى
بىلىدىن قاماللاپ كۆتۈرىۋالدى ، —جېنىم ،
سىلى بولمىسىلا تاماملىيالمايتتىم. سىلىگە
مىڭ رەھمەت، رەھمەت ، —ئوتلۇق لەۋلىرىنى
مەھبۇبىنىڭ قىزارغان مەڭزىگە باستى.

دىلدارىبىكە يىغلىۋەتتى.

—ئاخىر يېزىپ پۈتتۈرۈپلا دادىسى.
رەھمەت ئېيتىشقا توغرى كەلسە سىلىگە
رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ. يىگىنە بىلەن قۇدۇق
قازلا ئەمەسمۇ ؟ كۈندۈزنى ـ كۈندۈز ، كېچىـ
نى ـ كېچە دېمەي مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ يې
زىۋاتقانلىرىغا قاراپ ، نەچچە ـ نەچچە قېتىم
ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالغانتىم. چەككەن
جاپالىرىنىڭ يۈزدىن بىرىنى تارتىشىپ بەر-
گەن بولسام كاشكى ، مۇشەققەتلىك ئىشتىن
باش كۆتۈرەلمەي ياداپ كەتتىلە، چاچلىرىغىمۇ
ئاق كىرىپ كەتتى ، مەن ھېچقانچە ياردەم بې
رەلمىدىم دادىسى.

—ئۇنداق دېمىسىلە بىكەم. سىلى بولـ
غانلىقلىرى ئۇچۇن كۆپ جاپا چەكمىدىم دېسەم
يالغان سۆزلىگەن بولمايمەن. ئېشىم ، چىـ
يىمنى ۋاقتى قارارىدا تەييارلاپ بەردىلە، كۈندە
دېگۈدەك كىيىملىرىمنى يېڭىلاپ كىيگۈزدىـ
لە ، سائەتمۇ سائەت چاي، شەربەت ئېلىپ
كىرىپ، ئۇسسۇزلۇقىمنى قاندۇرۇپ تۇردىلا.
پۇت ـ قولۇمنى تۇتۇپ، ئۇچامنى سىلاپ هار-
دۇقىمنى چىقاردىلا ، كۈندۈزى كېسەللەرنى
داۋالاپ ، كېچىلىرى يازغانلىرىمنى ئاقتا كۆـ
چۈرۈپ بەردىلە. « چارچاپ قالدىلا ، ئارام ئېـ
لىۋالسىلا » دەپ راھەت ـ ھۇزۇر بەخش ئەتـ
تىلە ، ھەممىدىن مۇھىمى ئۆز قاراشلىرىنى
ئوتتۇرىغا قويۇپ پىكرىمنى قاناتلاندۇردىلا ،
كىتاب مەزمۇنىنى بېيىتتىلا ، شۇڭا، ئاغرىپ
قالماي ، بوشاشماي قۇدۇقنى قېزىپ ئاخىرىغا
يەتكۈزدۇم ئانىسى ، يەنە نېمە قىلىپ بەرسىلە
بولاتتى ؟ بۇ كىتابقا سىلىنىڭ كۆپ ئەجرى-
لىرى كىردى ، —بەگە يۈسۈپ مەيدىسىگە باش
قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان مەھبۇبىنىڭ
قۇندۇزدەك قارا چاچلىرىنى سىلىدى.

—دادىسى ، كۆرسىدا مىدىرلىماي مىخـ
تەك ئولتۇرغانلىرىغا بىر يېرىم يىل بولدى.
قول ـ پۇتلىرى تالدى ، ھارلا ، كەڭ دالىنى
سېغىنىپ قالغانلا ، شىكارغا ئېلىپ چىقاي ،
ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىپ، دەل ـ دەرەخ ،
گۈل ـ گىياھ ، ئۇچار قۇش، كىيىك ـ توشـ
قانلار بىلەن سىردىشىپ كەلسىلە. ئوغلىـ
مىزنى ، بىبى ئايشە قىزىمىزنىمۇ بىرگە ئېـ
لىپ چىقايلى ، باققان قارچۇغىمىزمۇ ئوۋغا
ئېلىپ چىقماي زېرىكىپ قالدى ، سىلى قۇش
ئوۋنى ياخشى كۆرىلىغۇ ، —دىلدار بىكە ئۇـ
نىڭ باغرىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.

—ياخشى كۆرىمەن ئانىسى—ياخشى
كۆرىمەن ، ئىككى يىلدىن بېرى شىكارغا
چىقماي بوشىشىپ قالغاندەك تۇرىمەن، تاغ ـ
دالىنى سېغىنىپ قالدىم. ماقۇل بىكەم، قاـ

چان چىقمىسىز ؟

—بۈگۈن ئۆيدە ئوبدان ئارام ئېلىۋالسىلا، ئەتە چىقسىلا.

—ماقۇل ئانىسى، بىر ھەپتە ئوبدان دەم ئېلىۋېلىپ، ئاندىن يازغانلىرىمنى تەھرىرلەپ رەتلەپ چىقاي.

—تېخى تولۇق تاماملانمىغان ئوخشىمامدۇ دادىسى ؟

—ياق، تاماملاندى. شېئىر بىلەن يېزىلغان بۇ چوڭ كىتاب—مەزمۇن، مەنتىقە، ئىملا جەھەتلەردىكى سەھۋەنلىك، خاتالىقلاردىن خالىي بولماسلىقى مۇمكىن، شۇڭا بىر قېتىم كۆرۈپ چىقمىسام بولمايدۇ. ئالىم، بىر چېكىتتىنلىك كەم، ئارتۇق بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ، كىتاب مۇكەممەل بولۇشى كېرەك.

—بۇنىڭغا قانچىلىك ۋاقىت كېتەر دادىسى؟

—ھەر كۈنى ئەتىگەن-كەچ تەرەپلەردە تۆت-بەش سائەت كۆرسەم، يېرىم يىلغا قالماي كۆرۈپ بولىمەن. جاپالىق ئەمگەك توگىدى ئانىسى، خاۋاتىرلەنمىسىلە.

دىلداربىكە قىرغاۋۇل كاۋىپى بىلەن چۆچۈرە ئېلىپ كىردى...

تاماق يەۋالغان بەگ يۈسۈپ، ئاي بۇلاق بويىغا جاي راسلىتىپ، راھەتلىنىپ ئىككى سائەت ئۇخلىۋالدى. قوپۇپ دىلداربىكە بىلەن تاشقىرى، ئىچكىرى ھويلىدىكى يامغا ئېلىنغان ۋە يەرگە تىزىلغان گۈللەرگە سۇ قۇيدى. ھارام پۇتاقلىرىنى كېسىپ تاشلىدى. شۇ چاغدا مەدرىسەدىن كەلگەن مىرئامانبەگ ھويلىغا كىردى.

—دادا، مەۋلانا ئىبنى خەلەپ ھەزرەتلىرى ئۆزلىرىگە سالام ئېيىتتى، —دېدى ئۇ ئايبۇلاقتا يېقىنلاپ.

—سالامەت بولسۇن ئوغلۇم، ھەزرىتىمگە سالامىمنى يەتكۈزۈپ، قېزىشقا كىرىشكەن قۇدۇقنى كولاپ بولۇپتۇ، دەپ قويغىن.

—خوپ دادا. كولاپ بولغان قايسى قۇدۇق ئۇ ؟ —ئەجەبلىنىپ سورىدى مىرئامانبەگ.

—بالام، دادىڭ يېزىۋاتقان كىتابنى تاماملىدىم دېمەكچى.

—مۇبارەك بولسۇن دادا، —مىرئامانبەگ كېلىپ بەگ يۈسۈپنى قۇچاقلىدى، —مەنمۇ بۈگۈن «تەفسىرۇل قۇرئان»نى تۈگەتتىم، ئەمدى ئەپلاتۇن پەلسەپىسىنى ئۆگىنىشنى باشلايمەن.

—ئوھۇ! ساڭىمۇ مۇبارەك بولسۇن ئوغلۇم، بوگۈبىلگە بولاي دەپسەندە ؟

—ئەلۋەتتە، دادا. ئىبنى خەلەپ ھەزرىتىم سەن مۇشۇنداق تىرىشىدىغان بولساڭ بوغۇغ بولىسەن، دەيدۇ. مەن ئەپلاتۇن بولىمەن دادا.

—ئوھۇ! خۇدا تىلىكىڭگە يەتكۈزسۇن بۆرەم، بۇ كىتابقا سىڭىنىمۇ ئەجرىڭ كىرگەن، ئاقىقا ئېلىشقا ياردەملەشتىڭ، پاساھەت، شجائىتىڭ بىلەن روھىمنى ئۇرغۇتتۇڭ، سەن بوگۈبىلگە ئەپلاتۇن بولالايسەن. ھەزرىتى فارابىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوبدان ئۆگەنگىن، ئەقىل بۇلىقىڭ ئېچىلىدۇ، —بەگ يۈسۈپ مىرئامانبەگنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

ئۇ، ھاياتىدا مۇنداق خۇشال بولۇپ باقمىغانتى.

—ئوغلۇم سەن بىلەن كەپتەر ئۇچۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ، —دېدى ئۇ. قورۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن بىر توپ كەپتەرگە قىزىقىش نەزەرى بىلەن قاراپ.

مىرئامانبەگ كىچىكىدىن قۇشلارغا ھەۋەس قىلاتتى. ئۇن يېشىدىن تارتىپلا كەپتەر باقاتتى. كەپتەرخانا ئىچكىرى ھويلىدىكى ئايۋان ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە ئىدى.

ھەممىشە شوتا قويۇغلۇق تۇرغان ئۆگزىگە

ئوغلى بىلەن چىقتى. كەپتەرخانىدا بىرمىريۈزدەك كەپتەر بار ئىدى. غۇڭۇلدىشىپ، قانات قېقىشىپ، بازلىشىپ ئويىنىشىۋاتاتتى. ھەممىسى دېگۈدەك قومىدىن چىقىۋالغانتى. ھەممىسىنىڭ بويىنىغا كىچىك غوڭ قاپاق ئېسىپ قويۇلغانتى.

—بالام كەپتەرلىرىڭ كۆپىيىپ قاپتىغۇ، —دېدى كۈلۈمسىرەپ بەگ يۈسۈپ. بىر كەپتەرلەرگە، بىر ئوچۇق ھاۋاغا قاراپ.

—ئاچ قورساق كەپتەرلەر قوشۇلۇپ مۇشۇنداق ئاۋۇپ كەتتى دادا. قىش كىرگۈچە يۈزگە يېتىدىغاندەك قىلىدۇ، كەپتەرخانا كىچىك كېلىپ قالىدىغان بولدى.

—چوڭراق قىلىپ ياسىتىپ بېرەي، ئەمما ئاۋۇپ كەتمىسۇن، خەقنىڭ كەپتەرلىرىنى قوشۇۋېلىۋەرمە.

—ماقۇل دادا. ئاۋۋال دان بېرەي، بىرئاز دانلىۋالسۇن، ئاندىن ئۇچۇراي، بولمىسا باشقىلارنىڭ ئۈگزىسىگە چۈشۈپ كېتىدۇ.

مىرئامانبەگ كەپتەرلەرگە دان چېچىپ بەردى.

—قۇشلار داننى دەپ، ئادەملەر پۇل — بايلىقنى دەپ جان بېرىدۇ، —ئوغلۇم، —دېدى بەگ يۈسۈپ بىر — بىرىنى چوقۇشۇپ، ئىتتىرىشىپ، تالىشىپ دان يەۋاتقان كەپتەرلەرگە قاراپ، —بەزى ئادەملەر ئاچكۆزلۈكتە قۇشلاردىن قېلىشمايدۇ. ھە، قېنى كەپتەرلىرىڭنى ئۇچۇرغىن.

مىرئامانبەگ كەتەرخانىنى ئاچتى. ئاتا — بالا تاياقلىرىنى ئۇياق — بۇياققا ئايلاندۇرۇپ، كەپتەرلەرنى ئۇچۇرغىلى تۇردى. ئويۇنچى، پەلەڭ، موللاقچى كەپتەرلەر قەشقەر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىشتى. غوڭ قاپاقتىن ياڭرىغان مۇڭلۇق سادا پەلەككە تارقىدى.

ئالاھەزەل بىر سائەتتىن ئارتۇقراق ئۇچقان كەپتەرلەر ئارقا — ئارقىدىن ئۈگزىگە چۈشتى. مىرئامانبەگ ئۇدۇللۇق دان چېچىپ بەردى.

—دادا قارىسىلا، ئاۋۇ ئۇچى قوشۇلۇپ كەپتۇ. ئويۇنچىلاركەن، —دەپ خۇش بولۇپ كەتكەن بالا كەپتەرلىرىنى قومىلىرىغا كىرگۈزۈۋەتتى.

ئۇلار ئۈگزىدىن چۈشۈشكە دىلدارىبىنكە قوغۇن پىچىپ بەردى.

—تاتلىقكەن، شېرىنكەن، —دېدى بەگ يۈسۈپ. ئۇنىڭ بۈگۈنكى كېچىسى تېخىمۇ شېرىن ئۆتتى.

3

بەگ يۈسۈپ بالىلىرى بىلەن ئەتىسى ئەتىگەندىلا شىكارغا چىقتى. بىر يېرىم يىلدىن بېرى كىتاب يېزىش بىلەن بولۇپ، دالىنى سېغىنىپ قالغانتى. خۇش ھاۋا تۇمەن، قىزىل دەريا بويلىرى چاھارباغدەك ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى. كۆۋەجەپ ئاققان دەريانىڭ شارقىراشلىرىغا، قىرغاقتا سۇ ياقىلاپ ئوتلاۋاتقان كالا — قويلارنىڭ مۆرەش — مەرەشلىرىگە، ھەتتا ئاپتاپقا قاقلىنىپ چەمبەر بولۇپ تۈگۈلۈپ ياتقان يىلانلارنىڭ كۈشۈلداشلىرىغا قۇلاق سالدى. دەل — دەرەخلەرنىڭ تۈۋىدە توختاپ، تورغاي — تۇمۇچۇقلارنىڭ مۇڭلۇق ساداسىنى تىڭشىدى. گۈل — گىياھلارنىڭ شىۋىرلاشلىرىغا، بېلىقجانلارنىڭ پىلتىڭلاشلىرىغا زەڭ قويۇپ، دەريا سۈيىدە تاھارەت ئالدى. بىلىكىگە قوندۇرۇۋالغان قارچۇغا بىلەن كېتىۋېتىپ، مۇڭداشتى. قومىلۇق قىرغاقتا ئولتۇرۇپ، باغرىنى يەرگە يېقىپ زېمىننىڭ نىداسىنى ئاڭلاپ ھاياجانلاندى. دىلدارىبىكە بىلەن ئاڭ ئىزدەپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئۇنى بىرقانچە قېتىم قۇچاقلاپ، خۇددى يىگىتلىك چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش مۇھەببەت ھوزۇرىنىڭ پەيزىنى سۈردى. بىردەم — بىر-

دېمەك بۇ ئىختىيارسىز ئىنتىلىشلەر، شەھۋانىي ھەۋەسنىڭ قوزغىلىشىدىن ئەمەس، بىردىنلا يالقۇنجاپ كەتكەن مېھرىنىڭ كۈچىيىشىدىن يۈز بەرگەنتى. بۇ ھايالىق ئەر-خوتۇنلارنىڭ شۇنداقلا قۇچاقلاشقىنىنى ھەتتا كۈنمۇ كۆرەلمىدى. مەجنۇن تاللار ئۇلارنى توسۇۋالغانتى. . .

ئۇلار مەجنۇن تاللار دالدىسىدىن چىقىپ، بىبى ئايشەگە ئۇچراپ قالدى. ئۇ يېڭىلا ئېتىۋالغان قىرغاۋۇلنى ئېتىغا غانجۇغىلىۋالغانتى. چاتقاللىق ئىچىدىن مىرئامانبەگ بىلەن رۇستەم بەگلەر چىقىپ كەلدى. ئۇلار كەكلىك، كىيىك، بىر ئولاي، ئىككى توشقان ئوۋلىغانتى. بەگ يۈسۈپ رۇستەمبەگنىڭ قولىدىكى قارچۇغىنى يەنە ئېلىۋالدى.

— ئەمدى ماڭا بەرگىن يىگىت، ئاق قوغلاپ ھېرىپ كەتكەندەك تۇرىسىلەر، دەريادا چۆمۈلۈۋېلىڭلار، بىز شىكار قىلايلى، — دېدى ئۇ.

بەگ يۈسۈپ قارغۇچىنى بىرقانچە قېتىم قويۇۋەتكەن بولسىمۇ، ئولجىغا ئىگە بولالمىدى. قايتىدىغان چاغدىلا بىر توشقاننى باسماداپ تۇتۇپ بەردى. ئوقيا ئېتىشتا ماھىر دىلدارىبكە بىر غاز، ئىككى قىرغاۋۇلغا تەگكۈزدى.

بەگ يۈسۈپنىڭ ئۆيدىن چىقماي سارغىيىپ قالغان چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ ياشىرىپ قالدى. كۈن پاتقاندىن كېيىن ئۇلار شىكاردىن ياندى. پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ ئوۋ مەئىشەتلىرى بىلەن غىزالاندى.

بۇ غەم-غۇسسەسىز دەم ئېلىشنىڭ ئۈچىنچى كۈنى مۇدەررىس، ئالىم، ئەدىبلەر بەگ يۈسۈپتىن ھال سورىغىلى كېلىشتى.

— بىز، ئۆزلىرى قازغان قۇدۇقنىڭ شېرىن سۈيى بىلەن چاڭقىغىنىمىزنى قاندۇرغىلى كەلدۇق، — دېدى سالاملىشىپ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ھۈسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ، — مىرئامانبەگدىن ئىشىتىپ ناھايىتى خۇشال بولدۇق. تۈنۈگۈن كېلەيلى دېسەك شىكارغا چىقىپ كېتىپىلا، كۆرگىمىز، مۇڭداشقىمىز كەلدى.

— ئەگەر ئۇسسۇزلۇقلىرىنى قاندۇرالىسام ئارمانغا يەتكەن بولاتتىم ئۇستاز، — دېدى بەگ يۈسۈپ ئۇلارنى كىتابخانىسىغا باشلاپ.

ھۈسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ دەستىلەپ ئۈچ-جىلدقا سېلىپ قويۇلغان قوليازمىنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ:

— بىباھا تۆھپە، بىباھا تۆھپە، — دېدى ئۇ بەگ يۈسۈپنى تەبرىكلەپ، — ئاللاھەزەل يازغانلىرى ئىككى مىڭ بەتتىن ئارتۇق ئىكەن، — ئۇ ۋاراقلاپ-ۋاراقلاپ بىر بەتكە كۆز سېلىپ ئۈنلۈك ئوقۇدى:

بولاي دېسەڭ ئەلگە ئۇزۇن ھۆكۈمران،
قانۇن تۈز، يۈرت، خەلقنى ئاسرا ھامان. ①

ئەل ئارتار قانۇن بىرلە، تۈزىلۇر جاھان،
زۇلۇم بىرلە كېمىيىپ ئەل، بۇزىلۇر جاھان.

يەنە بىر ۋاراق ئۆرۈپ ھاياجىنىنى باسالماي قالدى:

بولۇرۋەرسە ئىتقا كۆر، باش ئارسلان،
بولۇر ئىتلار ھەممە ئارسلانسىمان.

ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئارسلانغا باش،
بولۇر ئارسلانلار ھەم ئىتتەك ھامان.

— مانا بۇ مىسرالار، بۇ كىتابىنىڭ قىممىتىنىڭ زاماندىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىمامدۇ؟ جانابلار، پادىشاھلار قان كېچىپ جەڭ قىلىپ پەتىھ قىلغان شەھەرلەر بىر كۈنى خاراب بولىدۇ. بايلار ئېسىل تاش، بىللۇر، ئەقىقتىن ياسىغان كۆركەم قەسىرلەر بىر كۈنى ۋەيران بولىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق بەگ يۈسۈپنىڭ ئەقىل ۋە بىلىم

① «قۇتادغۇ بىلىك» 451 ـ بەت.

جەۋھەرلىرىدىن پۈتكەن بۇ ئالەمشۇمۇل داستانى، ئەۋلادلار ئۈچۈن بىباھا تۆھپىكى، زاماندىن ـ زامانغا مىراس قالغۇسى!

هۆسىيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى بىر دەستە قولىيازمىنى مۇھەممەت بىننى ئەل كاشغەرىگە سۇندى. ئۇ ئېلىپ ۋاراقلاپ تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

كېلىن قىز سۆيۈنچى نىكا توي كۈنى،
باتۇرنىڭ سۆيۈنچى جەڭ قىلغان كۈنى.

سۈرىر ئالغا لەشكەر باتۇر ئات چېپىپ،
لاچىن قۇش ئالۇردەك تۆكەر ياۋ قېنى.

يىغى كۆرسە باتۇر قوپار تۇر تۇزان،
بۆلەكلەرگە نۆۋەتنى بەرمەس هامان.

چىرىك كۆرسە باتۇر بولار ئارسلان،
قىلۇر ياۋنى يوق، يابىرۇر ئۆزى جان. ①

نېمە دېگەن هېكمەتلىك مىسرالار ـ هە! هەر بىر جۈۋانى مەرد پەرزەنتلىرىمىز بۇ مىسرالارنى قەلبىگە پۈتۈۋېلىشتى، هەر قاچان باستۇرۇپ كىرگەن ياۋ بىلەن شىرى غەرراندەك ئېلىشىپ ئانا ۋەتىنىگە ئاياق باسقۇزماسلىقى، بەلكى تىرە ـ پىران قىلىپ دۇنيادا مەغرۇر ياشىمىقى لازىمدۇر، ـــ ئۇ، سۆزىنى تۈگىتىپ، قول ئۇزاتقان يەنە بىر ئالىمغا بەردى. ئۇ تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇدى:

بىلىمسىزگە تۆردىن ئورۇن بولسا كۆر،
بۇ تۆر بولدى پەگا، پەگا بولدى تۆر. ②

بولۇپ قالسا پەگا ئالىمغا ئورۇن،
بۇ پەگا بولۇر تۆر تېخى ئەلڭ بۇرۇن. ③

ـــ بارىكاللا ـــ بارىكاللا! ـــ دېيىشتى ئالىملار، ـــ هەقنى جاكارلاپتۇ. بىلىم دۈشمەنلىرىنى جازالاپتۇ.

بىر مۇدەررىس قولىيازمىنى ئېلىپ، ئېچىپلا ئوقۇدى:

ناھايەتمۇ قاتتىق غېرىبلىق ئىشى،
غېرىبلىقتا قاتقاي تولا ئەر بېشى.

كېرەك بولغاي ئالتۇن، كۈمۈش بى گۇمان،
ئۇنى خەرەج قىلايىن دېسە هەر قاچان. ④

ئۇ قولىيازمىنى ۋاراقلاپ يەنە بىر مىسرالارنى ئوقۇدى

ئوغۇل ـ قىز غېمى بۇ ـــ تۈۋى يوق دېڭىز،
ئوغۇل ـ قىز غېمىدىن سارغايدى مېڭىز.

كىشىنىڭ بولسا ئوغلى، قىزى، خوتۇنى،
نېچۈك كۆرگەي ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇنى؟

ئوغۇل ـ قىزنى دەپ يەر ئاتا ئۆز ئېتىن،
ئوغۇل ـ قىز ئاتىماس ئاتانىڭ ئېتىن. ⑤

ئۇنىڭ قولىدىن قولىيازمىنى يەنە بىر ئالىم ئالدى. ئۇ باش تەرەپتىرەك ئېچىپ ئوقۇدى:

بۇ تۈرك بەگلىرگە سىلىنسا نەزەر،
جاھان بەگلىرىنىڭ ياخشىسى شۇلەر.

بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك،
تۇڭا ئالىپ ئەر ⑥ ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.

ئىلىمدە بۈيۈك، كۆپ پەزىلىلىك دىلى،
بىلىملىك، ئەقىللىق، خەلقنىڭ خىلى.

ئىدى ئۇ سىرە ـ خىل زىرەك ئەر ئوغلان،
دۇنياغا زىرەكلەر بولۇر هۆكۈمران. ⑦

..........

①«قۇتادغۇ بىلىك» 511 ـ 513 ـ بەت.
②«قۇتادغۇ بىلىك» 95 ـ بەت.
③«قۇتادغۇ بىلىك» 95 ـ بەت.
④«قۇتادغۇ بىلىك» 139 ـ بەت.
⑤«قۇتادغۇ بىلىك» 281 ـ 283 ـ بەت.
⑥تۇڭا ئالىپ ئەر ـــ ئالىپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياپ).
⑦«قۇتادغۇ بىلىك» 97 ـ بەت.

ئالىملار داستىخانغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىشمىدى. نازۇ-نېمەتلەر شۇ پېتى قالدى، نەزەرلىرى «قۇتادغۇ بىلىك» كىتابىدا بولدى، كۆز ئۈزمەي ئوقۇشتى...

بەگ يۈسۈپ بۇ داستانغا ئالىملارنىڭ شۇنچە يۇقىرى باھا بەرگىنىدىن خىجىللىق ھېس قىلىپ:

—مەۋلانا ماھمۇت قەشقىرى بۇ سورۇندا بولسا كاشكى! ئۇ كىتابىمنىڭ نۇقسانلىرىنى كۆرسىتىپ مېنى بۇنچە تەڭلىكتە قالدۇرماس ئىدى، كاشكى-كاشكى... ئۇ يوق بولۇپ قالدى،—دېدى ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

—مەۋلانا بەگ يۈسۈپ نېمىشقا خىجىل بولىدىلا؟ بىز ھەق گەپنى قىلدۇق. سىلىنى قانچە تەرىپلىسەك، مەدھىيىلىسەك ئەرزىيدۇ. ئاۋادا بۇ قۇتلۇق سورۇندا ماھمۇت قەشقىرى ھەزرەتلىرى بولسا «بەگ يۈسۈپ سىز بۇ داستانىڭىز بىلەن دۇنياغا بىر ئۆچمەس چىراغ يېقىپ بەردىڭىز. پادىشاھمۇ، پۇقرامۇ، بايمۇ، گادايمۇ ئەمدى قاراڭغۇلۇقتا قالمايدۇ» دېگەن بولاتتى. سىلىنى ھەرگىز تەڭلىكتە قالدۇرمايتتى،—ھۈسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ جىلدقا سېلىنغان «قۇتادغۇ بىلىك» كىتابىنى باش ئۈستىگە كۆتۈردى،—بەگ يۈسۈپ ئۆز گەپلىرى بىلەن ئېيتقاندا، سىلى يىگانە بىلەن شۇنداق بىر قۇدۇق قازدىلاركىم، ئۇنىڭ سۈيى مىڭ يىللاردىن كېيىنمۇ تۈگىمەيدۇ، ئەۋلادلار ئەبەدئەلئەبەد سىلىنى ياد ئېتىدۇ. سىلى بۇ ئەلگە قۇت ئاتىدىغان كىتابنى ئاددىي تىل بىلەن ئەمەس، ھېكمەتلىك، پاساھەتلىك گۈزەل مىسرالار بىلەن داستان قىلىپ يېزىپ چىققانلىرى ئۈچۈن، بىز بىرلا ئەمەس پۈتۈن ئۇيغۇر قەۋملىرى، شەرق ۋە غەرب ئەھلى تەھسىن ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. ئۆز ئالىمىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغان، ئۆز ئالىمىنى دۈشمەنلىرى ئالدىدا بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرمىگەن، ئاسرىمىغان، قوغدىمىغان مىللەت—ئۆز ھۆرمىتىنى يوقىتىدۇ، ئۆزىنى خار قىلىدۇ. بىز سىلىنى قەدىرلەيمىز، ئەزىزلەيمىز،—ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ «قۇتادغۇ بىلىك» كىتابىنى بەگ يۈسۈپكە ئېگىلىپ سۇنۇپ بەردى.

—رەھمەت بۇزرۇكلىرىم، پېشۋالىرىم—رەھمەت، مەن ھەربىرلىرى بىلەن پەخىرلىنىمەن، ۋەتەن خەلقىم بىلەن پەخىرلىنىمەن، بۇغراخانلىرىم بىلەن پەخىرلىنىمەن،—دېدى بەگ يۈسۈپ ئالىم، مۇدەررىسلەر بىلەن بىر-بىرلەپ قۇچاقلاشتى،—ھەممىمىز ماھمۇت قەشقىرى ھەزرەتلىرىنىڭ ۋەتەنگە سالامەت قايتىپ كېلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلايلى،—دېدى ئۇ.

ئالىملار دۇئاغا قول كۆتۈردى.

دۇئادىن كېيىنمۇ ئۇزۇنغىچە پاراڭلىشىپ، قوغۇن-تاۋۇز يەپ ئولتۇرۇشتى. ئاسماننى يۇلتۇز قاپلاپ، ئاينىڭ كۆك قەھرىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنىمۇ بىلمەي قېلىشتى. ئۇلار ئۇزۇنغاندا تۈن يېرىم بولغانىدى.

سەھەردىلا ئويغىنىپ كەتكەن بەگ يۈسۈپ، شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان دىلدارىبىكىگە تويدۇرمايلا ئورنىدىن قوپتى. ئالىملارنىڭ دېگەنلىرى ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھاياجىنى تېخى بېسىلمىغانىدى. بامدات نامىزىنى ئوقۇپ، ئەتىگەنلىك چاينى ئىچكەندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئوردىغا باردى. ۋەزىر-ۋۇزرا، ھاجىپ، ساڭغۇنلار بىلەن قىزغىن سالاملاشتى. ئۇزۇن يىللار ئايرىلىپ كېتىپ، تاسادىپىي كۆرۈشۈپ قالغان قېرىنداشلاردەك بىر-بىرلىرىگە قېنىشماي ھال-مۇڭ بولۇشتى.

—ئىشلىرى تۈگىدىمۇ بوگۇ بىلگە ھەزرەتلىرى، كېلىشلىرىگە مۇنتەزىر ئىدۇق، دېيىشىپ ھۆرمەت كۆرسىتىشتى. ئۇنىڭ كەلگىنىدىن خەۋەر تاپقان ئەبۇئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئۆزى سارىيىغا باشلاپ كىردى.

—ئاخىر كەلدىڭىز ئۇستاز، ئوردا خىزمىتىدىن بىزار بولغان ئوخشايدۇ، كىتاب

يېزىشنى باھانەئى سەۋەب قىلىپ ئىجازەت بېرىشكە قىستىدى، مەندىن رەنجىپ قالغاندۇ، دەپ كۆڭلۈم بەك يېرىم ئىدى، — دېدى ئۇ ھاجىبۇل ھوججاپ كورسىغا ئولتۇرۇشنى ئۆتۈنۈپ، ئۆزى تەختكە چىقتى.

— بۇغراخان ئالىيلىرى مەن يەنىلا ھاجىپ كورسىغا ئولتۇراي. ھاجىبۇل ھوججاپ ئىشەنچلىرىنى يەردە قويمىغاندۇ؟ — دېدى ئۇنىڭ تەكلىپىنى سىلىقلىق بىلەن رەت قىلىپ.

— يوقسۇ، يوقسۇ ئۇستاز. ئۇبۇل ئەئلا بارچۇقى كامالەتكە يەتكەن بوگۇبىلگە ئىكەن، مەن ئۇنىڭدىن رازى، سىلى خالىمىسىلا زورلىمايمەن. مەيلى قەيەردە ئولتۇرسىلا مېنىڭ نەزىرىمدە سىلىنىڭ ئورۇنلىرى ھەممىدىن يۇقىرىدا. شۇنداق ئۇلۇغ ئىشنى قىلىۋېتىپمۇ، ئارىلاپ كېلىپ، دىدارلىرىغا تەشنا كۆڭلۈمنى قاندۇرۇپ تۇردىلا. لېكىن، بىرنەچچە ئايدىن بېرى كەم دىدار بولۇپ، يوللىرىغا مۇنتەزىر بولۇپ قالغانتىم. كېلىپ يېرىم بولغان كۆڭلۈمنى يەنە پۈتۈن قىلدىلا.

— كىتابنى تاماملىدىم ئالىيلىرى، خىزمەتلىرىدە داۋاملىق بولىمەن.

— كىتابنى يېزىپ تۈگەتتىمۇ؟ مۇبارەك - مۇبارەك! — بۇغراخان تەختتىن چۈشۈپ ئۇنى قۇتلۇقلىدى، — دۇنيانى پىيادە بىر ئايلىنىپ چىققاندىنمۇ جاپالىق ئىش ئۇ، كىتابىڭىزنى بىر كۆرۈپ چىقىشىمغا بولارمۇ ئۇستاز؟

— ئەلۋەتتە، ئالىيلىرى. يېزىپ تاماملىغىنىم بىلەن تەھرىرلەپ كۆچۈرۈپ، زىننەتلەپ، مۇقاۋىلاپ كىتاب قىلىپ چىقىشقا يەنە ئازراق ۋاقىت كېتىدۇ، ئەلۋەتتە ئارزۇلىرىنى تېزراق قاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن.

بەگ يۈسۈپ «ئالىيلىرىغا تەقدىم قىلماقچىمەن» دېمەيلا سۆزىنى توختاتتى.

— سىز يېنىمدىلا بولسىڭىز ھەر كۈنى بىر كىتاب ئوقۇغاندەك بولىمەن. ماقۇل، كىتابنى تەھرىرلەش ئىشىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن. پات - پات كېلىپ تۇرغايسىز ئۇستاز.

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى.

— چۈشلۈك تاماققا داخىل بولۇپ كېتىشىڭىزنى ئۆتۈنسەم بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە.

بەگ يۈسۈپ چۈشلۈك تاماقنى بۇغراخاننىڭ ئارامگاھ سارىيىدا يەپ، ئاۋۋال ساچىيە مەدرىسىسىگە ئاندىن خانلىق مەدرىسەگە باردى. ئۇنىڭ دىدارىغا تەشنا تالىپلارنى خۇش قىلىۋەتتى.

— ئوردىغا بارغان بىرىنچى كۈنىلا يەنە بىزنى ئۇنتۇپ قالدىلىغۇ. رەسمىي ئىشقا چۈشىلىمۇ يا؟ — يولىغا قاراپ تاقىتى - تاق بولغان دىلدارىبىكە بۇتىنىغاندەك قىلىپ تونىنى سالدۇردى.

— يوقسۇ ئانىسى، ئىشقا تېخى چۈشمىدىم، بۇغراخاننىڭ تەكلىپىنى يىراقلىماي ئۇنىڭ بىلەن چۈشلۈك تاماققا داخىل بولۇپ قالدىم، كېيىن مەدرىسەلەرگە بېرىپ تالىپلار بىلەن كۆرۈشتۈم، قانداقمۇ سىلەرنى ئۇنتۇپ قالاي؟

دىلدارىبىكە ئۇنىڭغا گۈللۈك كىمخاپتىن ئىشلەپ تىككەن جىلدنى كۆرسەتتى.

— كىتاب ئۈچۈنمۇ؟ رەھمەت ئانىسى، بەك چىرايلىق تىكىلىپتۇ، — دېدى ئۇ خۇش بولۇپ.

— يەنە قانچىنى تىكسەم بولىدۇ دادىسى؟

— يەنە ئالتىنى بىكەم.

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە بەگ يۈسۈپكە خۇشاللىق، ئارام بەخش ئېتىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. قەھرىتان قىش چىقىپ، كۆكلەم كەلدى.

تەھرىرلىنىپ، يەتتە نامدار خەتتات كۆچۈرگەن يەتتە نۇسخا كىتاب، ئالتۇن ھەل بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ يېزىلغان يەتتە نەپىس مۇقاۋىغا ئېلىندى. بەگ يۈسۈپ كۆچۈرۈپ چىققان، شىرازلىغان، مۇقاۋىغا ئالغان

دەۋكار ئۇستىلارغا تون يېپىپ، ئات مىندۇردى. دىلدارىكە تىككەن يەتتە كىمخاپ جىلدقا سېلىپ، ئۆينىڭ تۆرىدىكى ئويۇقـقا تىزىپ قويدى...

4

بۇغراقاراخان ئۆمەر ئارسلانخان تەختتە ئۇزۇن ئولتۇرالمىدى. ئۇنىڭغا چاپلاشقان باش ئاغرىقى، ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا، رۇم، باغدات، قەشقەردىن تەكلىپ قىلىپ كەلتۈرگەن تېۋىپلارنىڭ جىددىي داۋالىشى نەتىجىسىدە، بىر مەھەل ساقايغاندەك قىلىپ، مۇسىبەتتىن كېيىن بالاساغۇنغا بېرىشىغا يەنە قوزغالدى. ئۇنىڭ سەلجۇقلارنى يېڭىپ خوراسان، ھىندىستاننى ئېگىلەش، باغدات، رۇم شەھەرلىرىگە يۈرۈش قىلىش، دۇنيانى سورايدىغان ئەڭ چوڭ پادىشاھ بولۇشتەك شېرىن خىيالى يوققا چىقتى.

تېۋىپ ــ ھۆكۈمالار ئۇنىڭ كېسەللىك سەۋەبىنى ھەددىدىن زىيادە خىيالغا بېرىلىشىدىن پەيدا بولغان، دەپ بېكىتىشتى.

ئۇ، ھەقىقەتەن كىچىكىدىن تارتىپلا خىيالپەرەس ئىدى. سۇلايمان پەيغەمبەردەك ئىنسى ــ جىن، شامال، ھاشارات، ھايۋانلارغىمۇ پادىشاھ بولۇش ئارزۇسىدا ئاجايىپ شېرىن تۇيغۇلارغا بېرىلەتتى. بالدۇر تاج كىيىپ، تەختتە ئولتۇرۇپ، جەڭگاھلاردا جەۋلان قىلىشنى، رۇستەمدەك نام چىقىرىپ دۇنيادىكى گۈزەل ئاياللارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىشنى ئىستەيتتى. لېكىن، ئۇ خان بولالماي شاھزادە بولۇپ ئۆتۈۋاتقىنىغا ئاچچىقلىناتتى. ئۇ بارغانسېرى كۆڭلىدىكىنى تېپىشقا چىقىرالماي ئەسەبىيلىشىپ كەتتى. ھەممەيلەنگە ئاداۋەت تۇتۇپ، گەپ قىلماي، خىيالچان يۈرىدىغان بولدى. ھەتتا خانىش ــ جۆرىلىرى بىلەنمۇ كارى بولماي بالىلىق بولالمىدى. نەتىجىدە، نېرۋىلىرى قالايمىقانلىشىپ، ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ بېشى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. «شامالداردىپتۇ، ئالۋاستى جىن ئۇرۇپتۇ» دەپ ئۇستا داخانلارغىمۇ ئوقۇتتى. پىرىخونلارغا ئاپىرىپ پىر ئويناتتى. ساقايمىغاندىن كېيىن يالغۇز ئوغلىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمىغان ماھمۇت ئارسلانخان، ئاتانغان تېۋىپلارنى يىغىپ داۋالاتتى. ئۇ ۋاپات بولۇپ، تەختكە چىققان بۇ كېسەلمەن خان ساقىيالماي، داد ــ پەرياد چېكىپ ئاخىر غالجىرلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. قەشقەرگە ئېلىپ كېلىنىپ، قاراسوغۇقتا ئۆلۈپ كەتتى. ئاتىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى.

دىۋانى ھاجىپ، دىۋانى ئارىز، دىۋانى تۇغرائى ۋە بۇغراخان جەمەتىنىڭ مويسىپىتلىرى كېڭىشىپ بىرلىككە كېلىش بىلەن ئەبۇئەلى ھەسەن ئارسلانخان بىنىنى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ قاراخانىلار مەملىكىتىنىڭ بۇغرا قاراخانى بولۇشىنى قارار قىلىشتى.

تاج كىيگۈزۈش مۇراسىمى نورۇز بايرىمى كۈنى ئوردا ئالدىدىكى كەڭ مەيداندا ئۆتكۈزۈلدى.

ئۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، باھار قۇياشىنىڭ زەڭگەر نۇرى مۇنبەردىكى ئالتۇن تەختنىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇرغان چوڭ كۆلنى ھالرەڭگە كىرگۈزگەنتى. ئالتۇن توش ئورنىتىلغان بۇغرا تۆگىنىڭ كۆلەڭگىسىمۇ جىمىرلاپ تۇرغان سۇ يۈزىدە بەھەيۋەت كۆرۈنەتتى. كۆل ئەتراپىدىكى يول ۋە سەينا ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانتى. كۆل بويىغا ئېسىلغان چوڭ داش قازانلاردا نورۇز ئېشى ــ كوجە قايناۋاتاتتى. بىر چاغدا ئوردا ئىشىكىنىڭ ھەيۋەتلىك پەشتىقىدا شادىيانە ياڭراپ كەتتى.

ئوردا دەرۋازىسى ئېچىلىپ، بېشىغا ئاق قالپاق، ئۇچىسىغا قىزىل چەكمەندىن تون كېيىپ بەلۋېغىغا خەنجەر ئېسىۋالغان توققۇز ئەلەمدار پادىشاھلىق تۇغلارنى لەپىلدىتىپ چىقىپ كەلدى. ئارقىدىن قىرىق شادىيانىچى ناغرا ــ سۇناي، بۇرغا ــ كانايلىرىنى چالغان ھالدا نامايان بولدى. قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ كۆتۈرگەن يېشىل كېيىملىك، كۆك قالپاقلىق ئۈچ يۈز ئاتمىش جاندارلار بىلەن ئالتۇن ☞

گۆرزىنى ئويناتقان توقسان توققۇز ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنىڭ ھەيۋەتلىك سېپى كۆرۈنگەندە، ھاياجانلانغان خالايىق بويۇندىشىپ دەۋرەپ كەتتى. ئاندىن بوز ئاتقا مىنگەن ئەبۇئەلى ھەسەن ئارسلانخان ۋەزىر - ۋۇزرا، ھاجىپلىرى بىلەن چىقىپ كەلدى.

— شاھىنشاھ بۇغراخانغا بارىكاللا! — دېگەن ئاۋامنىڭ ساداسى پەلەككە كۆتۈرۈلدى.

ئەبۇئەلى ھەسەن ئارسلانخان بەگ يۇسۇپ، شەيخۇل ئىسلام نۇرىدىن داھ موللاھاجىم، ۋەزىر - ۋۇزرالار، ھۇسەيىن پەزلۇللائىبنى خەلەپ باشلىق ئالىم - ئۆلىمالار، ھۆرمەت كۆرسەتكەن ئاۋامغا سالام بېرىپ، مۇنبەرگە چىقتى.

بۇ كاتتا مەرىكىگە رىياسەتچىلىك قىلىش تاپشۇرۇلغان بەگ يۇسۇپ، قول ئىشارىتى بىلەن چېلىنىۋاتقان شادىيانىنى توختاتتى. ئۇ مۇنبەر ئالدىغا ئۆتۈپ ئاۋامغا ئېگىلىپ تازىم قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئالىپ ئەرتۇڭا، ئوغۇزخاننىڭ ئەۋلادى بولغان قانداش، قېرىنداش ۋەتەنداشلىرىم، قۇتلۇق نەۋرۇز بايرىمىڭلارغا مۇبارەك! — دېدى ئۇ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن.

— ئادىل پادىشاھىمىز بۇغراخان ئامان بولسۇن!

— بەگ يۇسۇپ ئامان بولسۇن! — دەپ چۇقان كۆتۈردى خالايىق.

— بۇ قۇتلۇق كۈندە تاج كىيىپ تەختتە ئولتۇرۇش ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئالىيلىرىدىن باشلىنىپ، ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. تۇغۇلغانىكەن ئۆلمەيدىغان ئادەم بولمايدۇ. شاھمۇ، پۇقرامۇ، بايمۇ، گادايمۇ ئەجەل شارابىنى ئىچىدۇ. ئاللاھ نەزەرىدە ھەممە ئادەم باراۋەر. ھېچبىر زات كۈچ - قۇدرىتى، بىلىمى، بايلىقى بىلەن ئۆمرىنى ئۇزارتالمايدۇ، ماھمۇت ئارسلانخان ئورنىغا بۇغراخان بولغان ئۆمەرتىكىن بىداۋا كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ ۋاپات قىلدى. دېۋانى ھاجىپ، دېۋانى ئارىز، دېۋانى توغرائى بىرلىكتە كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، بۇغراخان جەمەتىنىڭ كۆرسەتمىشى بىلەن ئۇردا كەنت دىيارىغا بۇغراخان بولۇپ كېلىۋاتقان ئەبۇئەلى ھەسەن ھارۇن ئارسلانخاننى، پۈتكۈل قاراخانىلار مەملىكىتىگە بۇغراخان قىلىپ تەيىنلەپ، تاج كىيگۈزۈپ تەختتە ئولتۇرغۇشنى قارار قىلغانلىقىنى جاكارلايمەن. ھازىر شەيخۇل ئىسلام مەۋلانا نۇرىدىن داھ موللاھاجىم تاج كىيگۈزىدۇ، — دەپ ئېلان قىلدى بەگ يۇسۇپ.

ساقىلى ئاق بۇلۇتتەك ئاقارغان نۇرىدىن داھ موللاھاجىم، ئالتۇن پەتنۇستا سېلىپ، بەگ يۇسۇپ سۇنۇپ بەرگەن ئالتۇن تاجنى ئەبۇئەلى ھەسەن ئارسلانخانغا كىيگۈزدى. ئارقىدىن بەگ يۇسۇپ شاھانە زەرياقىلىق تونىنى كىيگۈزدى.

— ئەبۇئەلى ھەسەن بۇغراخانغا مۇبارەك! ئادالەت قۇدرەت تاپقاي، — دەپ مۇبارەكلىدى تەۋرەنگەن خالايىق.

تاج كىيگەن ئەبۇئەلى ھەسەن بۇغراخان تەخت پايىسىغا پۇت قويغان ھالدا ئوڭ قولىدا قۇرئان، سول قولىدا قىلىچنى تۇتۇپ قەسەمياد قىلدى:

— ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئاللاھۇ ئەكبەر! پېقىرنىڭ بۇغراخان بولۇشى، ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىدىن، ئاۋامنىڭ ھىمايىسىدىنكى، ئۆز خاھىشىمدىن ئەمەستۇر. مېنىڭ خاھىشىمچە بولغاندا قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئاددىي نەۋكىرى بولۇپ، بۇغراخانغا ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلغان، ئاۋامنىڭ بەخت - سائادىتىنى جان تىكىپ قوغدىغان بولاتتىم. ھېلىمۇ ھەم ساداقەت كەمرىنى مەھكەم-باغلاپ، قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ قۇدرەت تېپىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ كۈنسېرى پاراغەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئادالەتنى قەتئىي جارى قىلدۇرىمەن. خەلقىنىڭ شاد - ئامانلىقىنى ھەر ۋاقىت قوغداپ، ياۋنى ھېچ تەرەپتىن ۋەتىنىمگە يولاتمايمەن. مۇبادا كۆرەڭلەپ خەلققە زۇلۇم قىلسام، ئەلنىڭ غېمىنى يېمەي ئەيش - ئىش-

رەتكە بېرىلسەم، ئورنۇم تەخت ئەمەس جازا مەيدانى بولسۇن. مۇشۇ ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھۆكمى بويىچە مانا شۇ قىلىچ بىلەن بېشىم چېپىلسۇن. ئاللاھۇ ئەكبەر!

—ئەبۇئەلى ھەسەن بۇغراخانغا تەڭرى مەدەتكار بولغاي!

—پادىشاھىنىڭ ئامانلىقى—خەلقىنىڭ سائادىتى! —دەپ ئالقىش ياغدۇردى كۆپچىلىك.

بەگ يۈسۈپ كىمخاپ جىلدقا سېلىنغان «قۇتادغۇ بىلىك»نى باش ئۈستىگە كۆتۈرگىنىچە بېرىپ ئەبۇئەلى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلدى:

—بۇغراخان ئالىيلىرى، تاج كىيىپ تەختتە ئولتۇرغان، بۇ قۇتلۇق دەقىقىدە، ئەجداد ۋە ئەۋلادلارنى كۆزدە تۇتۇپ يازغان «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق بۇ داستانىمنى ئۆزلىرىنى مۇبارەكلەپ تەقدىم قىلىمەن. تۈزۈم ۋە ئەنئەنىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئادالەتنى جارى قىلدۇرۇشتا، سودا-سېتىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەلنى بېيىتىشتا پايدىسى تەگسە ئارمانىغا يەتكەن بولاتتىم.

—رەھمەت ئۇستاز، بۇ ھېكمەتلىك كىتاب ماڭا دائىمىي ھەمراھ بولغاي، —ئەبۇئەلى ھەسەن بۇغراخان كىتابنى جىلدتىن ئالدى. ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاۋامغا كۆرسەتتى. «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن نام كۈن نۇرىدا پارلداپ چاقنىدى.

—رەھمەت بوگۇ بىلگە بوغۇغ.

—بوگۇ بىلگە بوغۇغقا شان-شەرەپلەر بولسۇن، —دەپ چۇقان سالدى خالايىق.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان «قۇتادغۇ بىلىك»نى جىلد ئىچىگە سالدى ۋە كۆتۈرگىنىچە تەختتىن چۈشۈپ—مۇنبەر يېنىغا ئېلىپ كەلگەن بۇغرا تۆگىگە مىندى. ئاندىن ئالتۇن تاۋاقتا ئېلىپ كەلگەن نورۇز ئېشى كوچىگە ئېغىز تېگىپ بەردى.

توققۇز چوڭ داش قازاندىكى كوچە، بۇ مەرىكىگە يىغىلغان ئاۋامغا بىر قوشۇقتىن ئاران يەتتى. ھەر بىر داش قازانغا بىر تۆگە، ئۈچ كالا، يەتتە قوينىڭ گۆشى، بۇغداي، گۈرۈچ، قوناق، ئارپا، ماش، نوقۇت قاتارلىق ئاشلىقنىڭ ھەربىرىدىن توققۇز چارەك، سەۋزە، چامغۇرنىڭ ھەر بىرىدىن ئوتتۇز ئۈچ چارەكتىن سېلىنغانتى ... لېكىن يەتمىگەن ئادەممۇ قالمىدى.

—بەگ يۈسۈپ، —دېدى كوچىغا ئېغىز تەگكەن ھۈسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ، —كىتابلىرىنى بۇغراخان ئالىيلىرىغا تەقدىم قىلغانلىرى ناھايىتى خاسىيەتلىك ۋەقە بولدى. ئۇنىڭ كۈچىگە-كۈچ، نىيىتىگە يۈكسەك ئارزۇ قوشۇلغاي. سىلى تىلەكلىرىگە يەتتىلە، مەنمۇ بىئارمان كۆز يۇمىدىغان بولدۇم، —ئالىم ئۇنى يەنە بىر قېتىم قۇچاقلىدى.

—ئۇستاز سىلى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىلا، ئونلىغان-يۈزلىگەن بوگۇبىلگە بوغۇغلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىلا، چۈشۈمگە شۇنداق ئايان بولۇۋاتىدۇ. بۇ كىتابىمنىڭ كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىسىنى ھەزرەتلىرىگە يادىكار قىلىمەن.

—ئاللاھۇ ئەكبەر! قوبۇل قىلدىم. چۆلدەرەپ قالغان كۆڭۈل ئېتىزىم ئەمدى ياشنايدىغان بولدى بەگ يۈسۈپ، قاچان تاپشۇرۇپ ئالىمەن؟

—سەل تۇرۇپ، بىزنىڭ غېرىب خانىمىزگە كۆك چۈچۈرىسىگە ئېغىز تەگكەچلى بارغاندا.

بەگ يۈسۈپ ئۇستازى بىلەن، شادىيانىنىڭ ياڭراق ساداسى ئاستىدا، تاج كىيىپ تەختتە ئولتۇرغان پادىشاھى شەرىپىگە سەما ئويناپ تەنتەنە قىلىۋاتقان ئاۋامغا قاراپ خۇشاللىقتا چۆمدى.

باھار قۇياشى، سەما سېلىۋاتقان تۈمەنلىگەن ئاۋامنىڭ تىنىق كۆلدىكى بەھەيۋەت كۆلەڭگىسىنى تاماشا قىلىپ چاقنىماقتا. ئىككى ئالىمنىڭ كۈلكە ئوينىغان چىرايىمۇ، ئاستا چايقىلىپ تۇرغان تىنىق سۇ يۈزىدىكى سېھىرلىك سايىلارغا قوشۇلۇپ كەتتى.

(رەسىمنى غازى ئەمەت سىزغان)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر

## قاراخانىيلارنىڭ نەسەبنامىسى (1)



راخمانجان رۇسۇل

# قېتىپ قالغان يېلىم چۆچىكى

(ھېكايە)

يېقىندا ئىشخانا مۇدىرىنى باشقا بىر ئىدارىغا مۇئاۋىن قىلىپ ئۆستۈرۈپ چىقىپ كەتكەچكە، ئىشخانا مۇدىرىنىڭ ئورنى بوش تۇراتتى. ئىدارە باشلىقىنىڭ يېشى قىرىق بەش ياشتىن ئاشقان، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ يېشى ئەللىكتىن ئاشقان بولۇپ، ئىشخانا مۇدىرىنىڭ ئورنىنىڭ بوش تۇرۇشى، ئۆكتەمجان بىلەن پاساتجانلارنىڭ كىچىك ھەرىكىتىنى تېخىمۇ تېزلەشتۈرۈۋەتتى.

— ئەمدى سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېرىشكە بولمايدۇ، — دېدى پاساتجان بىر كۈنى ئۆكتەمجاننى ئىشخانىسىغا تارتىپ، مەركەزدىن تارتىپ يەرلىككىچە، گېزىت - ژۇرناللاردىن تارتىپ رادىئو - تېلېۋىزورغىچە «ياشلاشتۇرۇش»نى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ - يۇ، ئەمما بۇ ناھىيە مەركەز بىلەن قارشىلىشىۋاتىدۇ... ، — پاساتجان شىرە ئۈستىدىكى «ئەرز»نى پۈرلەپ - پۈرلەپ پارچە - پارچە قىلغاندىن كېيىن غەزەپ بىلەن يەرگە تاشلاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۆتكەن قېتىمقى ئىككى قېتىملىق پاش قىلىش خېتىنىڭمۇ ھېچبىر ئىشقا پايدىسى بولمىدى، ھەي. . بۇنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمەيۋاتىمەن، — ئۇ ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك ئۇھ تارتىپ ئىشىكنى تاقاپ قويغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، — بىز ئەمدى ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتەيلى. . .

— قانداق ئۆزگەرتىمىز؟ — ئۆكتەمجان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇددى ئاتاكىغا ئۆتۈشكە تەييارلانغان ئەسكەردەك مۇشتىنى تۈگدى، — سەن نېمە دېسەڭ شۇ. . . بۇ ئىشلارغا مەنمۇ ھەيران، تۆلىگەن بەدەللىرىمنى ئويلىسام ئىچىمنى بىر چايان چاقىدۇ. ھەممىدىن يامىنى ئۆيدىمۇ تىنىم يوق. . .

— مېنىڭچۇ، — پاساتجان ئۆكتەمجاننىڭ سۆزىنى بۆلدى، ئوت ئۈستىگە ماي چېچىپ، — قارا، سەن تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرۈپ بولاي دېدىڭ، ئەگەر چوڭلار مائارىپىمدىكى بۇ يوچۇقنى بۇرۇنراق ماڭا تىنىپ قويغان بولسا مەنمۇ بۇ چاغقىچە. . .، — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن، سۆزىنى ئەسلى تېمىغا يۆتكىدى، — قارىغاندا ئىمزاسىز پاش قىلىش خېتىنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى تەكشۈرمەيدىغان ئوخشايدۇ، بىرقانچە كېچە ئۇخلىماي يازساق باشقىلار ئىمزا قويغىلى ئۇنىماي بىزنى ئوسال قىلدى، — ئۇ ئاۋازىنى تېخىمۇ پەسەيتىپ دېدى، — بىز يەنە بىرقانچە ئاي جاپا چېكەيلى. . .

— ھەر قانچە جاپا چەكسەك ئىككى يىلدىن بۇيان چەككەن جاپالىرىمىزنىڭ يېرىمىنى چېكەرمىز، — ئۆكتەمجان دوستىنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — ھەرقانچە بەدەل تۆلىسەك، نەچچە يىلدىن بۇيانقى تۆلىگەن بەدەلنىڭ ئوندىن بىرىنى تۆلەرمىز. . .

ئۇلار شۇنچە چوڭ بەدەل تۆلەپمۇ ئاشۇ

ئىككى قېرىنى ئۆرىۋېتەلمىگەنلىكىگە خورلۇق ھېس قىلىشاتتى، ھەممە ئىشنى تېرىغان ئاشۇ تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى، ئۇ يەيدىغاننى يەپ، ئوينايدىغاننى ئويناپ بولۇپ، بۇ ئىككەيلەننىڭ ئاغزىغا بىردىن قۇرۇق ئېمىزگىنى سېلىپ قويۇپ «غىپپىدە» باشقا جايغا ئۆسۈپ كەتتى. ئۇلار ئارقىسىدىن يوقلاپ بارغاندا تەشكىلات بۆلۈم باشلىقىنىڭ «مەن ھەممە ئىشىڭلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ پۈتتۈرۈپ قويدۇم، يېڭى تەشكىلات بۆلۈم باشلىقىغا سىلەرنى ئالاھىدە تونۇشتۇردۇم. . . دېگەنلىرى نېمىسى؟

ئۇلار يۇقىرىقىلارنى ئويلىغانسېرى ئىچى ئېچىشاتتى، ئامبۇر بىلەن بىرسى يۈرىكىنى قىسىپ تارتىۋاتقاندەك تولغىنىپ كېتەتتى.

ھەرخىل يېڭى پىلانلارنى تۈزەتتى. بىراق ئىشلار بارغانسېرى سۆرۈلۈپ، بىلىنىپ قېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ قالدى. بۇنىڭدىكى يەنە بىر سەۋەب ئاشۇ تۆت خوتۇندا، ئۇلار مىڭ جاپادا بىرقانچە كېچە كۆز يۇممای بىر پارچە كوللېكتىپ «پاش قىلىش خېتى» تەييارلىۋېدى، تۆت نەپەر ئايالنىڭ بىرسىمۇ قول قويغىلى ئۇنىماي، ئۇلارغا تېخىمۇ ئەلەم قىلىدى. ئۇلار ئۇيان ئويلاپ، بۇيان پىلانلاپ، بىر قانچە كۈنلۈك ئۇيقۇسى بەدىلىگە بىر چارە تاپتى:

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا سىرتتىن كىرىپ چىقىدىغان ئاياللار كۆپىيىپ قالدى، —دېدى ئۆكتەمجان بىر كۈنى پاساتجان بىلەن بىر بوتۇلكا ھاراقنى تىكلەپ قويۇپ، —كىرىپ چىقىۋاتقانلار ئىچىدە ھەرخىل تەبىقىدىكى ئاياللار بار، ھەتتا كىچىك قىزلارمۇ بار، —ئۇ تولدۇرۇپ قويۇلغان رومكىنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، بېكارلانغان رومكىنى «جاققىدە» قويۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، —ئەجىبا بۇ ئاياللار باشقا ئادەمنى ئىزدىمەي شۇنىلا ئىزدەيدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چاباش دەم ئېلىش، ھېيت - بايراملاردىمۇ داۋاملىق ئىشخانىسىدا، بىز پەيتنى ئېلىپ، دەل ئۈستىگىلا چۈشۈپ. . . ، —ئۆكتەمجان «ئۈستىگىلا چۈشۈپ» دېگەن سۆزنى باشقىچە ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىپ، قولى بىلەن بايام شىرە ئۈستىگە قويۇپ قويغان رومكىنى قامالىدى.



—توغرا، قامالاپ تۇتايلى، —دېدى پاساتجان دوستىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ كېرىلگەن بارماقلىرىنى جۈپلىدى، —بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئاپارات سېتىۋېلىشىمىز، بىر دانە مەخپىي تىڭشىغۇچ سېتىۋېلىپ بۇنى بىر ئامال قىلىپ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا بىلىندۇرمەي ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز لازىم. . .

ھەي، —ئۆكتەمجان قولىنى شىلتىپ پاساتجاننىڭ سۆزىنى بۆلدى، —ئاپپارات سېتىۋالساق بولدى، مېنىڭچە مەخپىي تىڭشىغۇچ سېتىۋېلىشىمىز ھاجەتسىز، —ئۇ قو-

لىنى شىلتىپ بېشىنى چايقىدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە مەخپىي تىڭشىغۇچ دېگەن نەرسىنى بىزنىڭ بۇ كىچىك ناھىيە بازارلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. . .

— بۇ سۈرەت ئاپپاراتىدىنمۇ مۇھىم، — دېدى پاساتجان ئۆكتەمجاننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئەگەر بىز ئۈستىگىلا چۈشەلمىسەك پۈتۈن ئەجرىمىز بىكارغا كېتىدۇ. سېتىۋېلىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، — پاساتجان ئورنىدىن تۇرۇپ خۇددى ئارتىسلاردەك بىر قولىنى قۇلىقىغا تۇتۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەن ئاياللار بەزىدە بىر قانچە سائەتلەپ ئولتۇرىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا بىر مەخپىي تىڭشىغۇچ بولمىسا گەپلىشىپ ئولتۇرغاندا كىرىپ قالساق ئۆزىمىز ئوسال بولىمىز.

— ئۇنداق بولسا مەيلى، — دېدى ئۆكتەمجان، — بىراق بۇنى قەيەردىن قانداق سېتىۋالارمىز؟،

— سەن ئۇنىڭدىن غەم قىلما، — دېدى پاساتجان، — يېقىندا مەن قېيناچامنىڭ توي ئىشى توغرۇلۇق ئۈرۈمچىگە بارماقچىمەن، مەخپىي تىڭشىغۇچنىڭ ئامالىنى مەن ئۆزۈم قىلىمەن، ئاپپاراتنى سەن سېتىۋالغىن، بىز ...، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مۈشۈكنىڭ چاشقان تۇتۇشىنى دوراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىز ئىشنىڭ كولمىناتسىيە نۇقتىسىغا بېرىشى ھامان بۆسۈپلا كىرىمىزدە، سەن سۈرەتكە ئالىسەن، مەن قوش قامىغاندەكلا ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تارتىمەن، — ئۇ پۈتۈن جەريانىنى ھەرىكىتى بىلەن دورىدى.

پاساتجان بىلەن ئۆكتەمجانلار جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئۇلارغا ئىنتايىن پايدىلىق بىر كاۋاك چىقىپ قالدى. ئۇلار ناھىيىلىك تەشكىلات بۆلۈمىدىن رەھبىرىي كادىرلارنى يىللىق سىناپ تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇددى بىر كاللەك ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ، شېرىن خىياللارنى قىلىپ، ئىككى كېچە ئۇخلىيالمىدى، تاسادىپىي كۆزى ئىلىنىشىپ قالغاندا ئاجايىپ شېرىن چۈشلەرنى كۆرۈپ، ئىشقا كېلىپ كۆرۈشكىچە ئالدىراپ، تېلېفوندا كۆرگەن چۈشلىرىگە تەبىر بېرىشەتتى. ئۇلار شۇ كۈننىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە يىللىق سىناپ تەكشۈرۈشكە يۇقىرىدىن مۇناسىۋەتلىكلەرنىڭ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋېلىپ، چۈشلۈك تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ پوچتىخانا ئالدىدا تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشتى. سائەت ئىستىرىلكىسى ئۇلار بىلەن قېرىشقاندەك ناھايىتى ئاستا ماڭاتتى. ئۇلار كۈتكەن مىنۇتلار يېتىپ كېلىپ تەشكىلات بۆلۈمىدىن چىقىدىغانلار ئۇدۇل سىستېما بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر يىغىلىشىنى ئورۇنلاشتۇرغان ئورۇنغا قاراپ ماڭدى، بىراق ئىدارىدىكى تۆت ئايال تېخىچە چىقمايۋاتاتتى. ئۇلار خۇددى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىت - تىت بولۇپ، تۆت ئايالنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ كۆزى تېشىلىپ كېتەي دېگەندە، ئۇلار بىر ئۆيدىن چىققاندەكلا يېتىپ كېلىشتى.

— بۈگۈن بىز كۈتكەن ئەڭ ياخشى پۇرسەت كەلدى، — دېدى ئۆكتەمجان ئاياللارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، — ئۆتكەندىغۇ «پاش قىلىش ماتېرىيالى»غا ئىمزا قويغىلى ئۇنىمىدىڭلار، بۈگۈن ياخشى پۇرسەت، ئەگەر بۈگۈنكى پۇر-

سەتنى قولدىن بەرسەك، مەڭگۈ ئاشۇ ئىككى چاباشنىڭ ئاياغ ئاستىدا ئۆتىمىز، — ئۆكتەمجان ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇڭلاشقا «رايىنى سىناش جەدۋىلى» دىكى گرافىلارنى توشقۇزغاندا ھەممىمىز «لاياقەتسىز» دېگەن بەلگىنى قويىمىز، بۇنىڭدا ئىسىم- فامىلىسىنى يازمىغاندىن كېيىن، ھېچقايسىمىزدىن گۇمان قىلالمايدۇ.

— توغرا، — دېدى پاساتجان ئۆكتەمجاننىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىپ، — ئۆتكەندە جاۋاب بېرىشتىن قورقۇپ ئىمزا قويغىلى ئۇنىمىغانلار، بۇگۈنكى سىناپ تەكشۈرۈشتە ئىسمىنى يازمىغاندىن كېيىن، قورقۇش ھاجەتسىز، ئەگەر بۇگۈنكى پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، كېيىن پۇشايمان قىلساڭلار بىزنىڭ كارىمىز يوق... ، - پاساتجان بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، — ئىشەنچلىك خەۋەردە ئۇ ئىككەيلەننى بۇ قېتىم قالدۇرۇشى ئېنىق، ئۇ چاغدا... ، — پاساتجان سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

تۆت ئايال بىر-بىر ئىپادە بىلدۈرمەي، بىر-بىرىگە قاراشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسالدى بولۇۋاتقانلىقىنى پەملىگەن ئۆكتەمجان تۆمۈرنى قىزىزىقىدا سوقماقچى بولۇپ ئۇلارغا يەل بەردى:

— ئەمدى ئىككىيلىنىشكە ئورۇن قالمىدى، ئەگەر بۇگۈنكى پۇرسەتنى قولدىن بەرسەك، پۇشايمان دورىسىنى تاپقىلى بولمايدۇ، ئويلاپ بېقىڭلار، ھەممىمىز «لاياقەتسىز» دەپ يازساق، تەشكىلات بۆلۈمى ھەقىكە تەن بېرەر!

— بايام پاساتجاننىڭ دېگىنى بەك ئىشەن-



چىلىك خەۋەر، ئەگەر بىز دېگەندەك قىلساڭلار يىغىندىن چىقىپلا ئۆتكەندە دېگەن كېيىمنى ئېلىپ بېرىمىز... ، — ئۆكتەمجان مەيدە يانچۇقىنى سىلاپ قويدى...

سىناپ تەكشۈرۈش ئاخىرلىشىپ، تەشكىلات بۆلۈمىدىن چىققانلار سىناپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئېلان قىلغاندا، نەتىجە ئۆكتەمجان بىلەن پاساتجاننىڭ كۈتكىنىدەك چىققان بولۇپ، ئۇ ئىككەيلەن مۇشۇ بىر يىلدىن بۇيان تۆلىگەن بەدەلدىن رازى بولۇپ، يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ، قېنىغا پاتماي قېلىشتى.

ئۇلار بۈگۈن راسا قېنىپ بىر ئۇخلىۋالماقچى بولۇپ بالدۇرلا ياتتى، بىراق بىر خاپىلىق، ۋەسۋەسە ئادەمنى ئۇخلاتمىسا، يەنە بىرى خۇشاللىقمۇ ئادەمنى ئۇخلاتمايدىكەن، ئۇلار بىر كېچە ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزدى.

— ھە، كېچە قانداق چۈش كۆرۈپسەن؟ — دەپ سورىدى ئۆكتەمجان ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇنلا ئالدىراپ پاساتجاننى چەتكە تارتىپ.

— ئۇخلىمىغان ئادەم چۈش كۆرەمدۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى ئۇنىڭ خۇشاللىقىدىن ئاغزى

جاۋغىيىغا يېتىپ، — چۈشۈمنى سورىغۇچە كۆزۈڭ ئىلىناشتىمۇ دەپ سورىغىنا!

— ها ها ها، — ئۆكتەمجان قاقاھلاپ كۈلدى، ئۇنىڭ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئېچىلىپ كۈلۈشى ئىدى. ئۇ پاساتجاننىڭ قولىنى سىقىپ تۇتۇپ كۈلكىسىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بەردى، — پەقەت ئۇيقۇم كەلمىدى، ئاخىرى ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىدارىنىڭ پىلانىنى يېزىپ چىقتىم، — ئۇ بىر تۇتام قەغەزنى پاساتجانغا تۇتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، — ئادەم يوق جايدا كۆرۈپ باققىن، ئوخشىمايدىغان قاراشلىرىڭ بولسا قوشۇۋەت، ھە راست، سەن قانداق چۈش كۆرۈپسەن؟

— مەنمۇ ئوخشاش، — دېدى پاساتجانمۇ كۈلۈپ كېتىپ ۋە يانچۇقىدىن بىر تۇتام قەغەزنى ئۆكتەمجانغا تۇتقۇزۇپ، — مېنىڭمۇ ئۇيقۇم كەلمەي، ئىدارىنىڭ پىلانى، ئىدارە باشلىقىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئادا قىلىشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى تۈزۈپ چىقتىم...

— نېمە، پىلانىڭدا سەن بىرىنجى قول بولماقچىمۇ؟ — ئۆكتەمجان ئەندىكىپ كەتتى.

— ئۆتكەنكى پىلانىمىز بويىچە ئەلۋەتتە مەن بولىمەن-دە! — دېدى پاساتجان بىر ئاز ھەيران بولغان ھالدا، — خىزمەت، ستاژ، مەدەنىيەت سەۋىيە جەھەتتىن ئالغاندا، سەن بىرىنجى قول بولۇشقا تېگىشلىك، چۈنكى سەن تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرەي دەپ قالدىڭ...، — ئۇ بىر ئىشنى ئويلىغاندەك گەدىنىنى قاشلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيە ستاژىڭمۇ مەندىن ئۇزۇن، بىراق، تۆلىگەن بەدەل ۋە كۆرسەتكەن يولغا قارىغاندا مېنى بىرىنجى قول قىلىشقا تېگىشلىك، بۇ ئىشنى پىلانلاشنى مەن پىلانلىغان... — بۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ! — دېدى ئۆكتەمجان پاساتجاننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — تۆلىگەن بەدەلگە كەلسەك، مېنىڭ تۆلىگەن بەدىلىم ئەڭ كۆپ، يول كۆرسىتىشنىمۇ سەن كۆرسەتتىڭ، بىراق، مېنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويۇپ، سەن خۇددى ياغىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتىن تېنچ-ئامان كۈن ئۆتكۈزدۈڭ، ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا مەن يەنچىلدىم...، — ئۆكتەمجان بوقۇلداپ يىغلاپ كېتىپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

زادى قايسىسىنىڭ بىرىنجى قول بولۇشى مەسىلىسىدە ئۇلار خېلى ئۇزاققىچە تالاشتى، ھەتتا ئازارلىشىپمۇ قالدى، ئەڭ ئاخىرى ناھايىتى تەستە تەشكىلات بۆلۈمى قانداق ئورۇنلاشتۇرسا شۇ بويىچە بولىدىغان، قىسقىسى قايسىنى بىرىنجى قول قىلسا شۇنىڭغا بويسۇنىدىغانغا بىرلىككە كېلىپ، مالىيىسىنى مۇئاۋىن بولغان كىشى تۇتىدىغان، كادىرلار ئىشىنى بىرىنجى قول بولغىنى تۇتىدىغان بولۇپ پۈتۈشتى...

ئۇلار شۇ كۈندىن باشلاپ كۈنلىرىنى شېرىن خىيال، ئارزۇ-ھەۋەس، دەككە-دۈككە، ۋەھىمە... بىلەن، كېچىنى بەزىدە كىرپىك قاقماي، بەزىدە قاباھەتلىك چۈشلەر بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ياخشىراق چۈش كۆرگەن كۈنلىرى تاڭ ئاتقۇچە تېلېفون ئارقىلىق تەبىر بېرىشىپ ئۆز كۆڭۈللىرىنى خۇش ئېتىشەتتى. «خىزمەت پىلانى»نى «تۆلكە تەقسىماتى» بويىچە قايتىدىن يېزىپ چىقىشتى.

بىراق، «سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۆرۈچ دەم يېگەن» دەك، تېخىچە بىرەر شەپىنىڭ بولماسلىقى ئۇلارنىڭ ئىچىنى قوچۇۋەتتى. ياخشىراق چۈش كۆرۈپ قويغان كۆڭۈللىرى ئاشۇ چۈشنى ئاتا قىلغان ئاللاغا ئىچىدە ھەمدۇسانا ئوقۇغان بىلەن يامان چۈش كۆرۈپ قويغان كۆڭۈللىرى خۇددى ئىچىدە چايان ئۈۋۈلىغاندەك تولغىنىپ كېتەتتى. ھەسرەتلىك ئىڭرايتتى. ئاھ ئۇراتتى...

جاھان زادى نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ؟! باشقا تۆلىگەن بەدەلدىنغۇ گەپ ئاچمىسۇن، بىر ئىدارىدا ئىشلەيدىغان ھەممە ئادەم «لاياقەتسىز» دەپ يازغان تۇرسىمۇ، يەنە بۇنىڭ تېگىدە نېمە سىر باردۇر ؟ ياكى بۇ ئاشۇ تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئۇلارنى كولدۇرلىتىش ئۈچۈن قۇرغان تۇزىقىمىدۇ ياكى باشقىلارغا كىمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ ئۆچ ئېلىشقا شارائىت ھازىرلاپ بەرگىنىمىدۇ ؟!!

دېمىسىمۇ راست، ئۇلار شۇنچە بەدەل تۆلەپ، ئۇزۇن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ، تەرەپ - تەرەپلەرگە قاتراپ چېپىپ، ئەسلىدە بىر كەشنى ئىككى يىل كىيىدىغان ئوغۇل بالا، بىر يىلدا ئىككى كەش كىيىۋاتسا ئۇلار ھەسرەت چەكمەي كىم ھەسرەت چەكسۇن، ئۇلار يىغلىماي كىم يىغلىسۇن ؟ «ھاپىتىغا شاپىتى، ئۈستىكىگە توقماق» دېگەندەك، بۇ ئىدارىنىڭ خىزمەت سىغىمچانلىقى ئانچە يۇقىرى بولمىغاچقا، ئىلگىرى بىرەر يېرىم سائەت كېچىكسىمۇ، ئون - يىگىرمە مىنۇت بۇرۇن كەتسىمۇ ئۇنچە سۈرۈشتە قىلىپ كەتمەيدىغان ئىككى «ئاقباش» بۇ يىللىق سىناپ تەكشۈرۈشتە «لاياقەتسىز» بەلگىسى ئۇرۇلغاندىن كېيىن، رادىئو گىمناستىكىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەننىڭ سىرتىدا، بىر مىنۇتنىمۇ يېزىپ مائاشىدىن تۇتقىلى تۇرىۋاتسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى ئەگەشكەن ئاياللارنىڭ تاپا - تەنىسى...

قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئۇلار تۆلىگەن بەدەلگە توشلۇق ئىنئامغا ئىگە بولۇشى، ھېچبولمىغاندا ئۆزىنى بىر تونۇتۇپ قويۇشى كېرەك... ئاخىر دەسلەپكى لايىھە بويىچە «ئۈستىدىن كاپ قىلىپ تۇتۇش» ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كويىدا كۈچ سەرپ قىلدى. بىراق بۇنىڭ جاپاسى كۆپ بولغىنى ئۈچۈن كېچە - كېچىلەپ ماراپ يۈرۈشكە، ھېيت - بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىنى قۇربان قىلىشقا توغرا كەلدى. تىڭشىغۇچ ئورنىتىلىپ، سۈرەت تارتىش ئاپپاراتىغا لېنتا قاچىلاپ قويغىلى نەۋاخ، ئىككەيلەن ئىككى «ئاقباش»نى خۇپىيانە پايلاپ يۈرگىلى خېلى كۈنلەر بولغانىدى.

بىر دەم ئېلىش كۈنى ئىدى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئالدىراش يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى، ئىشىك چېكىلىپ ئۆكتەمجاننىڭ ئايالى گۈلپەرى كىرىپ كەلدى.

— ھە، كېلىڭ، كېلىڭ — دېدى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى گۈلپەرىگە كرېسلونى كۆرسىتىپ، — قانداق ياخشى تۇرىۋاتقانسىز ؟

ئەسلىدە گۈلپەرى يېزىقچىلىققا قىزىقىدىغان قىز بولۇپ، گەرچە يازغان نەرسىلىرى تېخى بىرەر مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما بىر قانچە نەسرىنى ئېلان قىلدۇرۇشقا تەييارلاۋاتاتتى.

— ئۆتكەنكى نەسرىنى سىلى دېگەن

بويىچە تەييارلاپ كەلگەنىدىم، شۇڭلاشقا سىلىنىڭ ۋاقتىلىرىنى ئېلىپ. . . ،— گۈلپەرى سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ «ۋىللىدە» قىزاردى.

— ھە، كېرەك يوق، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن،— دېدى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئۇدۇلىغىلا،— قېنى كۆرۈپ باقاي.

مەن ئۆزۈم ئوقۇپ بېرەي،— دېدى گۈلپەرى بىر ئاز تارتىنغان قىياپەتتە،— تېخى ئاقىقا كۆچۈرمىگەنىدىم، سىلى بەزى ئۆزگەرتكەن جايلارنى. . . ،— خىجىل بولغان بولسا كېرەك سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ ئىشخانا ئىشىكىنى تاقىۋەتكەندىن كېيىن، ئىدارە باشلىقى بىلەن روبىرو ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا باشلىدى.



نەسىر ياخشى يېزىلغاچقىمۇ ياكى ئۇنى گۈلپەرى تولىمۇ ھېسسىياتلىق ئوقۇغاچقىمۇ ھەر ئىككىيلەن نەسىرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. دەل شۇ پەيتتە خۇددى تۇيۇقسىز يەر تەۋرىگەندەك جاراق- جۇرۇق قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىخەتەر قۇلۇپ ئاجراپ ئىشىك ئېچىلىپ، ئىشخانىغا ئۆكتەمجان بىلەن پاساتجان ئېتىلىپلا كىردى. ئۆكتەمجاننىڭ بويىنىدا سۈرەت تارتىش ئاپپاراتى بولۇپ، كىرگەنچە «چاراس» سىدە سۈرەت تارتىۋالدى. پاساتجان خۇددى چاشقانغا ئېتىلىپ، چاشقان كاماغا كىرىۋالسا جايىدا توختاپ قالغاندەك جايىدا ھاڭ- تاڭ بولغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— سىز؟— گۈلپەرى كۆزنى يۇمۇپ- ئاچقۇچە يۈز بەرگەن بۇ تاسادىپىي ئەھۋالدىن ھاڭ- تاڭ قالغىنىچە كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئەھۋالنىڭ تېگىگە يەتكۈچە ئىككەيلەنگە مىختەك قادالدى.

— سەن؟— دېدى ئۆكتەمجان نېمە قىلارىنى بىلمەي ئايالىغا ھۆرپىيىپ،— سەنمىدىڭ، بۇ ئىشخانىغا نېمىگە كىرگەن؟— ئۆكتەمجان كەلگىنىچە ئايالىنى بىر شاپىلاق سالدى،— نېمىشقا كۈپكۈندۈزدە...؟ نېمىشقا ئىشىكنى ئېتىپ ئولتۇرۇشىسەن؟

— بۇ بىزنىڭ ئەركىنلىكىمىز،— دېدى گۈلپەرىمۇ دېۋەيلەپ،— «دۇكى بارنىڭ خۇدىكى بار» دېگەندەك ئۆز خوتۇنۇڭغا قارا چاپلىساڭ، كەل سىلاپ باق،— ئۇ ئېرىنىڭ قولىدىن «كاپپىدە» تۇتۇپ، بىر قولى بىلەن كۆڭلىكىنى قايرىدى.

— ئۇ يەرنى سىلاپ يۈرمەي، سۈرەتنى يۇدۇرۇپ پاكىت قىلىسىمۇ ئۆلگۈرىدۇ؟— دېدى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى.

گۈلپەرى يىغلاپ قولىدىكى نەسىرنى ئۆكتەمجاننىڭ يۈزىگە ئاتتى ۋە «ھۇ ئىپلاس، نومۇسسىز» دېگىنىچە ئوقتەك چىقىپ كەتتى.

(قىستۇرما رەسىملەرنى دىلشات قادىر سىزغان)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر
كورەشجان ھوسەيىن

ئەنۋەرجان ئابدۇرېھىم

# مۇشتۇمزور ئادەم

(ھېكايە)

يېرىم كېچە. سىرتتا بوران ھۇشقۇيتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بەڭۋاش ئېقىنلىرى پات - پات چېلىك يېپىۋېتىلگەن دېرىزە ئاراشلىرىدىن بوسۇپ كىرىپ، سالقىن ئۆي پەردىسىنى كۈچلۈك لەپىلدىتەتتى. كارىۋاتتا، مەستلىكى يېشىلىپ كېتىپ، ئۇيقۇسى قاچقان ئەر قاچانلاردىدۇر ئايالى ئوقۇپ تاشلاپ قويغان بىر ژۇرنالنى ئوقۇپ يېنىچە ياتاتتى. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە تېخى باياتىنلا يورۇتۇلغان يۈز ۋاتلىق چىراغنىڭ كۈچلۈك يورۇقىدا كۆزلىرىنى پات - پات ئۇۋۇلاپ قويۇپ دەم ئۇياقتا، دەم بۇياقتا ئۆرۈلۈپ تازا ياخشى ئۇخلىيالمايۋاتقان ئايالى ياتاتتى. ئايال ئۆي ئىچى ھاۋاسىنىڭ شۇنچە سالقىن بولۇشىغا قارىماي، ئۈستىگە يېپىلغان ئەدىيالنى ئاياغ تەرىپىگە تېپىۋەتكەچكە ھەممە يېرى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يالىڭاچ دومبىسىدىكى يول - يول ئىزلار قانداقتۇر لاخشىگىر ۋە چىۋىقتا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن ئۇرۇلغان جايلاردەك قىلاتتى.

ئايالنىڭ ئارىلاپ ئاق كىرگەن چاچلىرى تولا يۇلۇنغاچقا شالاڭلاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ سول قولىنىڭ بىر قېتىم سۇنۇپ، مايماق ساقىيىپ قالغانلىقى ئېنىقلا مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

ئەر تېخىچە ژۇرنالنى ئوقۇپ ياتماقتا ئىدى. ئۇنىڭ رەتسىز، سالۋاراپ تۇرغان چاچلىرىدىن بېشىنىڭ يېيىلمىغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ، ژۇرنالنى خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئوقۇغاندىن كېيىن، باش تەرىپىگە قويۇپ قويدى - دە، ئوڭدىسىغا يېتىپ خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۇ باياتىن ئوقۇغان بىر ھېكايىدىكى ئەر پېرسوناژنىڭ ھەمىشە خوتۇنىنى خورلايدىغانلىقى، ئاقىۋەتتە خوتۇنىنىڭ بۇ دەرد - ئەلەمگە چىدىماي ئۆلۈۋېلىپ، روھىي ئالۋاستىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئېرىدىن قىساسىنى ئالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن بىر ۋەقەلىك قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. ئۇ ھېكايىنى ئوقۇۋېتىپ، ھېكايىدىكى ئەر پېرسوناژنىڭ خوتۇنىنى ئۇرۇشلىرىنىڭ بارغانسېرى ئۆزىگە ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىدىن، ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىدىن گۇمانلىنىپ، ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ھېكايىدىكى ئەر پېرسوناژنىڭ خوتۇنىنى لاخشىگىر بىلەن ئۇرۇشى، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ، دەسسەپ چەيلەشلىرى، چاچلىرىدىن تۇتۇپ سۆرەشلىرى ئۆزىگە ئوخشايتتى. تېخى ئۇ، ھېكايىدىكى ئەر پېرسوناژدىنمۇ بەكرەك رەھىمسىز ئىدى. ئۇ بىر قېتىم خوتۇنىنىڭ قورسىقىغا قاتتىق بىرنى تېپىۋېتىپ، ئالتە ئايلىق بولغان بالىنى چۈشۈرۈۋەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خوتۇنى بىرنەچچە قېتىم ھامىلىدار بولغان بولسىمۇ، ھەر قېتىمدا بالىسى بويىدىن ئاج-

راپ كېتىپ ھازىرغىچە پەرزەنتلىك بولالمىدى. قىزىق، خوتۇنى شۇنداق تاياق يەپ، خورلۇق تارتىپ يۈرۈپمۇ، يەنىلا ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ كېتەي دېمىگەن ئىدى.

سىرتتا بوران تېخىمۇ ئەدىمەكتە. كوچىلۇك بوران يېقىن ئەتراپتىكى تېرەكلەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ غاراسلىغان، شاۋۇلدىغان ئاۋازلارنى چىقىراتتى. دېرىزە يوچۇقلىرىدىنمۇ ئەنە شۇنداق ئاۋاز چىقاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا، قايسى بىر كىنودا كۆرگەن بىر ئالۋاستىنىڭ ئوبرازى كېلىشكە باشلىدى.

كىنودا كۆرگەن ئۇ ئالۋاستى خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بوران چىقىرىپ، قورقۇنچلۇق شەپە بىلەن پەيدا بولاتتى. ئۇ باياتىن ھېلىقى ھېكايىنى ئوقۇۋاتقاندىمۇ مۇشۇ ئالۋاستىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنىدى.

ئۇ قورقۇشقا باشلىدى. «قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەندەك دېرىزىگە يېقىن تۇرغان ئىشىك ئەنسىز غىچىلداشقا باشلىدى. ئىشىك ھەم يېپىلمىغاچقا، بىر ئېچىلىپ، بىر يېپىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ھەم يېپىۋەتمەكچى بولدى ـ دە، دېرىزە ئالدىغا يېقىن كەلگەندە بىرسى «قارا» دېگەندەك قىلىپ دېرىزىگە قاراپ سالدى. ئەييۇ ـ ھەنناس! خۇدا ئۇرغۇر دېرىزىنىڭ ئارقا تەرىپىدە يوپۇقا پەردە ئارىسىدىن بىر بەتبەشىرە ئالۋاستى قىپقىزىل ئۇزۇن تىللىرىنى ساڭگىلىتىپ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

ئۇ ۋارقىرىماقچى بولدى، ئەمما ئاۋازى تېشىغا چىقماي قالدى... ئۇ بىر كەملەردە سەل ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ، ئۆزىنىڭ قانداقلارچە قىلىپ كارىۋاتقا چىقىپ قالغانلىقىنى، ئايالىنى چىڭ قۇچاقلىۋالغانچە قانچە ئۇزۇن ۋاقىت ياتقانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى. ئۇ تامامەن ئېسىگە كېلىپ بولغاندىن كېيىن، كۆكرىكىگە ئۇرۇلۇپ تۇرۇۋاتقان ئىسسىق ھارارەتنىڭ ئۆز ئايالىنىڭ تېنىدىن كېلىۋاتقانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. گۇمانى كۆچەيگەنسېرى قۇچىقىدىكى ئايالىمۇ باياتىن كۆزىگە كۆرۈنگەن ئالۋاستىدەك بەتبەشىرە تۇسكە كىرىشكە باشلىدى.

ئۇ كۆزىگە كۆرۈنۈۋاتقىنىنىڭ قاتتىق قورقۇنچتىن پەيدا بولغان بىر خىيالىي تۇيغۇ ئىكەنلىكىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي تۇرغاندا كۆز ئالدىدىكى بەتبەشىرە تۇسكە كىرگەن ئايالىمۇ بارا ـ بارا ئۆز ئىسكەتىگە كېلىپ قالدى.

ئۇ ئەمدىلىكتە، خىيالىي تۇيغۇنىڭ سەزگۈ ئەزالارنى مۇشۇنچىۋالا دەرىجىدە ئالدىيالايدىغانلىقىغا ئۆز ـ ئۆزىنى زورمۇ ـ زور ئىشەندۈرۈپ، كۆڭلىدىكى قورقۇنچىنى پەسەيتمەكچى بولدى.

«توغرا، بۇ دېگەن خىيالىي تۇيغۇ، باياكۆرگىنىم بەلكى، چىراغنىڭ دېرىزە پەردىسىگە چۈشكەن شولىسىدۇر». ئۇ بۇ خىيالىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇپ، ناھايىتى غەيرەت بىلەن بېشىنى ئاستا ـ ئاستا بۇراپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن دېرىزە تەرەپكە قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى باياتىن ئۇ قارىغان جايغا ئۇدۇل كېلىشكە ئاز قالغاندا، بەدەنلىرى يەنە تىكەنلىشىشكە باشلىدى. ئۇ تۇساتتىن بېشىنى بۇراپ، ئۆزىنىڭ بەرداشلىق

بىرەلەيدىغان ـ بىرەلمەيدىغانلىقىنى دەڭسەپ باقماقچى بولدى. «قورقما، بۇ دۇنيادا ئالۋاستى دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس! » ئۇ، كۆڭلىگە هاي بېرىپ، ئۆزىنىڭ بەرداشلىق بىرەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ، پۈتۈن قورقۇنچىنى بېسىپ، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يەنە بىر قېتىم دېرىزە تەرەپكە بېشىنى بۇرىدى. ئۇ كۆڭلىدە ئۆزىگە «خۇدۇڭنى يوقىتىپ قويما»ــدەپ توختىماستىن بۇيرۇق بېرىپ، كۆزلىرىنى ئاستا ـ ئاستا ھېلىقى جايغا يېقىنلاشتۇردى. بۇ چاغدا ئۇ چىشلىرىنى مەھكەم كىرىشتۇرۇۋالغان بولۇپ، ئايالىنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىمۇ بارغانسېرى ئامبۇردەك چىڭىماقتا ئىدى. لېكىن ئۇ بۇنى تۇيمايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇ قارىماقچى بولغان جايغا يېقىن كېلىشكە ئاز قالغاندا، توساتتىن ئايالى «ۋايجان! »ــدەپ تۇۋلىۋەتتى ـ دە، خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك بىلىكىنى كۈچلۈك سىلكىپ ئېرىنىڭ ئامبۇردەك سىقىپ تۇرغان قولىدىن ئاجرىتىۋالدى. ئاندىن بىرلا ئىرغىپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، يېرىم ئۇيقۇلۇق كۆزلىرى بىلەن ئېرىگە ئېسەنكىرەپ قارىدى:

ــۋىيەي! نېمە... نېمە بولدى؟ بىلىكىمنى نېمانداق قاتتىق سىقىسىز! ئۇ خۇددى قاتتىق قورقۇپ كەتكەندەك ئالاق ـ جالاق بولغىنىچە تېز ـ تېز نەپەس ئالاتتى.

ئۇ خوتۇنىنىڭ بارغانسېرى چەكچىيىپ كېتىپ بارغان كۆزلىرىگە قاراپ، ئۆزىمۇ نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي، خوتۇنىغا تىكىلىپ قاراپ قالدى. ئۇ بىر هازادىن كېيىن، ئېسىگە كېلىپ، باياتىن بېرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىگە ئالدى.

ــمەن قاتتىق قورقۇپ كەتتىم!ــئۇ ئايالىغا ئاستا پىچىرلىدى. ئەر مىشىلداپ يىغلاۋاتاتتى. ئايال ئېرىنىڭ نېمىدىن قورقۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەكچى بولغاندەك، تۆت ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك بىلەن قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچقانداق غەيرى نەرسە كۆرۈنمىدى. توساتتىن ئۇنىڭ بۇرنىغا تۆۋەن تەرەپتىن تارىلىپ كېلىۋاتقان سېسىق پۇراق ئۇرۇلدى. ئۇ بىر نېمىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ، قولى بىلەن ياستۇقنى تايىنىپ ئۆرە ئولتۇردى ـ دە، ئېرىنىڭ ئاستىغا قارىدى.

ــتوۋا بۇ نېمە قىلىق، ئەمدى ؟!

ئايالىنىڭ بىر تۇرۇپ ئاچچىقى كەلسە، بىر تۇرۇپ كۈلگۈسى كېلەتتى. يەنە بىر تۇرۇپ ئۇ، ئېرىنى ئەزەلدىن بۇنداق بىچارە هالەتتە كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭ بايا بىر نەرسىدىن قورقۇپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىيتتى. ئۇ ياستۇقى ئاستىدىن بىر ئورام تازىلىق قەغىزىنى ئېلىپ، ئېرىنىڭ كۆرپىسىنى ئېرىغداشقا باشلىدى. ئەر تېخىچە مىشىلداپ يىغلىغىنىچە ئايالىنىڭ ھەرىكىتىنى خىجىللىق ئىچىدە كۆزىتىپ تۇراتتى.

ئايال ئىچىدە «توۋا ئۇمۇ بىر نەرسىدىن قورقۇپ كېتىدىكەن ـــھە »ـــدەپ ئويلىدى. ئۇ تازىلىق قىلىۋاتقاچ، ئېرىنىڭ مۇشۇنداق شەرمەندە هالەتتە خوتۇن كىشىدەك مىشىلداپ ماڭقىسىنى ئېقىتىپ، بۇرۇنقى ھەيۋىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە چاۋاك چېلىپ كەتتى.

«ئوبدان بوپتۇ، سېنىڭمۇ ئالدىمدا ياش تۆكىدىغان كۈنۈڭ بولىدىكەن ـ ھە ؟ » ئۇ

كۆڭلىدىن كەچكەن بۇ ئويىنى چاندۇرماستىن ئۆز ئورنىغا كېلىپ ياتتى-دە، ئېرىگە ھېسداشلىق قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ ياشلىرىنى قولى بىلەن سۈرتكەچ پەس ئاۋازدا سورىدى:

— نېمىدىن شۇنچىۋالا قورقۇپ كەتتىڭىز؟

— كۆزۈمگە ئالۋاستى كۆرۈنۈپ كەتتى.

— ئالۋاستى! قېنى قەيەردە؟ ...

— ئەنە، ئاۋۇ يەردە، ئەر ئېگىكى بىلەن دېرىزە تەرەپنى ئىشارە قىلدى، — بىر ئالۋاستى قىپقىزىل تىللىرىنى ساڭگىلىتىپ. . . كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈندى. — ئۇ بۇنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەتەي تىللىرىنى چىقىرىپ دورىدى.

— چىراغنىڭ شولىسى ئەمەستۇ! باياتىن ياتىدىغان ۋاقىتتا پايپىقىڭىزنى سالدۇرۇپ يۇيۇپ دېرىزىنىڭ تۇتقۇچىغا ئېسىپ قويغانىدىم. تالاغا يېيىپ قوياي دېسەم بوران چىققىلى تۇرۇپتىكەن.

ئايالى شۇ گەپنى دېگەچ دېرىزىگە قارىدى. ئەرمۇ ئەمدى قورقۇنچى بېسىلغاچقا، ئورنىدىن تۇرۇپ تەڭلا قارىدى.

دېگەندەك، نېپىز پەردىنىڭ ئارقىسىدىن دېرىزىنىڭ تۇتقۇسىغا ئېسىپ قويۇلغان بىر پاي جىگەررەڭ پايپاق دېرىزە يوچۇقلىرىدىن كىرىۋاتقان شامالدا لەپپەڭشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىر پېيى بولسا يەردە تۇراتتى.

ئۇ «تۇۋا» دەپ قولى بىلەن مەيدىسىنى بىر نەچچە قېتىم بېسىپ قويدى.

بۇنى كۆرگەن ئايال ھەممە ئىشنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا قىستاپ كەلگەن كۈلكىسىنى تىزگىنلىيەلمەي، ساراڭلاردەك قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدى.

ئايالىنىڭ ئەتەي ئۆزىنى زاڭلىق قىلىۋاتقانلىقىغا چىداپ تۇرالمىغان ئەر غەزىپى كېلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگۈپ، ئايالىنىڭ قاقاھلاپ كۈلگىنىچە يۇمىلىماۋاتقان ئاغزىغا تازا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالماقچى بولدى-دە، تۈگۈلگەن مۇشتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قۇلىقىنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ، مۇشت ئېتىشقا تەرەددۇتلىنىپ تۇرغان ئاشۇ دەقىقىدە، كاللىسىغا «پاللىدە» قىلىپ ھېلىقى ھېكايىدىكى ئالۋاستىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن ئايالىنىڭ ئوبرازى پەيدا بولدى. . .

ئەر ئۆزىنى ئۇرۇشقا باشلىدى. چاچلىرىنى يۇلاتتى، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە تاشلايتتى. يۇلقۇناتتى، كۆزلىرى ئادەم قورقۇدەك دەرىجىدە چاقنايتتى. ئۇ كىيىملىرىنى يىرتىپ تاشلىدى. ئاخىرى بېرىپ تېلېۋىزورنىڭ ئانتېنىسىنى يۇلۇپ ئالدى-دە، «قېلىچ» قىلىپ پۇلاڭلىتىپ، «ئالۋاستى، ئالۋاستىنى يوقىتىمەن» — دەپ، ۋارقىرىغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئايال بوران ھۇشقىيتىپ تۇرغان يېرىم كېچىدە ئېرىنىڭ كەينىدىن مەھەللە سىرتىغىچە يۈگۈرۈپ چىقىپ ئاخىرى ئۆيگە قايتتى. توققۇز كۈندىن كېيىن، كىشىلەردىن ئېرىنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغانلىقىنى، ئالۋاستىنى تۇتىمەن دەپ چۆلگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئوچقۇنجان ئۆمەر
كورەشجان ھوسەيىن

خۇدا بەردى ئابدۇللا

# قەشقەر — مېنىڭ سۆيۈملۈك ئانام

(نەسر)

قەشقەر — مېنىڭ سۆيۈملۈك ئانام، قەلبىمدە پەۋەس ھۆرمەت - ئېھتىرام. ھەر كوچا - مەھەللە، گۈزەرلەرگە تۇغقاندەك يېقىن، مەجنۇن تالدەك ئېگىلىپ بېرىمەن سالام.

ئېخى تۇنۇگۇنلا قوينىدا ئىدىم، كېزەتتىم قانماي رەستىلىرىنى، ئايلىناتتىم پەرۋانىدەك گۈزەل ھېيتگاھ، «ئۆستەڭ بويى»نى، «ئاللا - ئاللا» تۇۋلاپ قايناپ - تېشىپ ئوينايتتىم، دوست - بۇرادەر، يۇرتداشلىرىمنىڭ مەشرەپ - تويىنى؛ ئۇسساپ كەتسەم ئىچەتتىم، جانان چىنىدە تومۇز كۈنلىرى مۇزدەك جۇلاپ، دوغاپ سۇيىنى. ئاڭلاپ قانمايتتىم، ئايدىڭ بولغان ئاخشىمى ئۆزۈم بېدىش تاللىرى ئاستىدا غەزەلگە تەڭكەش دۇتار - راۋاب، تەمبۇر كۈيىنى؛ ئاڭلاپ ھاردۇق ئالاتتىم چارچاپ كەتسەم چەشمە قۇمدا ئېغىناپ يېتىپ، تەرلەپ كەتسەم چۆمۈلەتتىم، تۇمەن دەريا، «قىزىل»غا موللاق ئېتىپ. ساما سالاتتىم ھېيتگاھدا مىڭ - مىڭلارنىڭ قاتارىدا ھېيت - ئايەم كۈنلىرى؛ كۆز يۇمايتتىم، توي بولغاندەك كەچقۇرۇنلىرى، بۇلبۇللىرى چاڭلداپ سايراپ بېشىمدىن نېرى كەتمەيتتى، ناخشا ئېيتسام كوچىلاردا ھېچكىم ئەيىب ئەتمەيتتى. ھەر جۈمەدە قىلاتتىم تاۋاپ، ئۇلۇغ مەخمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنى، ئايلىناتتىم گىردابى يوق ئادەم دېڭىزى «ئاپپاق خوجا»، «تاختا كۆۋرۈك» بازىرىنى، دوستلىرىم بار ئىدى جانۇ - تەندەك يېقىن دىلكەش، ۋاپادار، يۈرىكىم سۇ ئىچەتتى گۈل سۇ ئىچكەندەك بولغاندا باھار. بىللە ئىچەتتىم ھەردائىم ئوبدان غىزا، خۇشپۇراق چايىنى، بەزمە قۇراتتۇق مۇڭدىشىپ، سىردىشاتتۇق تاپساق خىلۋەتنى، تونۇش ئىدى، گۈل - تىكىنى، دەل - دەرىخى ھەر توپ گىياسى. كۆيۈنەتتىم، ئاتام ئىدى، ئانام ئىدى باغ ئورمىنى، يار قاپتىلى، قىياسى. تار بولسىمۇ كوچىلىرى ماڭا ئازادە كەڭ بىلىنەتتى، قىشلىرىمۇ توڭماس ئىدىم ماڭا يازدەك، ئىللىق بىلىنەتتى. پاكىز، تەمكىن ھەم قەھرىمان، تۈيغۇن، ئوغۇل - قىزلىرى، يۈرىكىدە، چېھرىدە ئەجدادلارنىڭ ئۇدۇم - ئىزلىرى، ۋايسىمايدۇ، ئېگىلمەيدۇ، ئېغىر جاپا تارتسىمۇ، كۆرەڭلىمەس غايەت زور خەزىنە بايلىق تاپسىمۇ. بەزى - بەزى چۈشلىرىمدە ئەجدادلارنى - ئۇلۇغلارنى كۆرىمەن، ئا. ئىزارى، گۇمنام، نۆۋبىتىگە ھەمراھ بولۇپ كوچىلاردا يۈرىمەن. ناۋايىمۇ پەيدا بولۇپ قالىدۇ، چايخانىدا ساتارچىنىڭ قېشىدا، قولىدا قەلەم، كىتاب - دەپتەر، شايى دوپپا بېشىدا. شاھ مەشرەپمۇ دەيسەن ھەتتا بىرسى بوزلاپ شېئىر ئوقۇسا، (قاراپ ساڭا ھايال ئۆتمەي غەزەل، قوشاق توقۇسا). قىزىل گۈلنىڭ بويى كەتمەس كوچىسىدىن بىر قېتىم ئۆتسەڭ، نېمە ئارمان شۇنداق يۇرتتا بىر تۇغۇلۇپ بىر ئۆلسەڭ.



(سۈرەتنى ليۇبېلى تارتقان)

ئوسمان مۇھەممەدى ( قارا قۇتلۇق )

# نەسرلەر

## تۇپراق

ئاھ تۇپراق، سېنىڭ ئېتىكىڭ نېمانچە كەڭرى ۋە سەن نېمانچە رەھىمدىل. سەندە بىر قىسىم كىشىلەر زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ بىر - بىرىلىرىنى تىللايدۇ ۋە ئۇرىدۇ. بىر - بىرلىرىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بىر - بىرلىرىنى يوق قىلىشىدۇ، ھەتتا نۇرغۇنلىغان ماددىي ئىقتىسادنى بىر - بىرىنى نابۇت قىلىدىغان قوراللارنى ياساشقا ئىشلىتىدۇ.

ئاھ تۇپراق، سېنىڭ يەنە بىر تەرىپىڭدە بولسا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئىناق ئۆتۈپ، بىر - بىرىگە دەخلى - تەرۇز قىلماي، بىر - بىرىنى ئازابلىماي، ھېچنېمىدىن غەم قىلماي تەبىئەتتىن ھوزۇرلىنىپ ئارامخۇدا ياشايدۇ.

ئاھ تۇپراق، ئۇرۇش ۋە تېنچلىق تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان زېمىن، بىرسى ئىگراۋاتقان، بىرسى كۈلۈۋاتقان ۋە يەنە بىرسى ھېچ ئىش بولمىغاندەك قاراپ ئولتۇرغان؛ مەن سېنى قانداق ئىزھار قىلسام مۇۋاپىق بولار؟

## يول

مەن ئېگىزدە تۇرۇپ تۆۋەندە نۇرغۇن يوللارنى كۆردۈم. مەن كىتاب ئوقۇپ ئۆگەنگەن نۇرغۇن يوللارنى بىلدىم. مەن بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىمغا قارىسام، ئۇ يوللار مەن ئېگىزدە تۇرۇپ كۆرگەن ۋە كىتاب ئوقۇپ بىلگەن يوللارغا ئوخشىمايدىكەن. ھەقىقىي يول ئەمەلىيەتتە بېسىپ ئۆتكەن يوللار ئىكەن.

بىزنىڭ ماڭغان يوللىرىمىز ئېگىز - پەس، ئەگرى - توقاي ۋە داۋانلىق يوللار ئىدى. بۇ يوللارنى رىتلىك، پاكىزە ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان چىرايلىق يول قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن مېھنەت ۋە تىرىشچانلىقلار كەتتى. بەزىلەر بۇ يولدا جانلىرىنى پىدا قىلىشتى ۋە بەزىلەر بۇ يولدا قارىغۇ - توكۇر بولدى، بەزىلەر قىيىنچىلىق ۋە جاپا - مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي يېرىم يولدا تۇگەشتى.

بىزنىڭ ئالدىمىزدا بېسىپ ئۆتكەنلەرنىڭ يولى - ئات، كالا ھارۋىلىرى قاتنايدىغان توپا - چاڭ يوللار، بىزنىڭ ئارقىمىزدىن كېلىۋاتقانلارنىڭ يولى - ماشىنا، پويىز قاتنايدىغان ئازادە يوللار، بىز مېڭىۋاتقان يوللار تېخى پىشمىغان خام يوللار ئىدى.

مەن ھەر كۈنى ئەۋلادلىرىمغا ۋارقىراپ توغرا يول كۆرسىتىپ بېرىمەن. ئۇلار قەدىمىنى رۇسلايدۇ، ئالدى - كەينىگە يانىدۇ، بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىغا قارايدۇ. مەن تازا

زەڭ سېلىپ قارايدىغان بولسام، مېنىڭ كۆرسەتكىنىم چىرايلىق لايىھىلەنگەن مۇدۇر - چوقۇر يوللار ئىكەن؛

ئىنسانلار توغرا يولدا ئۈزلۈكسىز مۇددەت ماڭمەن دەيدىكەن، داۋاملىق ماڭغان يولىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى زۆرۈر ئىكەن. بۇ بىر ئالىي ھەقىقەت.

## پۇل

پۇل—دۆلەتنىڭ جېنى. بۇ جاننى دۆلەت قەغەزگە بېسىپ تارقىتىدۇ. يەنە خەلقتىن يىغىۋالىدۇ.

پۇل ئۇ پاكىز نەرسە ھەم پاسكىنا نەرسە؛

پۇل ئۇنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ ياشايدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ئىزىتقۇ ۋە ئالدامچى.

پۇل—ئادەملەرنى ھەر دەرىجە ۋە ئىناۋەتلەرگە ئېرىشتۈرىدىغان قەغەز ئويۇنچۇق، ئۇ بەزى ئادەملەرنى مەرتىۋىلىك، ئىناۋەتلىك قىلىدۇ، بەزى ئادەملەرنى بولسا گوللاپ ئىزىقتۇرۇپ خار - زار قىلىدۇ.

ئادەملەرنى پۇل بىلەن ئۆلچەش ياكى ھۆرمەت - ئىناۋىتىنى قىلىش ئاقىلانىلىق ئەمەس. پۇلدار ئادەمنى ياخشى ئادەم، نامرات ئادەمنى ئەسكى ئادەم دەپ قاراش تولىمۇ بىمەنىلىكتۇر.

ئۆزى پۇلسىز بولۇپ تۇرمۇشنى ئاران ئۆتكۈزىدىغان، ھەرخىل قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، جەمئىيەتنى توغرا كۆزىتەلەيدىغان، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ غۇرۇرى ۋە ئەخلاقىنى ساقلاپ يۈرۈيدىغان كىشىلەر، مەنىۋىيەت جەھەتتىن ئەڭ باي ۋە دۇرۇس كىشىلەردۇر.

كۆپ ئىقتىساد ئىنساننىڭ ئەقلىنى ئوغرىلايدۇ، مېھنەتسىز كەلگەن بايلىق ئادەمنى ھاماقەت قىلىپ قويىدۇ، ھاماقەت ئادەم ناچار ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايدۇ.

پۇل - بايلىق، مەنسەپ - مەرتىۋە بىر ئادەمدە ئەبەدىي تۇرمايدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى دۇنيادا پۇل ۋە بايلىقتىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان نەرسە—ئەركىنلىكتۇر. ئەركىنلىك بولسا ھەممىسى بولىدۇ، ھەممە.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر



نۇرمۇھەممەت ئىسمايىل

# سورتلۇق ئىت

(ھەجۋىي ھېكايە)

ناھىيە بازىرىدا ئىتلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىت توغرىسىدىكى قىزىقىشىم كۈچىيىپ قالدى. دېمىسىمۇ يول ـ رەستىلەردە، ئاشپۇزۇل، رېستورانلاردا ھەتتا ئىشخانىلاردىمۇ ئىگىسىنىڭ ئارقىسىدىن قويرىقىنى شىپاڭلىتىپ يۈرگەن ئىتلار كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمايتتى. بەلكى، شۇ قىزىقىشىمنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك ئىت توغرىسىدا ئاز ـ تولا مەلۇماتى بار بىر دوستۇم بىلەن ئىت بازىرىغا بېرىپ قالدىم. بۇ بازار ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ھەرخىل سورتتىكى ئىتلاردىن تېپىلاتتى. ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر پىستە كۈچۈكنىڭ سودىسىغا توغرا كېلىپ قالدۇق. كۈچۈك ئىگىسى 40 ياشلارغا بېرىپ قالغان، خېلى خوپ گىرىم قىلغان بولسىمۇ، ياداڭغۇ چىرايىدىن بىرخىل زەئىپلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرىدىغان ئايال ئىدى. بۇ ئايال ئاق يۇڭلۇق پىستە كۈچۈكىنى ئوماق بالىسىدەك باغرىغا مەھكەم بېسىۋالغان بولۇپ، سېتىۋالماقچى بولغان ئايالنىڭ تەڭلىگەن بىر تۇتام پۇلىغا نەزەر كۆزىنى سالماي تۇراتتى.

— بۇلار نېمە قىلىشىۋاتىدۇ؟ — سورىدىم مەن بۇ خېنىملارنىڭ سۆزلىرىدىن تازا بىر نەرسىنى ئاڭقىرالماي، — ئۇنچىلا پۇلنى نېمىگە تەڭلەيدۇ؟

— ماۋۇ خېنىم ئاۋۇ كۈچۈكنى قولىدىكى پۇلغا سېتىۋالماقچىكەن، — دېدى دوستۇم ماڭا چۈشەندۈرۈپ، — بىراق، ئاۋۇ خېنىم پۇلنى ئاز كۆرۈپ ئۇنىمايۋاتىدۇ.

— نېمە؟ بىر ئىتمۇ شۇنچە پۇلغا يارامدۇ؟ — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.

— «بىر خار بولغان نەرسە بىر ئېزىز بولىدۇ» دېگەن راستكەن ـ دە، بىر چاغلاردا بوسۇغا تۇۋىگە يېقىن كېلەلمەيدىغان ئىتلارنىڭ ئەمدىلىكتە ئادەملەر قۇچىقىغا چىقىپ قالغىنى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا سەن تازا بىلمەيدىكەنسەن، — دېدى دوستۇم پېشىمدىن تارتىپ:

— ماڭ، ئايلانغاچ دەپ بېرەي. سەن دېگەن ئۇ ۋاقىتتىكى ئىتلار، قورۇق ئۇستىخان ۋە قوناق كېپىكىدە چالغان ئاداپ بىلەن بېقىلاتتى. ھازىرقى ئىتلار بولسا پىشىشىق گۆش، سۈت، تۇخۇم ۋە پېچىنە ـ پىرەنىك بىلەن بېقىلىدۇ ھەم شۇنىڭغا يارىشا ئىگىسىگە جاۋاب قايتۇرىدۇ. ساڭا دېسەمچۇ، بەزى ئىتلار شۇنداق ئەقىللىقكى سەن ئىتنىڭ ئىگىسى ئۇستىدە بىرەر يامان سۆز قىلساڭغۇ ئەسلى،

شۇنداق بىر ئۆينى كۆڭلۈڭگە كەلتۈرۈپ بولغۇچە سېزىۋالىدۇ ـ دە سېنى تالاپ كېتىدۇ. هازىرقى ئادەملەرمۇ ئىت خۇمار بولۇپ كەتتى. قورىبى يەتسىلا ئىت باقىدۇ، شۇڭا ئىتلار قىممەت.

ــ مەن تېخى ئىتقا قىزىقىپ «بىرەر ئىت بېقىپ قويسام» دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ــ دېدىم مەن دوستۇمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، پۇلىمۇ قىممەت، ئۇزۇقلۇقىمۇ ئالىي ئىكەن ئەمەسمۇ كاساپەتنىڭ.

ــ شۇڭا ئىت بېقىۋاتقانلار پۇلدارلار ياكى ئەمەلدارلار، ــ دېدى دوستۇم چۈشەندۈرۈپ، ــ ئۇلارنىڭ ئىت ئارقىلىق قوغدايدىغان مەنپەئەت ۋە بايلىقى بار. سەن ـ بىزنىڭ نېمىمىز بار ئىت بىلەن قوغدىتىدىغان؟ پەقەت ئىتتىن قوغدىنىشنى بىلسەكلا بولىدى.

ئىتقا قىزىقىدىغانلار مەنلا ئەمەسكەنمەن، يېقىندىن بۇيان زاۋۇتتىكى ھەممە ئادەم ئىت توغرۇلۇق سۆزلىشىدىغان بولۇپ كەتتى. ھېلىقى كونى دوستۇم بىلەن بازار ئايلانغىنىمىزغا بىرەر ھەپتە بولۇپ قالغان چېغى ئىش ئارىلىقىدا ئىشداشلار يىغىلىپ يەنە ئىت توغرىسىدا سۆزلىشىپ قالدى.

ــ مېنىڭچە چوقۇم بۇ ئىتلارنىڭ نەسلىدە مەسىلە بار.

ــ راست، بولمىسا ئىت دېگەن بۇنچە ئەقىللىق بولۇپ كەتمەيدۇ. هازىرقى ئىتلار كىم نان بەردى، كىم گۆش بەردى بۇنىڭغا شۇ زاماتلا پەرقلىق مۇئامىلە قىلالايدىكەن ئەمەسمۇ؟

ــ بارغانچە ئىتلاردىنمۇ ئەمەلدار چىقىپ قالامدۇ تېخى.

ــ مۇمكىن بولسا ئىتقا ئۆزگەرگىلى بولسا ـ ھە!

بۇ سۆز بىلەن ھەممەيلەن قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك بىر پەس جىمجىت بولۇشتى... بىر ئازدىن كېيىن يەنە قايناپ كەتتى.

ــ نېمە دەۋاتىسەن؟ غەلىتە گەپلەرنى قىلدىڭغۇ؟

ــ ئىتقا ئۆزگەرگىنىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟

ــ ئۇنداق دېگىنىڭلا بىلەن، ــ دېدى ھېلىقى ئىشدىشىم ئۆز ئويىنى ئېيتىپ، ــ سىلەرگىمۇ ئايان كۈندە 8 ــ 10 سائەت تەرلەپ ئىشلەيمىز. يەپتىمەن دېگۈدەك يېگىلى، كىيىپتىمەن دەپ كىيگىلى بىر نېمە تاپالمىغاننى ئاز دەپ، كۈندە «قىسقارتىمەن»، «ئىش ئورنىدىن قالدۇرىمەن» دېگەن گەپلەرنىڭ ۋەسۋەسىدە دەككە ـ دۈككىدە ئۆتىمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە بىزنىڭ زاۋۇت باشلىقىدەك بىرسىگە ئىت بولۇپ قالساق، پۇشقاقلىرىنى يالاپ، قۇيرىقىمىزنى شىپاڭلىتىپ، ھېچنېمىدىن غەمسىز ئۆتمەيمىزمۇ؟ مېنىڭ زاۋۇت باشلىقى باققان ئاشۇ بۇدرە ئىتقا ھەۋەسىم كېلىدۇ.

ــ توۋا دېگىن، ــ دېدۇق ھەممەيلەن بىردەك ئۇنىڭغا. «تىلىڭ تاپارسەن» ــ دەپ ئىتقا ئايلىنىپ قالما ـ يەنە. ئادەم دېگەن بەربىر ئادەم. ئىت ھەرقانچە ئەقىللىق بولسىمۇ

مۇ ئادەمچىلىك بولالمايدۇ.

تۇروپلا «نېرۋامدىن كېتىۋاتقان بولسام كېرەك»—دەپ ئويلاپ قالىمەن. دېمىسىمۇ بىرسى بىلەن پاراڭلاشسامۇ، يالغۇز خىيال قىلسامۇ «ئىت»تىن ئىبارەت بىرلا تېمىنى چۆرىدەپ كېتەلمىگىنىم ئاز كەلگەندەك، مانا ئەمدى چۈشۈمدىمۇ ئىتنى چۈشەيدىغان بولۇپ قالدىم. باشقىسىنى قويۇپ تۇنۈگۈن ئاخشام كۆرگەن چۈشۈمنى ئەسلىسەم: «چۈشۈمدە زاۋۇت ئادەم قىسقارتىش توغرىسىدا يىغىن چاقىرىپتىمىش. چوڭ يىغىن زالى ئادەملەر بىلەن لىق تولغان بولۇپ، زاۋۇت باشلىقىنىڭ سىلىق-سىپايە، ۋەز-نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي غۇژمەك-غۇژمەك بولۇپ غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقۇدەك.

—ئىشلە دېسە ئىشلىدۇق، ئارام ئال دېسە ئارام ئالدۇق، ئىشقىلىپ نېمە دېسە شۇنى قىلدۇق، زاۋۇتنى باشقۇرالماي بىزنى قىسقارتماقچىمىكەن؟

—ئىشچى قىسقارسا بولىدىكەن، باشلىق قىسقارسا بولمامدىكەن؟

—زاۋۇتنى قۇرغۇچىلار مانا بىز. بىزنى «قىسقارتىمەن»—دەپ ۋەز ئېيتىماي ئۆزى قىسقارسۇن.

غۇلغۇلا تازا قىزىۋاتقاندا ئارىمىزدا بىر ئىتنىڭ خىرىس قىلىپ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلىنارمىش، ھەممىيلەن ھەيرانلىق بىلەن ئىت قاۋىغان تەرەپكە قارىغۇدەكمىشمىز، ھېلىقى بىردەم قاۋىغان ئىت بولماستىن، قايسى كۈنى ئۆزىنىڭ «ئىت بولۇش» ئارزۇسىنى ئېيتقان ئىشدىشىمىز ئىمىش. ئۇ خۇددى ئۆمىلەۋاتقاندەك تۆت پۇتلۇق بولۇۋالغان بولۇپ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى ۋە شۆلگەي ئېقىپ تۇرغان ئېغىزىدىن «يەنە شۇنداق دېسەڭلار تالايمەن» دېگەندەك غالجىرلىق ئەكس ئېتىپ تۇرارمىش.

—ۋۇي نېمە قىلىۋاتىسەن؟—تورە ئورنۇڭدىن.

—ھاۋ، ھاۋ، ھاۋ....

—سەن راستىنلا ئىتقا ئۆزگەرمەكچىمۇ؟

يەنە بىرەيلەن ھەيرانلىق بىلەن سورارمىش.

—مەن بۇرۇنمۇ ئىت ئىدىم،—دەيمىش ئۇ بىردىنلا بۇرۇنقىدەك راۋان سۆزلەپ،—«لېكىن، سىلەر بىلمىدىڭلار، مەن سورتلۇق ئىت، ئادەملەر ئېچىدىكى ئىت.»

بۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئويلىنىپ قالدىم. ھەتتا ئويقۇدىن ئويغانسامۇ بۇ ئىشلار كاللامدىن كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئىككى پۇتى بىلەن مېڭىپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئادەم بولمىسا كېرەك... ئىتلار ئادەمگە ئۆزگىرىۋاتامدۇ ياكى بەزى ئادەملەر ئىتقىمۇ؟...

**ئۇچقۇنجان ئۆمەر**

مەسئۇل مۇھەررىرى: كورەشجان ھوسەيىن

ئابلا ئەخمىدى

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن «قەشقەر» نىڭ ئېتىمولوگىيىسىگە نەزەر

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

2. سۇلې — سوغدى قەبىلىسىنىڭ نامىدىن ئىبارەت دېگەن قاراش ھەققىدە

ئۇيغۇر ئالىم - تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى شەرھلەنگەن يازمىلار كۆزىمىزگە چېلىقمىدى. خەنزۇ ئالىم - تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلىرى خېلى ئەتراپلىق بولۇپ، قايىل قىلىش كۈچىمۇ زور. ئۇلار «سوغدى» غا «سائادەت»، «گۆھەر ياكى قاشتېشى» دەپ مەنا بەرسە، «سوغدى» نىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە «سوگېدى»، «سوگېلى» دېيىمۇ خاتىرىلەنگەنلىكى؛ بۇنىڭدىكى سەۋەب: سوغدى تىلى «د» ۋە «ل» دىن ئىبارەت ئىككى تىل گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، قەدىمىي سۇلې (كاشغەر) گە تارقالغان سوغدىلار «ل» گۇرۇپپىسىغا تەۋە ئىكەنلىكى؛ جاڭ چيەن مۇشۇ ئاساستا كاشغەرنى «سۇلې»، يەنى «سوگىلې» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى سۈپىتىدە خاتىرىلىگەنلىكىنى قەيت قىلىشىدۇ. شۇنداقلا، مىلادىدىن 6 - 7 يۈز يىل ئىلگىرىدىن مىلادىيە 10 - ئەسىرگىچە ئېلىمىزنىڭ خېشى كارىدورىدىن تاكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەريا بىلەن سىر دەريا ئارىلىقىدا ياشىغان سوغدىلار قالدۇرۇپ كەتكەن تارىخىي ئىزلارنى تىلغا ئېلىپ، ئېلىمىزدە كاشغەردىن بۆلەك «سۇلې» دەپ ئاتىلىدىغان تۆۋەندىكى جايلار بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ: 1) گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشى رايونىدا «سۇلې شەھىرى» بار بولۇپ، ئىلگىرى «خۇالو شەھىرى» دەپ ئاتالغان؛ 2) خېشى كارىدورىنىڭ غەربىدىكى بىر دەريا ھېلىمۇ «سۇلې دەرياسى» دەپ ئاتىلىدۇ؛ 3) لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ سۇلې دەرياسىغا يېقىن بىر بېكىتى «سۇلې بېكىتى» دەپ ئاتىلىدۇ؛ 4) سۇلې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي چېكىسىگە جايلاشقان تاغ تىزمىلىرى «سۇلې — نەنشەن تاغلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ؛ 5) شىنجاڭدىكى گۈچۈڭ ناھىيىسىنىڭ بەن جيېگۇۋ دېگەن يېرىدە يەنە بىر «سۇلې شەھىرى» بار بولۇپ، يەرلىك ئاھالە ئۇنى «تاش قەلئە» دەپ ئاتايدۇ. شەرقىي خەن دەۋرىدە، مىلادىيە 75 - يىلى بۇ شەھەردە تۇرغان سىركاۋۇل گېڭ گوڭ: «تېۋىنىپ سۇلېدىكى چەشمە بۇلاقلارغا، چېكىندۇردۇق ھونلارنى» دېگەن مىسرالارنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇلاردىن تاشقىرى، داۋگۇاڭنىڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 1828 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كاشغەر يېڭىشەھەر قەلئەسىنى ياساپ، ئۇنىڭغا «سۇلې چېڭ (سۇلې قەلئەسى)» دەپ نام بېرىپ، كاشغەرنىڭ خەنزۇچە قەدىمىي نامى «سۇلې» نى ساقلاپ قالغان («قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 - توپلام، 17 - 18 - بەتلەر).

يۇقىرىدىكى مەلۇماتلاردىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، «سۇلې» ھەقىقەتەن سوغدى مىللىتىنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك تۇرىدۇ. لېكىن، سوغدىلارنىڭ تىل - يېزىقى بىلەن قىلچە تونۇشلۇقىمىز بولمىغىنى ئۈچۈن، «سوگېدى — سوگېلى —

سۆلې» غا بېرىلگەن «سائادەت»، «گۆھەر ياكى قاشتېشى» دېگەن مەنالارنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىشقا ئاجىزمىز. شۇنداقتىمۇ، ئالىم ـ تەتقىقاتچىلىرىمىز ھازىرغىچە نەزەرىدىن ساقىت قىلىپ كەلگەن، كاشغەر شەھىرى ئەتراپىدىكى «سوغلۇق» ۋە «سۆگەتاغ» كەنتلىرى نامىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەئى خەنزۇچە يازمىلاردا خاتىرىلەنگەن «سوگېدى ـــ سوگېلى ـــ سۆلې» دېگەن ئاتالغۇلار، مۇنداقچە ئېيتساق، سوغدى مىللىتىنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ قانداق؟ دېگەن سوئالنى قويۇش بىلەن بىر چاغدا، جاڭ چيەن بۇ يۇرتقا كېلىپ، بۇ يەرنى «سۆلې» دەپ خاتىرىگە ئالغان چاغدا، بۇ يەردە ياشىغۇچى سوغدىلاردىن باشقا يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ بۇ جاينى «كاشغەر» دەپ ئاتايدىغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلالمايمىز. چۈنكى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ: «بۇ شەھەر (كاشغەر ـ ئاپتور) نىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئەفراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان» («دىۋان» 1 ـ توم، 477 ـ بەت) دېگەن تەرىپى بىلەن جاڭ چيەننىڭ «سۆلې» ھەققىدىكى بايانلىرى ئاساسەن ئوخشايدۇ.

يەنە بىرى، «سۆلې ـــ سوغدىلارنىڭ نامىدىن كەلگەن» دېگۈچىلەر ئۆز قارىشىنىڭ توغرىلىقىنى «دىۋان» ئارقىلىق دەلىللەش ئۈچۈن، «مەھمۇد كاشغەرى، قەشقەر شەھىرىنىڭ تۆت ئەتراپىدا خېلى كۆپ سوغدىلىقلار مەھەللىسى بارلىقىنى يازغان» («قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 ـ توپلام، 21 ـ بەت) دەيدۇ. پەقەت «دىۋان» نىڭ ئۈچ تومىنى قايتا ـ قايتا ۋاراقلاپمۇ، ئۇنىڭدا مۇنداق مەلۇماتنى ئۇچراتمىدىم. مەن ئۇچراتقان سوغدىلار ھەققىدىكى مەلۇمات يۇقىرىدىكى نەقىلگە يېقىنمۇ كەلمەيدۇ: «سوغداق ـــ بالاساغۇنغا كېلىپ جايلاشقان بىر قەۋم. بۇلار سوغدىلاردىن بولۇپ، تۈركلىشىپ كەتكەن. سەمەرقەند بىلەن بۇخارا ئارىسىدا ياشايدۇ» («دىۋان» 1 ـ توم، 615 ـ بەت) دېگەن مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار» ئۈستىدە توختالغاندا: «كاشغەردە كەنجەكچە سۆزلىشىدىغان يېزىلار بار» («دىۋان» 1 ـ توم، 41 ـ بەت) لىقىدىن ئۇچۇر بېرىپلا قالماستىن، سۆزلەمدە «كەنجەك ـــ تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرى» («دىۋان» 1 ـ توم، 626 ـ بەت) ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىشنىمۇ ئۇنۇتمىغان. قارىغاندا، تەرجىمىدىن تەرجىمىگە تايانغان بۇ تەتقىقاتچىلار يۇقىرىدىكى نەقىلنى ئىشلىتىشتە، «كەنجەك» نى «سوغدى» دەپ چۈشىنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

3. جياشى (جيې شى) ـــ «كاشغەر» نىڭ قىسقارتىلما ئاھاڭ تەرجىمىسى دېگەن قاراش ھەققىدە

بۇ قاراش رېئاللىققا ئەڭ يېقىن بولۇپ، بۇ زېمىندا ياشىغۇچى مىللەتلەر تىلىدىكى ئورتاق ئاتالغۇغا ئاساسەن يېقىنلىشىدۇ. پەرق: «غەر» نىڭ قىسقارتىۋېتىلگەنلىكىدە. بۇ قاراشنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر مىلادىيە 644 ـ يىلى بۇ يەرگە كەلگەن راھىب تاڭ شۈەنزاڭ «كاشغەر» نى قىسقارتىلما ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىپ خاتىرىلىگەن «چۇشا» نى: «يەرلىك شىۋىنىڭ توغرا تەرجىمىسى بويىچە يېزىلمىغان» دەپ كەسكىن رەت قىلىدۇ ھەم بۇ قارىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە يېزىلغان «ۋېي سۇلالىسى ھەققىدە قىسقا خاتىرىلەر» دە بەزىلەرنىڭ «كاشغەر» نى «جيې شى» دېگەنلىكى؛ بۇددا كالامى ـــ «توز پادىشاھى ئەپسۇنى» دا: «khasa» دېگەن بىر نام خاتىرىلەنگەنلىكى؛

راھىب كاپورو تەرجىمە قىلغان كىتابتا «جىياشې» دەپ يېزىلغانلىقى؛ كونا يېڭى «تاڭنامە»لەردە «جىياشى» دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ ھەم تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، بۇلارنىڭ يېزىلىشى ھەرخىل بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، «كاشغەر»نىڭ قىسقارتىلما ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئاخىرىدا، «سۇلې»نىڭ «جىياشى»غا ئۆزگىرىشى ئۈستىدە توختىلىپ، تۈركىي قەۋملەر 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى موڭغۇل يايلىقىدىن غەربكە كۆچۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سوغدى (بەزىدە ساك — ئاپتور) تىلىدىكى «سۇلې»نى ئۆزلىرىنىڭ تىل ئادىتىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ «كاشغەر» دەپ ئاتىغانلىقى؛ خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن «جىيې شى»، «چۇشا»، «جىياشې»، «جىياشى» لارنىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشى ھاسىل قىلىپ، «يەرلىك تىللاشقان»لىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. «ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى بىر ئاھالە رايونى (ھازىرقى تۆت كوچا باشقارمىسىنىڭ بىرى)نىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىزچىل تۇردە ‹چاسا› دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقانلىقى بۇنىڭ ئىسپاتى. قېنى، قاراپ باقايلى: جىيې شى — چۇشا — جىياشې — جىياشى — چاسا — كاشى (قەشقەر). بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش بارلىقىنى بىر قاراپلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ» («قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى» 3 ـ توپلام، 117 ـ بەت). قارىماققا، بۇ ھۆكۈملەرنىڭ پاكىت ئاساسى مول، ئىلمىيلىكىمۇ كۈچلۈكتەك كۆرۈنسىمۇ، تازا ئىنچىكىلەپ مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، تۆۋەندىكىدەك كاۋاكلار بارلىقى سېزىلىدۇ.

1) راھىب كاپورونىڭ تەرجىمە كىتابىدىكى «جىياشې» — «كاشغەر (قەشقەر، كاھشگەر)»نىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى تۇنجى قىسقارتىلما ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭدىن توپتوغرا ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى يېزىلغان «ۋېي سۇلالىسى ھەققىدە قىسقا خاتىرىلەر»دە بەزىلەرنىڭ «بۇ جاينى ‹جىيې شى› دەپ ئاتاشقا باشلىغان» (يۇقىرىدىكى مەجمۇئە، 116 ـ بەت) لىقىدىن ئىبارەت پاكىت يانداپ ئۆتۈپ كېتىلگەن. «بەزىلەر»نىڭ كىملىكىمۇ ئەسكەرتىلمىگەن. بىز بۇ ھادىسىنى مۇنداق چۈشىنىمىز: (1) «بەزىلەر» جاڭ چيەن، تاڭ شۈەنزاڭلاردەك مەشھۇر زاتلاردىن بولمىغاچ، ئۇلارنىڭ خاتىرىسىدىكى بايانلار ئىنچىكىلەپ مۇلاھىزە قىلىش نۇقتىسى قىلىنمىغان، نامىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان. (2) «بەزىلەر»نىڭ خاتىرىسىدىكى «جىيې شى» 4 ـ ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە قوللىنىلمىغاچ، زامانىمىز تەتقىقاتچىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قاراپ، «كاشغەر (قەشقەر، كاھشگەر)»نىڭ قىسقارتىلما ئاھاڭ تەرجىمىسىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە پەيدا بولغان ۋاقتىنى تەخمىنەن 300 يىل كېيىنگە سۈرۈۋەتكىنىنى تۇيمىغان. نەتىجىدە، «سۇلې» ياكى «كاشغەر (قەشقەر، كاھشگەر)» بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان تۈركىي قەۋملەرنىڭ غەربكە كۆچۈشى ئاساسلىق مۇھاكىمە تېمىسى بولۇپ قالغان.

2) «تۈركلەر ‹سۇلې›نى ‹كاشغەر (قەشقەر، كاھشگەر)›گە ئۆزگەرتكەن» دېگەن ھۆكۈم تولىمۇ يەڭگىللىك بىلەن چىقىرىلغان بولۇپ، كىشىنى ئويغا سېلىپ قويىدۇ. چۈنكى تۈركىي قەۋملەرنىڭ 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا موڭغۇل يايلىقىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ

كېلىپ، بۇ تۇپراقنىڭ يېڭى خوجايىنىغا ئايلانغانلىقى پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلغان پاكىت. ئوخشاشلا، ئاشۇ ۋەقەدىن بىرەر مىڭ يىل ئىلگىرىلا بۇ تۇپراقتا ياشىغان يەرلىك ئاھالىنىڭ بۇ جاينى «كاشغەر» دەپ ئاتىغىنىمۇ ئەفراسىيابنىڭ مۇشۇ جايدا تۇرغانلىقىمۇ پاكىت. «ئەفراسىياپ» تۈركىي قەۋملەرنىڭ قەدىمىي ئەجدادى «ئالىپ تۇڭا ئەر (ئالىپ ئەر تۇڭا)» بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىردە ئۇ ئۆز قەۋمىگە خان بولۇپ، كاشغەر شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ۋە تاجاۋۇزچى پارسلارغا قارشى ئۇزۇن يىل قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ، بۇ زېمىننى باتۇرلۇق بىلەن قوغدىغان. شۇڭا ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ قەۋمىدىكىلەر چەكسىز قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمۈپ ماتەم تۇتقان. ئۆز زامانىسىنىڭ مەلۇم شائىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ مەرسىيە يازغان. بۇ مەرسىيە قەدىمىي تۈرك (ئۇيغۇر) تىل يېزىقىدا مەھمۇد كاشغەرى زامانىسىغىچە يېتىپ كېلىپ، بەزى مىسرالىرى «دىۋان»دىن مۇناسىپ ئورۇن ئالغان.

« ئالىپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ
ئېسىز ئاژۇن قالدىمۇ
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر»

تەرجىمىسى:

[ "ئالىپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ؟
يامان دۇنيا قالدىمۇ؟
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ؟
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر." ]

ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى مۇشۇ مىسرالار يېزىلىپ ھازىرغىچە بولغان 2500 يىلغا يېقىن جەريانىدىكى تىل ھادىسىسىدە، ئۇلاردىكى 12 سۆزدىن ئاران ئۈچى («ئېسىز»، «ئاژۇن»، «ئۆزلەك») ئىستېمالدىن قالغان (بەزىسى ئۇيغۇرلاردىن باشقا تۈركىي قەۋملەردە ساقلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن). تەرجىمىسىدە «يامان» قەدىمىي تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىدىن، «دۇنيا» بىلەن «پەلەك» تۈركىي تىللارغا ئەرەب ـ پارسچىدىن ئۆزلەشكەن پېتى ئېلىنغان. مانا مۇشۇ رېئاللىقنى نەزەرگە ئالغاندا، «كاشغەر» تۈركلەر غەربكە كۆچۈشتىن نۇرغۇن ئەسىرلەر ئىلگىرىكى ھادىسە ئىكەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

3) تۈركلەرنىڭ غەربكە كۆچۈشىنى تەھلىل قىلىش بىلەن بولۇپ كەتكەن بۇ تەتقىقاتچىلار 6 ـ ئەسىردىن بۇرۇنمۇ بۇ يەردە بىر قىسىم تۈركىي قەۋملەر، ھېچبولمىغاندا، تىلى تۈركلەرگە يېقىنلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭمۇ ياشىغانلىقى؛ ئۇلار ئەينى چاغدا ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇشۇ يۇرتقا «كاشغەر» دەپ ئات قويۇشى؛ كېيىن كۆچۈپ كەتكەن سوغدىلارمۇ، تۈركلەرمۇ ئاشۇ ئاتنى ئۆزلەشتۈرۈشى پۈتۈنلەي مۇمكىنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقان. بىزنىڭچە، مۇشۇ نۇقتا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىنسا، «سۇلې»نىڭ «كاشغەر»گە ئۆزگىرىشىنىڭ «تۈركلەرنىڭ غەربكە كۆچۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك»لىكىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ.

4) «سۇلې» ھەققىدىكى مەلۇماتلاردا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 946 ـ يىلىدىن 176 ـ يىلغىچە بولغان تۇپتوغرا 770 يىللىق تارىخىي جەريان بوش قالدۇرۇلغان. («قەشقەر تارىخىي ماتېرىياللىرى» 1 ـ توپلام، 2 ـ، 3 ـ بەتلەر).
بۇ دەل ئافراسىياپقا ئوخشاش داڭلىق ئالەمگە مەشھۇر خاقانلار مۇشۇ تۇپراقتا دەۋران سۈرگەن

770 يىل بولۇپ، خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى خاتىرىلەنمىگەچ، زامانىمىز تەتقىقاتچىلىرى بۇ توغرۇلۇق قەلەم تەۋرىتىشكە ئامالسىز قالغان. شۇنداقلا، بۇ 770 يىل بوشلۇقنىڭ مەلۇم قىسمىنى «دىۋان»دىكى مەلۇماتلار تولدۇرىدىغانلىقىنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ: «تۈركلەر مىلادىيە 6-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك ھەربىي كۈچى، سىياسىي كۈچىنى قالقان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىل، مەدەنىيىتىنىمۇ بۇ جايلارغا تامامەن سىڭدۈرۈۋەتكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ تۈركچە ‹قاش (-كاش—ئاپتور)›، دېگەن سۆزنى سوغدىچە ‹سۇلې›، دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىشمۇ مۇقەررەر ئىدى. ئەمما بۇنىڭ قەدىمدىن تارتىپ بۇ يەردە ياشىغان ۋە سوغدى تىلىنى ئىشلىتىدىغان ئاھالىلەرنىڭ رايىغا تازا ياقمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ سۆزنىڭ ئايىقىغا ئۆزىدىكى ئەسلى بار بولغان مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى قوشۇپ قويۇشمۇ تۇرغانلا گەپ. شۇنداق قىلىپ، ئىككى خىل تىلنىڭ بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولغان يەر نامى—قەشقەر دېگەن سۆز كېلىپ چىققان... ‹قەر (غەر، گەر—ئاپتور)›، دېگەن سۆز قەدىمكى سوغدى تىلىدا ‹رايون›، ‹دۆلەت› دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ («قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى» 1-توپلام، 24-، 25-بەتلەر) دېيىش ئارقىلىق، بۇ زېمىننىڭ يېڭى خوجايىنى—تۈركلەرنىڭ بۇ زېمىندا ئېلىپ بارغان ھەربىي، سىياسىي، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قىياسەن سۈرەتلەيدۇ ھەمدە «قاشتېشى» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىغان «قەش (كاش)»نى ئۆز تىلىدىن ئالغان تۈركلەرنىڭ يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ نارازىلىقىنى بېسىش ئۈچۈن، سوغدىچە «قەر (غەر، گەر)»نى قوشۇپ قويغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاشۇ ۋەقەدىن تەخمىنەن 200 يىل بۇرۇن «بەزىلەر» تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن «جېيې شى»نىڭ «بەزىلەر»دىن تەخمىنەن 300 يىل كېيىن تاڭ شۆەنزاڭ قاتارلىقلار خاتىرىلىگەن «چۇشا»، «جياشې»، «جياشى»لار بىلەن مەنداش ئىكەنلىكىگە كەسكىن ھۆكۈم قىلىپ: «بۇ ئاھاڭلار ئەمەلىيەتتە دەل ‹قەشقەر› دېگەن سۆزنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئوقۇلۇشى ئىدى» (يۇقىرىدىكى مەجمۇئە، 3-توپلام، 116-بەت) دېگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. بۇ ھۆكۈمدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىدۇكى: تۈركلەر بۇ زېمىنغا كۆچۈشتىن 200 يىل ئىلگىرىلا يەرلىك ئاھالە بۇ جاينى «كاشغەر (قەشقەر)» دەپ ئاتىغان. «بەزىلەر» بۇنى خەنزۇچە «جېيې شى» دەپ خاتىرىلىگەن. «بەزىلەر»دىن كېيىنكىلەر يەرلىك تەلەپپۇزغا يېقىنلاشتۇرۇپ «جياشې»، «جياشى» دەپ خاتىرىلىگەن. زامانىمىز تەتقىقاتچىلىرى «جېيې شى» بىلەن «جيا شى» ئوتتۇرىسىدىكى يىل پەرقىنى نەزەرگە ئالماي، «سۇلې»نىڭ كاشغەر (قەشقەر)گە ئۆزگىرىشىنى تۈركلەرنىڭ غەربكە كۆچۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكلەشتۈرۈپ قويغان.

5) «جېيې شى»، «چۇشا»، «جياشې»، «جياشى»لارنىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشى ھاسىل قىلىپ، يەرلىك ئاھالە تىلىغا «چاسا» شەكلىدە ئۆزلىشىپ، ھازىرقى كاشغەر شەھىرىدىكى تۆت كوچا باشقارمىسىنىڭ بىرى چاسا كوچا باشقارمىسىنىڭ نامى بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدىكى ھۆكۈم تولىمۇ يەڭگىللىك بىلەن چىقىرىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا

تۆت بۇرجەك نەرسىنىڭ ھەرقاندىقى «چاسا» دېيىلىدۇ. ئۇ تۈركىي ئاتالغۇ بولمىغاچ «دىۋان» دا ئۇچرىمايدۇ. «چاسا» نىڭ ئۇيغۇر تىلىدا پەيدا بولۇشى «دىۋان» دىن جىق كېيىنكى ئىش بولۇپ، ئەرەب - پارس تىللىرىنىڭ يامغۇردەك سىڭىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، كاشغەر شەھىرى (ئىچكىرىكى شەھەر قىسمى) نىڭ مەركىزىدىكى تۆت كوچا دوقمۇشى «چاھارسۇ» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان (بۇنداق ھادىسە شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا مەۋجۇت). بۇ ئاتالغۇ پارسچە «چاھار (تۆت)» غا ئۇيغۇرچە «سۇ» نى قوشۇپ ياسالغان بولۇپ، كېيىنچە، تەلەپپۇزدا «ھار» نىڭ چۈشۈپ قېلىشى، «ۇ» نىڭ «ا» غا ئالمىشىشى بىلەن «چاسا» شەكلىگە كىرگەن بولسىمۇ، ئەسلىدىكى مەنىسىنى يوقاتمىغان، يەنى خەنزۇچە «داشىزى»، «شىزىكۇ» لار بىلەن ئوخشاش ئۇقۇم. ئەمدى «چاسا» نىڭ بىر كوچا باشقارمىسىغا نام بولۇپ قالغانلىقىغا كەلسەك: ئازادلىقتىن بۇرۇن، كاشغەر شەھىرىدىكى يارباغ، نوربېشى، قۇمدەرۋازا، تۆشۈك دەرۋازىلىرى يېنىدا بىردىن ساقچىخانا بار بولۇپ، شەھەر سېپىلى ئىچىدىكى ئاھالىلەرنى بىرلا بەگ، نەچچە گېيجاڭ (جيېجاڭ — مەھەللە باشلىقى)، بوجاڭ (باۋجاڭ) باشقۇراتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، دەسلەپ شەھەر ئىچىدە تۆت «رايون» تەسىس قىلىنىپ، كېيىنچە «رايون» لار «كوچا باشقارمىسى» بولدى. ساقچىخانا ئۆستەڭبويى مەھەللىسىدىكى «يۇمىلاق شەھەر يولى» غا يۆتكىلىپ، ئۇنىڭ يېنىدا «ئۆستەڭبويى كوچا باشقارمىسى» تەسىس قىلىندى. نەچچە يۈز يىللار شەرقتە «كونا دەرۋازا» تەرەپكە، غەربتە «باش ئېرىق (بەش ئېرىق)» مەھەللىسىگە، جەنۇبتا «كەتمەن بازىرى» غا، شىمالدا «ئوردا ئىشىكى» گە بارىدىغان تۆت كوچا دوقمۇشى (خەنزۇچە داشىزى ياكى شىزىكۇ) نىڭ نامى بولغان «چاسا» مۇ نەچچە ئون مىڭ ئاھالىگە بىر پۈتۈن مەمۇرىي باشقۇرۇش رايونى (كوچا باشقارمىسى) نىڭ نامى بولۇپ قالدى.

ئەمما كاشغەر شەھىرى ئاھالىسى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى «چاسا» نىڭ چوڭ جەھەتتىن كاشغەر شەھىرىدىكى بىر كوچا باشقارمىسىنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، كونكرېت جەھەتتىن ئاشۇ تۆت كوچا دوقمۇشى (داشىزى، شىزىكۇ) نىلا «چاسا» دەپ چۈشىنىدۇ ھەم شۇنداق ئاتايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، «جياشى» — «كاشغەر» نىڭ خەنزۇچە قىسقارتىلما ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، يەرلىك ئاھالە تىلىغا «چۈشا» دىن جىق يېقىنلىشىدۇ. ئوخشاشلا، «جيې شى» مۇ ئۆز نۆۋىتىدە «جياشى» غا يېقىن بولۇپ، «كاشغەر» نىڭ خەنزۇچە يازما مەنبەلەردە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئەڭ دەسلەپكى قىسقارتىلما ئاھاڭ تەرجىمىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا زامانىمىز تەتقىقاتچىلىرىنىڭ «جيې شى» نى «جياشى» بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇپ مۇلاھىزە قىلىپ، «كاشغەر» نىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدىكى قاراشلارنى ئەمەلىيەتكە، ھېچ بولمىغاندا، تارىخىي چىنلىققا يېقىنلاشتۇرۇشى ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى، ھەرقانداق ئىلمىي يەكۈن قانداقتۇ تەسەۋۋۇر — قىياسنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈنكى سان - ساناقسىز ھادىسىلەرنىڭ چوڭقۇر ئىلمىي تەپەككۇر ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېقىنلاشتۇرۇلغان ئىخچام سۈرىتى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر




مۇھەممەت روزى

# كۈز لىرىكىلىرى

## توقۇزىنچى جەننەت

بەشكېرەمنى قىلغاندا سەيلە،
زوققا چۆمۈپ ھۆسنىگە باقتىم.
ئۇخچۇپ دىلدا ئىلھام، ھاياجان،
بۇ دىيارنى كۈيلەرگە قاتتىم.

مىسرالارغا تىزدىم ئۆزۈمنى،
بەردى مەزمۇن تەمى ــ لەززىتى.
ئەنجۈر، ئانار، شاپتۇل، بېھىلەر،
بولدى كۈينىڭ شېرىن شەربىتى.

گۈپۈلدەيدۇ مېۋە پۇرىقى،
مېۋىزار يول، ھويلا، باغ، ھەريان.
كەلگەن كىشى كېتىدۇ يايراپ،
جەمى ئۆزلۈق بۇندا نامايان.

ئەتراپىمغا تويماي قارايمەن،
ئالتۇن كۈزدە زوققا چۆمۈلۈپ.
شۇ ۋادىنى ياراتقان ئىنسىل،
دېھقانلارغا دىلدىن سۆيۈنۈپ.

ھەر دەرەختە ئۆزگىچە قامەت،
ئۆزگىچە تەم ھەربىر مېۋىدە.
ئالتۇن دەمسىز، شەپەق يا دېگىز. . .
ئايان رەڭگى ئۇلار چېھرىدە.

خىزىر نەزەر قىلغان بۇ جاينىڭ،
بەكمۇ گۈزەل نامى ــ تارىخى.
ئۇرۇن ئالغان قىسسە ــ داستاندىن،
بېھىش كېرەم ــ بېھىش دەرىخى.

سەككىز جەننەت يارىتىپ تەڭرى،
بولسۇن دەپتۇ زېمىندا بىرى.
توقۇزىنچى بېھىش ئۇچۇن باپ ــ
كەلگەن ئىمتى بۇ يۇرتنىڭ يېرى.

بوپتۇ شۇڭا گۈللەپ بۇ جاينىڭ،
داڭقى مەشھۇر، خەلقى مۇھتەرەم.
دەيدۇ ئۇنى كۆرگەن ھەر كىشى،
توقۇزىنچى جەننەت بەشكېرەم.

## ياپراقلار

ياپراقلار باغرىدا تىترەڭگۇ نەپەس،
تۆكۈلەر دەرەختىن خاموش ئىغاڭلاپ.
تۆكۈلەر كەچكۈزنىڭ دەردلىك ناخشىسى،
بىر ئۇزاق كەچمىشنىڭ كۈينى ئاڭلاپ.

ھاياتلىق قانۇنى بىزۇۋان ئەمەس،
بار ئۇنىڭ زەھەردەك ئاچچىق سوغۇقى.
ئىنسانىنىڭ بىرقەدەم كەينىدە تۇرار،
ھايات ۋە ئۆلۈمنىڭ چېگرا سىزىقى.

يىقىلسالىڭ غازاڭدەك توزۇيسەن يەرگە،
يەر قوينى مەڭگۈلۈك بولغۇسى قەبرەڭ.
ئاھ چەكمە باھاردا بىخ سۇرەر دەرەخ،
سىنىڭمۇ ئىزىڭنى باسىدۇ نەۋرەڭ.

## تۇرنىلار

خوش، ــ دېدىڭ تۇرنىلار تۇپىغا قاراپ،
تىترەك بار خوش دېگەن ئاشۇ سۆزۈڭدە.
ھەسرەتلىك بىر سېزىم جىسمىڭغا تاراپ،
مارجانلار يالتىراپ قالدى كۆزۈڭدە.

تۇرنىلار كېتىدۇ شۇنداق سەپ تارتىپ،
كەچكۈزنىڭ شامىلى ئۇچقان چېغىدا.
غازاڭلار تۆكۈلۈپ چۇشۇپ ئاق قىراۋ،
زېمىنىنىڭ باغرىنى قۇچقان چېغىدا.

ھاياتنىڭ چۆرگىلەپ تۇرغان چاقىنى،
ئارقىغا چۆرىمەك ــ ئۆلۈمنى كۈتەر.
ئۇ شۇنداق تىنىمسىز پەرۋازى بىلەن،
ئاي ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ كۆزلەردىن يۈتەر.

خوش، ــ دېدىڭ كەچمىشكە ئۆتكەن ھاياتقا،
خوش دېدىڭ بىھۇدە سۇلغان ياشلىققا.
ئاھ، ساڭا بەك بالدۇر كەلدى بۇ كەچكۈز،
تولمىدى خامىنىڭ تۆھپە ــ ئاشلىققا.

تۇرنىلار كېلىشەر يەنە باھاردا،
ئۇلارغا خۇشچىراي ئاچىدۇ باھار.
ۋە لېكىن، قايتمايدۇ سېنىڭ باھارىڭ،
تۆكۈلەر چېچىڭغا باھار بىلەن قار.

باھارنى ئاجايىپ خىسلىتىڭ بىلىپ،
تەر ئۇنى زامانىڭ تۇپراقلىرىغا.
تارىسۇن تولغانچە ئەتىرگۈل ھىدى،
سۆيۈنگەن ئاشىقلار قوشاقلىرىغا.

## كۆز يامغۇرى

ئالەم يايدى قارا پەردە تىمتاسلا،
ئاي باشلىغان ئەللەي كۈيى پۈتمەستە.
سۇندى ئەنە كۆكنىڭ ماتەم ھاسىسى،
ياپراقلارنىڭ شىلدىرلىشى ئۆچمەستە.

كۈز يامغۇرى نەمدەپ ئۆتكەن ئارچىزار،
ئىزدىمەكتە تۈگلاپ قالغان چۈشنى.
بەلكى ھېچكىم سېغىنمايدۇ مەڭگۈگە،
كۆز ياش بىلەن چۆمۈلگەن سوغ كېچىنى.

بەلكىم ئەمدى ناتونۇشتۇر بۇ دۇنيا،
ماي قوڭغۇزى چاچقان غىل ــ پال شولىغا.
ئارچىزاردىن چىققان تىترەك قەدەمنىڭ،
كۈز يامغۇرى تۆكۈلمەكتە يولىغا.

مۇھەممەد ئەخمىدى

## ئىككى شېئىر

## سۇ

ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى ئۆزۈڭ،
ياشنار سەندىن جېمى مەۋجۇدات.
سەن بولغاچقا ئېگىز ئاسماندا،
بۈركۈت مەغرۇر قاقىدۇ قانات.

شىلدىر ــ شىلدىر ئاقىتىڭ چىمەندە،
ھەربىر قەترەڭ تامغان يۈرەككە.
ئەجدادىمنىڭ روھى مۇجەسسەم،
كۈچ ــ جاسارەت بەردىڭ بىلەككە.

ئېقىپ مۇشۇ مۇنبەت دالىدا،
ئېچىلدۇردۇڭ سانسىز گۈل ـ چېچەك.
سەندە كەردى تاغلار قەددىنى،
شۇڭا ئەلگە باقتى كېلەچەك.

تارىخ بولۇپ پۈتۈلدى قايتا،
ھەر گىياھنىڭ مېۋىسى ـ كۆلكەڭ.
ئاڭلاپ كەلدۇق ناۋالىرىڭنى،
ئەقلىمىزگە كەلگەن بىلەن تەڭ.

تامچاڭ ياسار تومۇردا ئۆركەش،
ئۇلۇغلايمىز شۇڭا سېنى سۇ.
مېھرىڭ ئانام سۈتىگە تەڭكەش،
چىن يۈرەكتىن چىققان قەسەم بۇ.

## دېھقان

بىر ئۆمۈر مىننەتسىز ياشاپ تەر تۆكۈپ،
دۇنيانى ئەجرىدە باققانمۇ دېھقان.
گۈزەللىك شامىنىڭ پىلىكىگە دەل ـ
بىر ئوتنى ئۆچمەسكە ياققانمۇ دېھقان.

دالىدا زىپ مۇڭلۇق ناخشىنى توۋلاپ،
بىر كۆيگە مىڭ كۈينى قاتقانمۇ دېھقان.

ئۇلۇغلۇق بابىدا يوقتۇر تەڭدىشى،
يۈرەكنى يۈرەككە چاتقانمۇ دېھقان.

تاڭ سەھەر تورغاينى چىللاپ ـ ئويغىتىپ،
كۈن يەڭلىغ كەتمەننى چاپقانمۇ دېھقان.
كۆكلىتىپ قان ـ تەردىن چۆلنى ئۆزىگە ـ
شۆھرەتنىڭ تونىنى ياپقانمۇ دېھقان.

گۈل ئۈنەر ئۇ باسقان ھەربىر قەدەمدىن،
شۇ يۈسۈن قەدرىنى تاپقانمۇ دېھقان.
كۆكرىكى قالقاندۇر، يۈرىكى ئوقيا،
مۈشكۈلگە زەردە مۇشت ئاتقانمۇ دېھقان.

ھۇقۇشقا يەم بولۇپ مېھنەت مېۋىسى،
بىر چاغلار ۋۇجۇدى قاتقانمۇ دېھقان.
ئاھ! نىمجان ھالەتتە ئۆرە بولالماي،
ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقانمۇ دېھقان.

ھە، بۈگۈن نۇرلىنىپ ئۈمىد قۇياشى،
بوينىغا زەر ـ ئالتۇن ئاسقانمۇ دېھقان.
نادانلىق تەختىنى يەنجىپ پاچاقلاپ،
پەن ـ تېخنىك سۆيىدە ئاققانمۇ دېھقان.

ئەنۋەر ئايمۇھەممەد

## ناۋائىي ھوزۇرىدا

(باللادا)

( ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئەلشىر ناۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 561 يىللىقىغا ۋە ناۋائىيشۇناسلىق ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مېھنەتكەشلەرگە بېغىشلايمەن. )

بىر ئوبدان چۈش كۆردۈم ئاخشام كېچىدە،
ئۈچتۈمەن تەڭرىتاغ باغرى ئىچىدە.
تەڭرىتاغ ئۈستىدىن چىقىپ كۈچلۈك نۇر،
يورۇتتى قاراڭغۇ يولنى كېچىدە.

شۇ نۇرنى كۆرۈشكە قىلدىم مەن ھەۋەس،
قەلبىمنى چىرمىدى ئىنتىلىش پەۋەس.
شۇ نۇرنى كۆزلەپلا ماڭدىم چوققىغا،
ئاجايىپ مەنزىرە تونۇشمۇ ئەمەس.

تەلمۈرگەن ۋۇجۇدۇم ئىنتىلىپ تۇرغان،
چىقتىم مەن ئاخىرى شۇ نۇر قېشىغا.
بىر چولپ زات تۇراتتى نۇرنىڭ ئىچىدە.
ئاق تەلپەك كىيگەن ئۇ تېخى بېشىغا.

باردىم مەن خىزىردەك ئۇزات قېشىغا،
قارىدىم مەن ئۇنىڭ قىلغان ئىشىغا.
قولىدا نۇر چاچقان ئاجايىپ قەلەم،
قەلەمنىڭ سىياھى كۆزنىڭ يېشىدا. . .

ئاشۇ زات دەل مېنى كۈرۈش بىلەنلا،
توختاتتى دەرھاللا كۆزنىڭ يېشىنى.
—ئەسسالام، ـ دېدىم مەن قولىنى سۆيۈپ،
لېكىشتتى ئۇ زاتمۇ ئۇمىد بېشىنى.

سۆزلىدى ئۇ ماڭا جاراڭلىق قىلىپ،
—ئەي ئوغلۇم خۇش كەپسەن بەلەن ۋاقىتتا.
سىلەردىن ئايرىلىپ ئۆتتى تالاي يىل،
سېغىندىم كۆڭلىرىم ئۆتتى ئازابتا. . .

سورىدىم: ـ ئەي بوۋا، نېمە ۋەجىدىن،
كۆزلىرى تۇرىدۇ نەم ھەم ياش يۇقى؟
رەقىبلەر بەردىمۇ سىلىگە ئازار.
تەگدىمۇ ئۇلارنىڭ رەھىمسىز ئوقى؟

.................................

—«ياق»، —دېدى ئاشۇ زات (ئۇھ تارتىپ قويدى)،
كۆزۈمنىڭ بۇ يېشى رەقىبتىن ئەمەس.
سۆزلىدى ھەسرەتتە، سۆزلىدى بىر ـ بىر،
سۆزلىرى رېئاللىق، ناتونۇش ئەمەس؛

—ئەنە ئۇ دوقمۇشتا ھاراق دۈكىنى،
بىر توپ ياش بالىنى يولدىن چىقارغان.
كىيىمگە يۇقتۇرۇپ شۇنچە نىجاسەت،
چىرايلىق رۇخسارى تامدەك ئاقارغان.

سەبىيلەر قاچماقتا بىلىم باغچىدىن،
«ئوقەت قىل» دېمەكتە ئاتا ـ ئانىسى،
«كالا، قوي باققىن» دەپ بۇيرىغاچ ئۇلار،
ۋاقتىنى ئالماقتا چارۋا پادىسى.

ھەر دوقمۇش، رەستىدە كاۋاپچى تولا،
تونۇرنىڭ بېشىدا بىر مۇنچە ئادەم.
تونۇردىن گۆش كاۋاپ چىقماستا تېخى،
كاۋاپنى تالىشىپ يۇز بەردى ماتەم. . .

ئۇچقاندەك ماشىناقتا پىشۇرغان توخۇ،
ئاز قاپتۇ تېرىسى سېسىپ كۆكىرىپ.
بىر بالا سورىدى: قەيەرگە ماشىنىڭ؟
ئۇ دېدى: ياشايلى، ئوينايلى كۈلۈپ.

ئەر ـ ئايال، ياش، قېرى بولغان ئاڭا رام،
زېمىندا بار ئىكەن مېكىشقا كۆپ يول.
بالىلارماڭىسىلا ئىلىم يولىغا،
«ھەي ئەخمەق! يان دەيدۇ نىشانىمىز پۇل.».

بۇ ياققا قارىغىن، —دېدى ئاشۇ زات،
قارىدىم سىرتتا گۈزەل بىر ئايال.
چولپ يولدىن ئۆتكەن شۇ ياش، قىرانلارنىڭ ـ
ۋاقتىنى ئايناقلاپ قىلار ئۇ ھايال.

قارىسام كۆپ قىسمى تونۇش چىرايكەن،
بۇ ئىشتىن خېجىل بولۇپ يۇمدۇم كۆزۈمنى.
ئەي ئەجداد، سىلەرگە كېسەل تەگدىمۇ؟
ئالقاندا يۆگىدىم تېخى يۈزۈمنى.

لىتاپتا ئۇچماقتا بەش، ئون مىڭ سوم پۇل،
پارىخور ـ ناكەسكە ھەمراھ ئارقا يول.
دېھقاننىڭ ھەممىدىن ئالۋىڭى تولا،
مۇستەھكەم بىنادىن كولانماقتا ئۇل.

ئېشەكلىك بىر ئادەم يېقىلدى يەرگە،
چۆمۈلۈپ كېتىپتۇ، قوپالماي تەرگە.
ئەتراپتا تۇرغانلار كۈلۈشتى، ئېسىت!
بىلمىسىز قەلبلەر كەلمىدى سەرگە.

رېستوران، زىياپەت ئادەملەر مىژ ـ مىژ،
بوش قاپتۇ پەقەتلا كىتابخانىلا.
كەچ بولغاچ ئادەم يوق ئىكەن دېسەم مەن،
كۈندۈزىمۇ كۆرۈندى بوشلا يانا.

بىر ئايال كىيگەندە قىممەتلىك كىيىم،
بىردەمدە يۈز بولدى، كىيىمسىلىك خاتا.
بۇنىڭغا مەيلىغۇ، ئەمما كۆرۈندى،
كىيىمىمۇ ئۇچۇقكەن كۆكرەك ۋە يوتا.

باھالاش دېمىسە ئۆگەنمەس بالا،
كەلسىلا باھالاش ـ قورسىقى بالا.
جەرىمانە قورقۇتۇپ ھەتتا باغۇەننى،
بىرنى ئۈن كۆرسىتىپ كۆپەيدى چالا.

تۆي ـ تۆكۈن، ھەشەمىلىك، ئىسراپخور تولا،
«گىر»غا كەم كەلدى ھەر سېمىز ئۆيلار.
كالپۇكنى چىشلىشىپ زورىغا كۈلۈپ،
غەيۇەتتىن قىززىدى ھەشەمەت تويلار. . .

بۇ دېگەن سەن ئۇقمان ئىشنىڭ بىر قىسمى،
مەنزىلدە يوق ئىكەن ھېچكىمنىڭ ئىسمى.
«ئورۇندۇق» مۇشۇنداق خىسلەت كۆرسەتسە،
ئۆزگەرمەي تۇرالماس ھېچكىمنىڭ جىسمى.

سەن ۋە مەن بىر قەۋم كىشىمىز ئەنە،
بىلگەنسەن ئەي ئوغلۇم كۆزدە يېشىمنى.
بىخۇدلۇق ئىچىدە سەن ئۇخلاپ ياتما،
تۇتقىن سەن دەۋرنىڭ، ئىشنىڭ بېشىنى.

دېدىم مەن ئۇزاقتا: ــمەن بىرلا تۇرسام.
سۆزلىسەم تۇگەرمۇ شۇنچە كۆپ ئىشلار؟
كارىمىز بولماسقا ۋىجدان چىدامدۇ؟
باقارمۇ بىز كۈتكەن غەلىبە ـ يېڭىشلار؟

ـ مەن يالغۇز دەپلا سەن، بوش كەلمە ھەرگىز،
بىر ئادەم كۈچىنى سەل چاغلىما سەن.
غايىلىك، تىرىشچان، ئۇلۇغۋار بولساڭ،
تارىختا سالىسەن ئۆچمەس، شانلىق ئەن.

كەلگىنىڭ قېشىمغا بەك ياخشى بولدى،
ئۇلگە قىل «خەمسە»نى، مانا ياز قەلەم.
بۇ يولدا مېڭىشقا ئىرادىلىك بول،
تۈگىسۇن مەندىمۇ قايغۇ ۋە ئەلەم.

ئاجىزغا تەڭرى يار، يېتىمغا رەھبەر،
باشلىغىن ئىشنى سەن ئۆتمىسۇن سەھەر.
ھەممە ئىش تۈزەلسۇن سۇ سۈزۈلگەندەك،
مەن ئاڭلاي سېنىڭدىن ئەمدى خۇشخەۋەر.

............................................

ــھەزرىتى ناۋائىي! ۋارقىرىدىم شۇئان،
ئۇيقۇمنى قاچۇردى بۇ ياڭراق ئاۋاز.
مەن كۆرگەن مەنزىلنى ئەسلىدىم دەرھال،
قەلەمدىن نەزمىلەر قىلماقتا پەرۋاز.

«ئۈلگە قىل» دەپ بەرگەن «خەمسە» ۋە قەلەم،
ئەسەرلەر يېزىشقا ئۈندەيدۇ ھامان.
شېئرىيەت چوققىسى ئۇستاز ناۋائىي،
ئاقلايمەن ئۈمىدنى قالمايدۇ ئارمان.

جىلىل ھوشۇر

# ئىككى شېئىر

## مۇقلۇق سادا

رەھبىرىم ساڭا كۆلىدۇ قۇياش،
يۇلتۇز ئىگىشىپ تۇرار ئېگىپ باش.
تەتۇر قىسمەتلەر ئاتماس ساڭا تاش،
يېتىملەرنىڭ سەن بېشىن سىيلىسالڭ.

كۆل ئالسالڭ يەردىن زەرگە ئايلىنار،
ھايات بىغىڭدىن كەتمەيدۇ باھار.
ئېرىقلىرىڭدا سۈت ـ قايماق ئاقار،
يېتىملەرنىڭ سەن بېشىن سىيلىسالڭ.

ئېتىز ـ قىر، دالا سىزىدۇ شادلىق،
ھايات ئېشىڭغا قوشۇلار تاتلىق.
پىيادە بېرىپ يانارسەن ئاتلىق،
يېتىملەرنىڭ سەن بېشىن سىيلىسالڭ.

ئېتىراز ئوتى پەسلەيدۇ بىر پەس،
تولۇپ دىللارغا مۇھەببەت پەۋەس.
ئالەم پاكىزە ئالىدۇ نەپەس،
يېتىملەرنىڭ سەن بېشىن سىيلىسالڭ.

تۇرارسەن مەزمۇت ئەلدە ھاتەمدەك،
بىلىنمەس ھەرگىز بىر نەرسەلڭ كەمدەك.
ياشارسەن مەغرۇر ئەسلى ئادەمدەك،
يېتىملەرنىڭ سەن بېشىن سىيلىسالڭ.

## ئەشنالىق

كەپتەر بولۇپ قانات قاقسالڭ ئالدىمدا،
سېنىڭ ئۈچۈن پارە ـ پارە دان بولسام.
بولسالڭ ئەگەر روھىناتتا ئابىدە،
تىرىلدۈرۈپ جىسمىڭ ئۈچۈن جان بولسام.
توختىماستىن يۈرىكىڭدە ئايلىنىپ،
تومۇرۇڭدا ئېقىپ تۇرغان قان بولسام.

بولسالڭ ئەگەر كۆيۈپ تۇرغان يانار تاغ،
رازىمەنكى سەمەندەردەك كۆيۈشكە.
تاقىتىڭنىڭ چېكى بولسا كەلگىن يار،
ئارمانلىرىم تاشتى سېنى سۆيۈشكە.
گەر بولمىسا جەبرائىل بوپ كەلگىن تېز،
تەشنا مەنكى تىرىيىقىڭدا ئۆلۈشكە.

مۇھەممەت مۇسا

# ئىككى شېئىر

## نادانلار

ــــ «شېئىر پاخاللاشتى» دەپ جار سالغۇچىلارغا تەنبىھ

بىلمەي گۆھەر قەدرىنى داشقال دەيدۇ نادانلار،
بۇلبۇل خۇشتار بوستاننى جاڭگال دەيدۇ نادانلار.

شېئىر دېمەك شائىرنىڭ يۈرىكىنىڭ قېنىدۇر،
چۈشەنمەستىن ئالدىراپ پاخال دەيدۇ نادانلار.

بىلمەي تۇرۇپ شېئىرنىڭ سېھرىي كۈچى، رولىنى،
باھا بېرىپ ئۆزىچە ئۇسال دەيدۇ نادانلار.

مارجان كەبى مىسرالار دانە ـ دانە مېغىزدۇر،
تېتىيالماي تەمىنى شاكال دەيدۇ نادانلار.

شېئىر قايسى، گەپ قايسى، ئۆزگە تەگكەن نەپ قايسى؟
ئايرىيالماي يارامسىز ساپال دەيدۇ نادانلار.

قۇۋۋەت بېرىپ ۋۇجۇدقا ئىلھام بەرگەن شېئىرنى،
ئىنكار قىلىپ بىراقلا قوپال دەيدۇ نادانلار.

ئۆزى شېئىر يازالماي، سۆز كانىنى قازالماي،
ئۇلۇغ سېپتىن شائىرنى يوقال دەيدۇ نادانلار.

بىرخىل گۈلدە چىمەنزار رەڭدار تۇسكە كىرەلمەس،
قىلماق لازىم گۈللەرنى قامال دەيدۇ نادانلار.

ھەرخىل گۈللەر ئېچىلسا، خۇش پۇرىقى چېچىلسا،
تاپمىدى ھېچ شېئىرىيەت كامال دەيدۇ نادانلار.

ھەر تەرەپتىن دوشكەلەپ قەلەم تۇتقان قوللارنى،
بولسۇن روھسىز ھەم چۈشكۈن مالال دەيدۇ نادانلار.

قولاق سالماڭ جامائەت ئۇنداق خاتا گەپلەرگە،
قىلاي ئەلنىڭ راھىنى قامال دەيدۇ نادانلار.

## شائىرنىڭ يۈرىكى

شائىرنىڭ يۈرىكى—بىغۇبار ئەينەك،
چۈشىدۇ ئۇنىڭغا ھايات سۈرىتى.
تۇرمۇشنى سۈرەتلەپ كۆرسەتكەچ ئەينەن،
شائىرغا يۈكسەكتۇر ئەلنىڭ ھۆرمىتى.

شائىرنىڭ يۈرىكى—گوياكى بازغان،
يارىماس ئىللەتنى يانچىپ چەيلەيدۇ.
رەقىبكە شەپقەتسىز لەنەت ياغدۇرۇپ،
سۇئىقەستت - مىكرىنى گۇمران ئەيلەيدۇ.

شائىرنىڭ يۈرىكى—گوياكى خەنجەر،
رەقىبنىڭ باغرىنى قىلار مىڭ پارە.
شائىرنىڭ يۈرىكى—گوياكى مەلھەم،
بىتاپ ئەل قەلبىگە قىلىدۇ چارە.

شائىرنىڭ يۈرىكى—گوياكى بۇلاق،
ئەل ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئۇسسۇلۇق بېرەر...
ياشنىتىپ خۇشپۇراق لالە - رەيھاننى،
كۆڭۈللەر تۆرىگە گۈللەرنى تىرەر.

شائىرنىڭ يۈرىكى، ئەلگە ھەمنەپەس،
ئەل كۈلسە كۈلىدۇ بىللە قاقاھلاپ،
ئەل - ۋەتەن يىغلىسا يىغلايدۇ بىللە،
ئەل بىلەن تەڭ تۇرۇپ چېكىدۇ ئازاب.

شائىرنىڭ يۈرىكى - ئاسمانغا ئوخشاش،
ئۇنىڭدا ھەقىقەت تۇرىدۇ چاقناپ.
كۆز يۇمسا ئەگەردە قەلەمكەش شائىر،
ئۇنۇتماس ئەل - ئاۋام نامىنى يادلاپ.

شائىرنىڭ يۈرىكى - باھار ئەلچىسى،
دىللارغا باشلايدۇ سۆيگۈ - مۇھەببەت.
شۇڭلاشقا چىن شائىر ھۆرمەتكە نائىل،
بولغاچقا ئۇنىڭدا ئەلگە ساداقەت.

يۇسۇپجان سۇلايمان

## بىر ئازغۇنغا

كۆرۈنسەڭمۇ قىران يىگىتتەك،
قالدى يېشىڭ ئەللىككە بېرىپ.
ھالقىغاندا ئادەم بۇ چەكتىن،
ئىچ - ئىچىدىن كېتىدۇ قېرىپ.

قانات سۆرەپ يۈرىشىڭ قىزىق،
قىز، سىڭلىڭگە قەلبىڭدە ئارمان.
بولسا ئەگەر جۈپتۈڭ ناتىۋان،
بارمۇ سەندە بۇنىڭغا دەرمان؟

نەچچە بالاڭ دىل خەستىلىكتە،
چوڭ بولماقتا مىسكىن، پەرىشان.
روھىدىكى كەملىك، يېتىملىك،
نىگاھىدىن ئۆكسىمەس ھامان.

تەنبىھلەرگە سالمىدىڭ قۇلاق،
گۇمران بولدى تىكلەنگەن تەخت.
شەھۋەت تولغان مەينەت كوچىدا،
ئىزدەپ يۈردۈڭ ئۆزۈڭگە بەخت.

شەھۋەتخورلۇق - نەسلىك يولىغۇ،
بىلمىدىڭمۇ مۇشۇ ياشقىچە؟
ئېرىشمەكچى بولساڭ بەختكە،
تۈتقۇلۇقتۇ يولنى باشقىچە.

بىلسەڭ بەختىڭ، ئەي ئازغۇن ئادەم،
ئۆز پۇشتۇڭدىن بولغان شۇ بالا.
دەسسەپ يۈرسەڭ سەبىيلىرىڭگە،
سەن نە ئادەم، سەن يا بىر ۋابا.

نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى

## ئىككى شېئىر

### چۈشتىكى سىۋۇل

ئۇزۇن چۈشلەر كەلمەكتە لەيلەپ،
چۈش باغرىدىن تۇردۇم لەپىلدەپ.
يول چېتىدە تەنھا بىر دەرەخ،
ئۇزاپ كەتتى «خوش يولۇچى» دەپ.

تۇتالمىدىم ئۇنىڭ قولىنى،
ئېيتالمىدىم ياكى ئاڭا سۆز.
خازان تاشلاپ ئاستا ئۆمرۈمگە،
روھىم بىردىن بولدى سارغۇچ كۈز.

مۇمكىن بولسا تۇتاتتىم چۈشنى،
مۇمكىن بولسا چاچاتتىم شولا.
ئۆز شەكلىمنىڭ ئاجراپ تېنىدىن،
چۈش شەكلىگە ئايلىنىپ گويا.

ئەي يولۇچى، ئەي غەمكىن دەرەخ،
چۈشلىرىڭنى ئىرغىت ئاۋايلاپ.
ئۇندا بىر شېئىر ئايلىنار چوغقا،
شائىرىمەن كۆيەي يىل ـ يىللاپ.

### شېئىر قاتىلى

شېئىر يازدىم بىر كۈن قەلبىمگە،
ئۇ كىمگىدۇ قىلدى تەرجىمە.
شېئىر شۇنچە بۈيۈك بولسىمۇ،
ئۆلۈپ كەتتى قىزلار نەزىرىدە.

مەن شېئىرنىڭ بولدۇم قاتىلى،
قولۇمدا يوق مىلتىق يا خەنجەر.
ئۇچۇپ كەتتى روھىم تېنىمدىن،
قان تۆكۈلگەن شۇ پارلاق سەھەر.

ئۇپۇقلارغا سۇندۇم قولۇمنى،
سايرار ئىدى ئۇندا يۇچۇن قۇش.
روھىمدىكى شېئىر كوچىسى،
تۇرار ئىدى لىكىن، يەنە بوش.

ئىزدىمىدىم ئۆلگەن هاياتتىن،
ئۆز ـ ئۆزۈمگە زوقمەن كىتابخان.
شائىر بولدۇم دېسىمۇ بىرسى،
شېئىر يېزىش ئەمەستۇر ئاسان.

شائىر تاجىنى سۇندۇم ئامالسىز،
بۆشۈكتىكى بوۋاق بالىغا.
شېئىر كوچىسىدىن قايتتىم ياش تۆكۈپ،
ئايلاندىم بىر ياخشى قاتىلغا.

مۇھەممەت

## ئىككى شېئىر

### مەيلىمۇ ؟

ياخشى بولۇپ يامانغا، پاخپال بولۇپ سامانغا،
چەشلىرىدىن خامانىنىڭ قىچىپ كەتسەڭ مەيلىمۇ؟
ئىززەت بىلەن ئۆز كۆرسە، سېنى كۆڭلى تۆز كۆرسە،
پەشلىرىدىن تۇيدۇرماي كېسىپ كەتسەڭ مەيلىمۇ؟
تىم ـ تۆز يېگەن تاۋاقنى، گۈل ئۇستۇرگەن شىۋاقنى،
ئەشلىرىدىن ئىلىنپلا سىيتىپ كەتسەڭ مەيلىمۇ ؟
ئاقچا خەجلەپ ئىشىڭغا، قولىن قويسا بېشىڭغا،
تەرلىرىدىن بېقىلىپ بېزىپ كەتسەڭ مەيلىمۇ ؟

زارلىرىڭغا زار بولسا، شاشلىرىڭغا يار بولسا،
غەشلىرىڭدىن يېنىپلا ئېزىپ كەتسەڭ مەيلىمۇ؟
دۈشمىنىڭگە تىغ سالسا، مۈشكۈلۈڭگە يول ئاچسا،
جاپالاردىن يىقىلىپ يېتىپ كەتسەڭ مەيلىمۇ؟

نادامەتنىڭ قوينىدىن، قۇتۇلدۇرسا كۆڭلىدىن،
ئەزمىلەردىن سىردىشىپ يېتىپ كەتمەڭ مەيلىمۇ؟
زامان نەدە، سەن نەدە؟ ئۇيقۇڭنى ئاچ ۋەتەندا
بەزمىلەردىن چېلىشىپ سېسىپ كەتسەڭ مەيلىمۇ؟

## يېگانە سەھەر

چۈشلىرىمدەك يېگانە سەھەر،
ئېقىپ كېلەر يۈرەك قېتىمغا.

مەخسۇم سادىق

يامغۇر كەبى تامچىغان ئىقبال،
گۈل بەرگىدىن بېرىدۇ سادا.

سالقىنغىنە كۆتۈرۈلگەن ھىد،
دېماقلاردا بولار رىۋايەت.
يىراققىچە سوزۇلغان تۈيغۇ،
يوقالمايدۇ يار كەبى ئەبەد.

يېگانە بىر شائىر بالىنىڭ،
ئاشىقى سەن يېگانە سەھەر.
بەھىر بېرىپ ھايات ئەھلىگە،
كىرىپ كەتتىڭ چۈشۈمگە قەدەر.

## پارچىلار

1

تىكەننى بىرەھىم سانجىپ تۇرسا گۈل،
شېخىدا تىنىمسىز سايرايدۇ بۇلبۇل.
يۆگىمەچ دەرەخكە كەتسە چىرمىشىپ،
ئۇل دەرەخ زەررىچە ئۈزاتمايدۇ قول.
خىسلەتكە مىڭ ئاشىق، شۇنداق دۇنيا بۇ،
بىخىسلەت ئاشىقمۇ كۆرۈلمەس قوبۇل.

2

نىگارىم كۆزىدە ياش قىيان قالدى،
ۋۇجۇدۇم گوياكى مۇزسىمان قالدى.
نامەرتلىك قىلدى بەك بىزلەرگە قىسمەت،
دىللاردا ئەبەدىيلىك داغ ـ ھىجران قالدى.
بىلمىدۇق گۇناھى نېمىكىن زادى ؟!
سۆيگۈدىن تارىختا زار ـ پىغان قالدى.

3

بىر نۆۋەت ئەمگۈزگەن سۈتى ھەققىگە،
ئانىنى ھاپاشلاپ بارسا مەككىگە.
ياخشى ئىش ۋە لېكىن، ئاشۇ ئانىنى،
ئىتتىرەر بەزىلەر جاپا تەكتىگە
ۋاپانى جاپاغا قۇل قىلغان ناكەس،
كىم لەنەت ئوقۇماس ئاسىي بەندىگە ؟

4

ئون بالىنى باققانتى ئانا،
دىل مېھرىنى بېرىپ تەڭ قويۇق.
باللارغا ئەپسۇسكى ئەمدى،
بىر ئانىمۇ كەپقالدى ئوشۇق. . .
بۇ دۇنياغا ھەيرانمەن شۇنچە،
بىر يەرلىرى ئاشۇنداق پۇچۇق.

بۇ سانىدىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل
مۇھەررىرى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر

# شائىر ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا بېغىشلانغان سەھىپە

## شائىر، ژۇرنالىست، تەتقىقاتچى ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلدى

ئېزىزانە قەشقەرنىڭ مول نېئمەتكە تولغان قۇتلۇق بىر كۈنى — 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، شائىر، ژۇرنالىست، تەتقىقاتچى ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن ۋە ئۇنىڭ قەلەمداش، دوست - دىلكەشلىرى، ئىخلاسمەن شاگىرتلىرى، ئۆمۈرلۈك قەدىناسى، ۋاپادار پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولدى. بۇ كۈنى ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئاخبارات - نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ھەرقايسى ساھە ۋە يىراق - يېقىندىن كەلگەن 200 گە يېقىن قەلەمكەش، ۋىلايەتلىك پارتكوم يىغىن زالىغا جەم بولۇپ، ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن ئەدەبىي ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياڭ شېچۇ سۆز قىلىپ، ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىننىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتى ۋە ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەردى. قەلەمكەش، يازغۇچى - شائىرلاردىن ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىننىڭ ئىجادىيەت روھىنى ئۈلگە قىلىپ، كۆپلەپ ساغلام، نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىندا ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى، ئىجادىيەت ھاياتى ۋە پائالىيىتى تونۇشتۇرۇلدى؛ ئۇنىڭ يۇقىرى



ھوسۇللۇق، زور بەدىئىي قىممەت ۋە چوڭقۇر ۋەزنىگە ئىگە، ئۇنىۋېرسال ئىجادىي ئەسەرلىرىگە لىللا باھا بېرىلىپ، بۇ ھەقتە ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالىلىرى ئوقۇلدى؛ ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى مۇھەممەتتۇرسۇن ئابدۇكېرىم، ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن ئەپەندىنى قىزغىن قۇتلۇقلاش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن 60 يىللىق ئۆمۈر مۇساپىسىدە، تۈرلۈك - تۈمەن رىيازەتلەر ئالدىدا باش ئەگمەي، بارلىقىنى ئىجادىيەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. بالا ۋاقتىدىلا شېئىرىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا مۇپتىلا بولۇپ، قولىغا قەلەم ئالغان ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن تا بۈگۈنگە قەدەر نەچچە مىڭلىغان پارچە مۇرەببە، رۇبائىي، غەزەل، مۇخەممەس،

تەخمىس، مۇۋەششەھ، تۇيۇق، ناخشا تېكستى، مەسەل، رىۋايەت، باللادا، داستانلارنى يازدى. ئۇ هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆرۈنەرلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋە بەلگىلىك تەسىرگە ئېرىشكەن ئەدىبلەرنىڭ بىرى. ئۇ، ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت، پروزا، دراماتورگىيە، نەسر قاتارلىق ژانىر شەكىللىرىدە ئىجاد قىلىپ، شۇنداقلا ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ھەممىسىدىلا مۇناسىپ نەتىجە، مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. ئۇ 40 يىللىق ئىجادىي مۇساپىسىدە جەمئىي 28 پارچە كىتاب تەقلىدى. ئۆزى بىۋاسىتە يېزىپ نەشردىن چىقارغان كىتاب 13 پارچە، تۈزگەن، نەشرگە تەييارلىغان كىتابى 15 پارچىغا يەتكەن. 1994 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن يېزىپ، نەشردىن چىقارغان كىتابى هازىرغا قەدەر ھەر يىلىغا بىردىن توغرا كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ يەنە ئۈچ كىتابىنى نەشرگە تەييارلىدى.

هاجى ئەھمەد كۆلتېگىن جاپاكەش، پەرۋىشكار مۇئەللىم، قابىل ژۇرنالىست بولۇش سۈپىتى بىلەنمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر. ئۇ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ياش ئاپتورلارنىڭ تالانتىنى بايقاپ، ژۇرنالىستلىق ۋە ئۇستازلىق بۇرچىنى ئادا قىلدى.

بۇ كۈنى كەچتە قەلەمكەشلەر يەنە قەشقەر «ئوردا كەنت» رېستورنىغا جەم بولۇپ، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. سورۇن ئەھلى شاد ـ خۇرام ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىدى. ئوتلۇق تىلەك ـ ئارمانلىرىنى ئىزهار ئەيلىشىپ، مۇشائىرە ئوقۇدى. ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئورۇنلاردىن كەلگەنلەر ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلەن تون ـ تەلپەك كىيگۈزۈپ، گۈلدەستىلەرنى، كۆڭۈل سوۋغىلىرىنى سۇندى.

ئابلەت ئىسمائىل

(«قەشقەر گېزىتى» مۇخبىرى).

چىمەنگۈل ئاۋۇت

## يىلنجاش

جىمجىت دەريا، قىزىق قۇم يىلنجايدۇ تۇيغۇمدەك،
چاپچىپ ئۆتكەن ئاتلارنىڭ كىشنىشىنى ئاڭلايمەن.
گۈل ئېچىلسا قىرلاردا كۆزلىرىڭدەك جىلۋىلىك،
يۈلۈۋېلىپ مېھرىمدىن دەستە قىلىپ باغلايمەن.

تاملىرى يوق تەبىئەت قۇشلىرىنى سۆيىمەن،
ياۋا ئالما كۆرمىگەن يىگىت بولماس نەۋقىران.

يوپۇرماقلار شىلىرلاپ خىيالىمدەك يەلپۈنسە،
كۆلتېگىننىڭ مۇڭىدىن كۆكلىمەكتە هاياجان.

ئىسسىق ـ ئىسسىق نەپەسلەر يامرىماقتا سەل بولۇپ،
باغرىڭدەكلا ئېچىلدى باغلىرىڭنىڭ ئىشىكى.
ئاتمىش يىللىق ئازابنى، ئاتمىش يىللىق شادلىقنى،
تۆكۈۋالغىن بىمالال، كەڭدۇر ئەلنىڭ ئېتىكى! ...

كېرىمجان ئابدۇرېھىم

# هاجى ئەھمەد كۆلتېگىننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا

هاجى ئەھمەت كۆلتېگىن بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆرۈنەرلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋە بەلگىلىك تەسىرگە ئېرىشكەن ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت، پروزا، دراماتورگىيە، نەسر قاتارلىق ژانىر، شەكىللىرىدە ئىجاد قىلىپ، شۇنداقلا ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ھەممىسىدىلا مۇناسىپ نەتىجە-مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئەدەبىي ھاياتىدا شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، بىر ئۆمۈر شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، شېئىرلىرىدا ۋەتەن-خەلقنى، كەڭ تەبىئەتنى كۈيلەپ، ئىنسان ۋە ھاياتلىق ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇق شەكىللەندۈرگەن، شۇنداقلا بەدىئىي ماھارەتلەر جەھەتتىمۇ مەلۇم پەللە ياراتقان.

هاجى ئەھمەت كۆلتېگىن 1942-يىلى 9-ئايدا قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى شامالباغ يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئاتا-ئانىسى ئېيتىپ بەرگەن چۆچەك-مەسەللەر، شېئىر-قوشاقلار ئۇنى ئەدەبىياتقا قىزىقتۇرغان. كەلگۈسىدە بىر ياخشى ئەدەبىياتچى بولۇش ئىشتىياقى بىلەن باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئەدەبىيات دەرسىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن، شۇنداقلا ئەدەبىياتقا دائىر كىتابلارنى كۆپ ئوقۇغان. ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ، 1957-يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئەدەبىيات بىلىملىرى بويىچە ئەتراپلىق تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ۋە دەسلەپكى شېئىرلىرىنى ئېلان قىلدۇرغان. 1960-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، دەسلەپ ئاقسۇنىڭ قىزىل ئوتتۇرا مەكتىپىدە، كېيىن قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1980-يىلى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن تارتىپ 1994-يىلى پېنسىيىگە چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا مەزكۇر ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

هاجى ئەھمەت كۆلتېگىن 1958-يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «نۇرلۇق چىراغلار» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا ئارقا-ئارقىدىن «باھار تۈيغۇسى»، «نەي»، «بۇلاق»، «ھايات ئىشقى»، «گۈلجاھان» قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە تونۇلۇشقا باشلىغان. 60-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن كېيىن، جۈملىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بوران-چاپقۇنلىرى سەۋەبلىك شائىر ھاياتتا نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارغا، كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرىدى، ھەتتا خىزمىتىدىن توختىتىلىپ، رىجىم ئاستىدا ياشىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ قەلەمنى تاشلاپ قويمىدى. قەلبىدىكى ئازاب-ئەلەملىرىنى، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدۋارلىقىنى، ۋىجدان بىلەن ياشاپ، غايە

ئۇچۇن كۆرەش قىلىش روھىنى «مەھبۇس تىلەكلىرى»، «ھاياتقا مۇھەببەت»، «ۋىسال ئارزۇسى»، «كېلەچەك»، «كۈلۈپ ياشايلى قىسمىتىمىزدىن»، «ھىجران قوشاقلىرى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئىپادىلەپ، مۇنداق جەڭگىۋار مىسرالارنى يازغانىدى:

نىگارىم، باقسام كىرپىكىڭدە نەم،
سۇلغۇن يۈزۈڭنى يۇيۇپسەن ياشتىن.
ئۆزۈڭنى مۇنچە قىينىما، ئەركەم،
مەيلى تۆھمەت ياغسىمۇ باشتىن.
يات دىللاردىن چەكمىگىن ئەلەم،
بولسۇن رەقىبكە باغرىمىز تاشتىن!

يۈرەكنى زورلۇق قىلسىمۇ پارە،
ساداقەت ۋىجدان ئايرىلماس بىزدىن.
قورققاقلارغا خاس كۆز يېشى نالە،
كۈلۈپ ياشايلى قىسمىتىمىزدىن.
يېتەر ۋىسالىغا بىزدىكى غايە،
مەردلىك، جەسۇرلۇق خىسلىتىمىزدىن.

شائىر ئاشۇ رىيازەتلىك يىللاردا مانا مۇشۇ مىسرالاردا يازغىنىدەك غايە، ۋىجدان، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشاپ، ئۆزى تەلپۈنگەن ۋىسال كۈنلىرىگە ـ يېڭىچە ھاياتقا ئېرىشتى. يېڭىچە ھايات شائىرغا چەكسىز ئىجادىيەت مۇمكىنچىلىكى ۋە ئاجايىپ ئىلھاملارنى ئېلىپ كەلدى. شۇڭا، 80 ـ يىللار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن، ئەڭ ھوسۇللۇق يىللىرى بولدى. ئۇ 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا «ئۆچمەس يۇلتۇزلار»، «كىتاب ھەققىدە باللادا»، «دولان ناخشىلىرى»، «نۇزۇگۇم»، «بوركۆت ناخشىسى» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلار ـ داستانلارنى ئېلان قىلىپ، ئۆتكەنكى قاباھەتلىك يىللار ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى، قايتىدىن گۈللەنگەن تەبىئەتنى ـ ھاياتنى كۈيلىدى، ۋەتەن ـ خەلق يولىدا جان بەرگەن قەھرىمانلارغا بولغان سېغىنىش، ھۆرمەت ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى. بۇ شېئىرلار ئەدەبىيات ساھەسىدە ۋە كىتابخانلار ئارىسىدا ياخشى باھالارغا سازاۋەر بولدى. 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ شائىر ئىجادىيىتىدە يېڭى يۈكسىلىش مەيدانغا كېلىپ، ئەسەرلىرىدە تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى شېئىرلىرى يېڭىچە پىكىر قىلىش نۇقتىلىرىغا، چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنلارغا، پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە، ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسۇل ـ ماھارەتلەرگە، يېڭىچە بەدىئىي ئوبرازلارغا ۋە مۇھىم تېمىلارغا ئىگە بولدى. شائىر ئىجادىيىتىدىكى بۇنداق يۈكسىلىش ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە يازغان «تەبىئەتتۇر مېنىڭ داۋامىم»، «سۇسىز ئېقىن»، «چۈش»، «ئۆزۈمگە سوئال»، «پىنھان تۇيغۇلار»، «شېئىر ۋە شائىر»، «چۈشلىرىمنى ئۇۋلايدۇ شېئىر» قاتارلىق شېئىرلىرىدا گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

80 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يېزىلغان شېئىرلىرىدا شائىر ئادەم بىلەن تەبىئەت ھەققىدە كۆپ ئىزدەندى. شۇڭا، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىككى تېما بولۇپ قالدى. شائىرنىڭ پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي قاراشلىرى، ھاياتلىق ھەققىدىكى ئىزدىنىش ـ چۈشەنچىلىرى مۇشۇ تېمىلار ئارقىلىق ئىپادىلەندى. يېڭى دەۋردىكى شائىرلىرىمىز ئىچىدە ئادەم ھەققىدە ئەڭ كۆپ

ئىزدەنگەن ھەم بۇ ھەقتە ئىزچىل يازغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى ھاجى ئەھمەت كۆلتېگىن بولدى. بۇ ھەقتىكى شېئىرلىرىدا ئۇ ئادەمنى، ئادەملىك پەزىلەتنى ئۇلۇغلىدى، ئادەم ۋۇجۇدىدىكى، ئىنسان خاراكتېرىدىكى بەزى پاسسىپ تەرەپلەرنىمۇ كۆرسىتىپ، «كەمنى قېتىپ» بولسىمۇ، ئادەمنى ئۇلۇغلاشنى تەشەببۇس قىلدى. گەرچە ئۇنىڭ ئادەم ھەققىدە يازغان شېئىرلىرى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارغا ۋەكىل قىلىپ تۆۋەندە «ئۇلۇغلايلى ئىنساننى» ناملىق شېئىرىدىن مىسال كۆرۈپ باقايلى:

تىرىك جاننى خورلىماڭلار دوستلىرىم،
ئۇمۇ ئادەم! ئۇنى خورلاش يولسىزلىق.
«مەن ئەزىز» دەپ ئويلىماڭلار دوستلىرىم،
باقى ئەمەس، خورلۇق بىلەن ئەزىزلىك.
. . . . . .
كامالەتكە يەتكەنلەر ئاز ئالەمدە،
كەمنى قېتىم تولۇقلايلى ئىنساننى.
ئۇلۇغلۇقنىڭ زەررىسى بار ئادەمدە،
كەمسىتمەستىن ئۇلۇغلايلى ئىنساننى.
——«ئۇلۇغلايلى ئىنساننى» دىن

بۇ شائىرنىڭ ئادەم ھەققىدە يازغان ياخشى لىرىكىسىدىن بىرى. شائىر بۇ شېئىرىدا ئادەمگە بولغان ئالەمچە بىر سۆيگۈ-مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىش بىلەن بىرگە يەنە ئادەمنى ئۇنىڭ «ئەسلى ئۇلۇغ» لىقى بىلەن كۆرۈپ، ئادەمنى ئۇلۇغلاشنى تەشەببۇس قىلغان. شېئىردىكى چوڭقۇر ئىدىيە، ناھايىتى سەممىي ھېسسىيات ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولغاچقا، كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ. بۇ شېئىردا شائىر ئىجادىيىتىنىڭ يېڭىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، يېڭىچە كۆزىتىش نۇقتىسىدىن چىقىش، پىكىرگە ھېسسىيات سىڭدۈرۈپ، كىتابخاننى تەسىرلەندۈرۈشكە ئوخشاش ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شائىرنىڭ ئادەم ھەققىدە يازغان يەنە بەزى شېئىرلىرىدا، رېئاللىق ۋە ھايات قىسمەتلىرى ئالدىدا تېڭىرقاپ قالغان شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى كىرىزىس ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇنۇشلىرى ئىپادىلىنىدۇ. ھاياتنىڭ، ئىنساننىڭ سىرلىرىنى بىلەلمەي يۈرگەن شائىرنىڭ نەزىرى بەزى-بەزىدە ھاياتنىڭ مۇنداق كاج قىسمەتلىرىنى كۆرۈپ قالىدۇ:

پاكارى ئۆلچەمگە توشمىغان پەلەك،
ئېگىزنىڭ بېشىغا مۇشتلىغان پەلەك.
قاغىنى بۇلبۇلدەپ، ئېشەكنى دۇلدۇل،
جاھىلنى ئاقىلغا قوشلىغان پەلەك.
× ×
زېمۇ ھەيرانمەن جاھاننىڭ كارىغا،
باقمىغاي ھەرگىز كۆڭۈلنىڭ رايىغا.
ۋەدەرىخا . . . قىلچە پەرۋا ئەتمىگەي،
ھېچكىشىنىڭ خۇشلۇقى ھەم زارىغا.
——«رۇبائىيلار» دىن

بۇ قىسمەتلەر «مەن» گە قاتتىق تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ شېئىرىي تۇيغۇلارنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ «مەن» جانانغىمۇ «چۈشەندۈرمەك بولۇپ ئۆزۈڭنى، ئېيتما جانان يۈرەك سۆزۈڭنى» دەپ مۇراجىئەت قىلىدۇ، «كۆرگىنىم چۈش ئىكەن- ئالدامچى سەراپ» دەپ ئۆكۈنىدۇ. «مەن» نىڭ بۇنداق بۇرۇختۇم، غەمكىن، ئۈمىدسىز قەلبىنى ئوت- يورۇقلۇق ئۈچۈن جان پىدا قىلىۋاتقان پەرۋانە لەرزىگە سالىدۇ: «پەرۋانە قىسمىتى قەلبىمنى، تولدۇرادى بىر ئەجەپ تۇي-

غۇغا، ماڭا يات ئىزدىنىش، تەلپۈنۈش... ھەسرىتا! ئەنسىرەمەن ئۇيقۇغا. شۇنچىلىك ئىرادەم يوقمىدۇ؟ ئەجىبا مەن ئىنسان تۇرۇقلۇق؟ ئۇگدەيمەن غەپلەتتە تۈن بويى، ئىزدىمەي نېمىشكە يورۇقلۇق؟!». غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان «مەن»، «سۇكۇناتتا ئۆزىنى ئاختۇرۇپ، ئاخىرى ئىجاد ئىشقى لەرزىگە قاناي» تۇرغان قەلبىنى كۆرىدۇ ۋە ئاخىرى ئۆزىنى تاپىدۇ:

نەزەر ئېلەپ
ھەيرانى دېمەلىڭ
ھەزەر ئېلەپ
ۋەيرانى دېمەلىڭ ـ
ئۆز ئەركەمگە قويمايدۇ شېئىر.
كېچە ـ كۈندۈز بەزمەستىن ئارام،
ئېتىپ شېرىن ئۇيقۇمنى ھارام،
چۈشلىرىمنى ئۇۋۇلايدۇ شېئىر.

ـــ «چۈشلىرىمنى ئۇۋۇلايدۇ شېئىر» دىن

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، شائىر ئادەم ھەققىدە، ھايات ھەققىدە ناھايىتى ئەتراپلىق ئىزدەنگەن، بۇ ھەقتە چوڭقۇر، ماھىيەتلىك پىكىرلەرنى يۈرگۈزگەن. ئۆزىنىڭ مەنىۋى كەچۈرمىشلىرىنىمۇ جانلىق كۆرسىتىپ بەرگەن. ھاجى ئەھمەت گەرچە پېشقەدەم شائىر بولسىمۇ، ئىجادىيەت ئېڭى، خاھىشى جەھەتتە دەۋر خاھىشىغا ياندىشىپ، ئەسىر ئاخىرىدىكى شېئىرىيەتتە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئۆزىنى ئىپادىلەش، روھىي دۇنيانى قېزىش، يېڭىچە پىكىر قىلىش جەھەتتە ھەقىقەتەن كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازانغان.

ھاجى ئەھمەت كۆلتېگىن ئىجادىيىتىدە شېئىر ۋە شائىر ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلارمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ شېئىرىيەتنى مۇقەددەس بىلىدىغان، شېئىرىيەتكە ۋىجدانەن مۇئامىلە قىلىدىغان، شېئىرىيەتنى جەڭگىۋار قورال ھېسابلايدىغان، شېئىر ۋە شائىرنىڭ ئىززەت ھۆرمىتى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى بولغاچقا، بۇنداق قاراشلىرىنى شېئىر شەكلىدە ئىپادىلەپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «شېئىر ۋە شائىر» ناملىق شېئىرىدا، «شېئىر دېگەن شېرىن بولسا مەي كەبى»، «شېئىر دېگەن ئوزۇق بولسا ئەقىلغا»، «شېئىر دېگەن بولسا جاننىڭ شىپاسى»، «شېئىر دېگەن غاپىللارنى ئويغاتسا» دېگەندەك قاراشلار، جۈملىدىن:

شېئىر دېگەن ئەلنى ئالغا ئۈندىسە،
ئىگە بولۇپ جەڭ مارشىدەك ئۈنۈمگە.
شېئىر دېگەن ئېتىقادنى كۈيلىسە،
ئوقۇپ جەڭچى بارسا دادىل ئۆلۈمگە.

شېئىر دېگەن گۈلدۈرماما چېقىنى ـ
بولۇپ، ئۇگدەك غاپىللارنى ئويغاتسا.
شېئىر دېگەن بولۇپ ھاۋا ئېقىمى،
يۈرەكلەردە كۈچلۈك بوران قوزغاتسا.

ـــ «شېئىر ۋە شائىر» دىن

دېگەندەك جەڭگىۋار پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شېئىردا يەنە شائىرلار ھەققىدىمۇ «شائىر دېگەن ئەل مۇڭلانسا ياش تۆكۈپ، ئەل سۆيۈنسە قەھ ـ قەھ ئۇرۇپ كۈلىدۇ» دېگەندەك مىسرالارنى يازغان. دېمەك، ھاجى ئەھمەت كۆلتېگىن دەۋرىمىز شائىرلىرى ئىچىدە شېئىر ۋە شائىر ھەققىدە ئەڭ ياخشى قەسىدىلەرنى يازغان شائىرلارنىڭ بىرى.

ھاجى ئەھمەت كۆلتېگىننىڭ ئەدەبىي

ھاياتىدا باشقا ژانىرلاردىكى ئىجادىيىتىمۇ خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ 80 ــ يىللاردىن باشلاپ پروزا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ «گۈلجامال» قاتارلىق پوۋېستلارنى، «قارىغۇجا»، «بالىلارنىڭ دوستى»، «ياخشىلىق»، «كەچكى تاماق»، «يۈرەك»، «ئادەملەر»، «تېمى يوق ئۆي»، «سېھىرلىك ئالتۇن» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىپ، بۇ جەھەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. «گۈلجامال» ئۇنىڭ بىردىنبىر يېرىك ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا باش قەھرىمان گۈلجامالنىڭ كونا جەمئىيەتتە بايلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى ۋە پاجىئەلىك تەقدىرى تەسۋىرلەنگەن. ئەسەرنىڭ قىممەتلىك بىر تەرىپى شۇكى، يازغۇچى گۈلجامال ھەققىدىكى تەسىرلىك ھېكايە ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە ئانىلىق مېھرى ــ مۇھەببىتىنىڭ تەڭداشسىز كۈچ ــ قۇدرىتىنى ئۇلۇغلىغان. ئەسەردە پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى روشەن خاراكتېر ــ ئالاھىدىلىكلەرگە ۋە ھەقىقىي ئىنسانىي ھېسسىياتقا ئىگە قىلىپ يارىتىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەرنىڭ تراگېدىيىلىك تۈسىمۇ ناھايىتى قويۇق بولۇپ، كىشى قەلبىنى ئىختىيارسىز ئۆرتەپ، ھاياجانغا سالىدۇ. ئۇنىڭ «كەچكى تاماق»، «يۈرەك»، «ئادەملەر» قاتارلىق ھېكايىلىرىدا تۇرمۇشتىكى تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە كىچىككىنە ۋەقەلىك ۋە ئېغىر كېيىپىيات ئارقىلىق ھايات رېئاللىقى، ئادەملىك قىممەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈلگەن. بۇ ھېكايىلەردە ۋەقە سيۇژېتسىزلاندۇرۇلغان، پېرسوناژ قەھرىمانسىزلاشتۇرۇلغان، ئاساسەن روھىي دۇنيا ئىپادىلەنگەن، كۆپلىگەن ئىستېتىك بوشلۇقلار قالدۇرۇلغان بولۇپ، كىشىگە ئۆزگىچە ئىستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭ بالىلار ھېكايىلىرى ئىچىدە «سېھىرلىك ئالتۇن» ھېكايىسى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا فوسفورلۇق تاشنى «ئالتۇن» دەپ ئويلىغان ۋە شۇ سەۋەبلىك بىر مۇنچە قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئانا ــ بالىنىڭ تەقدىرى ۋە ھېسسىياتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، «ھەقىقىي بايلىققا پەقەت ئىلىم ــ پەن ئۆگىنىش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ، پەقەت بىلىملا ئادەمنى نادانلىقتىن، جاھالەتتىن، ئەخمەقلىقتىن، قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدۇ» دېگەن ھەقىقەت ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

ھاجى ئەھمەت كۆلتېگىن يەنە ئاز بولمىغان نەسرلەرنىمۇ يازدى. ئۇنىڭ نەسرلىرىدە ھاياتقا بولغان مۇھەببەت، ئىنسانىي پەزىلەت ــ ۋىجدان كۈيلەنگەن، ھايات ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار، تۇرمۇش ئاتا قىلغان تەسىراتلار ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ نەسرلىرى ئىچىدە «ھاياتقا مۇھەببەت»، «كۆز يېشى ۋە كۈلكە»، «ئۆلۈم سائىتىدە»، «دۇنيادا ئەڭ مۇقەددەس نەرسە» قاتارلىق قىسقا نەسرلەردىن تەشكىل تاپقان «ھايات سەھىپىلىرى» ناملىق نەسرلەر سېكلى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا تەمسىل خارەكتېرى كۈچلۈك، يوشۇرۇن مەنىگە باي تەپسىلاتلار ئارقىلىق، ھايات قىممەتلىك، ھاياتقا بولغان مۇھەببەت ــ دۇنيادا تەڭداشسىز قۇدرەتكە ئىگە مەنىۋى كۈچ؛ ئەمما ھاياتنىڭ قىممىتى پەقەت ئۆمۈر كۆرۈشتىلا ئەمەس، بەلكى ياشاشتا، يەنى قانداق ياشاشتا، ئادەم چەكلىك ھاياتنى تولىمۇ قەدىرلەپ، ئۇنى مەڭگۈلۈك قەدىر ــ قىممەتكە ئىگە قىلىشى ۋە شۇ ئارقىلىق

مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشى كېرەك. . . دېگەنگە ئوخشاش ھايات ھېكمەتلىرى ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ نەسرلىرىدە ۋەقە بىلەن ھېسسىيات، كۆرۈنۈش بىلەن ماھىيەت ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، قويۇق شېئىرىي تۈسكە ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە.

ھاجى ئەھمەت كۆلتېگىنىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەھەتتىكى نەتىجىلىرىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىك. ئۇ ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا خېلى بۇرۇنلا كىرىشكەن بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا»، «دېڭىز ئۈنچىلىرى»، «كىتاب ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى نەشر قىلىنىدى؛ «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى ھەققىدە»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پىروزىچىلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى»، «زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ دەۋرىدىكى قەشقەردە ئەدەبىي ھايات»، «توزىماس چېچەكلەر»، «ئىلھام توغرىسىدا»، «شېئىر ھەققىدە پاراڭ» قاتارلىق ئىلمىي ـ ئەدەبىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدى. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابىدا شېئىرنىڭ خۇسۇسىيەت ـ ئالاھىدىلىكلىرى، تۈزۈلۈشى، شېئىرىيىتىمىزدىكى قاپىيە شەكىللىرى، شېئىرىيەتتىكى بەدىئىي ئىپادىلەشنىڭ تۈرلۈك ۋاستىلىرى، شېئىرلارنىڭ ھەرخىل شەكىل ـ تۈرلىرى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھەققىدە دەۋرىمىزدە يېزىلغان بىردىنبىر نەزەرىيىۋى كىتاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «دېڭىز ئۈنچىلىرى» ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ـ مەدەنىيىتى تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھاياتى، ئىجادىي، ئىلمىي ئەمگەكلىرى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ـ مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

ھاجى ئەھمەت كۆلتېگىن ھوسۇللۇق ئەدىب بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرغىچە «ئۆچمەس يۇلتۇزلار» (1982 ـ يىل، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى)، «ئالتۇن ئاچقۇچ» (مىرزاھىدكېرىم بىلەن بىللە، 1982 ـ يىل، مىللەتلەر نەشرىياتى)، «شەپەق جۇلاسى» (1994 ـ يىل، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى)، «رۇبائىيلار» (1999 ـ يىل، مىللەتلەر نەشرىياتى)، «زۇمرەت ئېقىن» (2000 ـ يىلى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى، «قىيان» (1987 ـ يىل قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى)، «ياۋا چېچەك»، (1997 ـ يىل، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى) قاتارلىق نەسرىي ئەسەرلەر توپلاملىرى، «نۇرلۇق چولپان» (1986 ـ يىل شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى)، «سېھىرلىك ئالتۇن»، (1991 ـ يىل، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى)، «ئالىم ـ ئەدىبلىرىمىز ھەققىدە ھېكايىلەر» (شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى) قاتارلىق بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى توپلاملىرى نەشر قىلىنىدى.

قىسقىسى، ھاجى ئەھمەت كۆلتېگىن ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە شېئىرىيەت دۇنياسىنى ياراتتى ۋە بۇ ئارقىلىق خەلقىمىز قەلبىدىن ۋە ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىن پەخىرلىك ئورۇن ئالدى. شائىر ئۈچۈن خەلق قەلبىدىن ۋە ئەدەبىيات تارىخىدىن پەخىرلىك ئورۇن ئېلىشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بولمىسا كېرەك.

ئابدۇللار ياقۇپ

# ئاتمىش يېشىڭ

(ئاتاقلىق شائىر ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

ئاتمىش يېشىڭ — باھار يامغۇرى،
ئاتمىش يېشىڭ رەڭ بەردى باغقا.
ئاتمىش يېشىڭ — مەزمۇت، مۇستەھكەم،
ئاتمىش يېشىڭ ئوخشايدۇ تاغقا.

ئاتمىش يېشىڭ — بىر شانلىق سەپەر،
ئەجرىڭ جاۋاب بەردى يىللارغا.
ئاتمىش يېشىڭ قۇچتى شان - شۆھرەت،
ئىلھام بەخش ئەتتىڭ دىللارغا.

ئاتمىش يېشىڭ — پەزىلەت كانى،
ئاتمىش يېشىڭ — ئەشئارىڭغا خال.
ئاتمىش يېشىڭ — لەززەتلىك زەمزەم،
قىلدىڭ تالاي چاڭقاق دىلنى لال.

ئاتمىش يېشىڭ ئەجەپ شاۋقۇنلۇق،
ئاتمىش يېشىڭ - ئۇزۇلمەس ئېقىن.
ئاتمىش يېشىڭ — خەلقىم كۆلكىسى،
ئاتمىش يېشىڭ دەردمەنگە يېقىن.

ئاتمىش يېشىڭ — نۇرانە تارىخ،
ئاتمىش يېشىڭ — تۆكۈلگەن ساپ تەر.

ئاتمىش يېشىڭ — تاڭدىكى شەبنەم،
ئاتمىش يېشىڭ — كەڭ ئۇپۇقتا زەر.

ئاتمىش يېشىڭ — كىشىنىگەن تۇلپار،
مەنزىل تامان ئالدىراپ تۇرغان.
ئاتمىش يېشىڭ - قايرىلماس قىلىچ،
جەڭگاھلاردا يالتىراپ تۇرغان.

ئاتمىش يېشىڭ - نەۋقىران بۇركۇت،
ئاتمىش يېشىڭ - تالماس كەڭ قانات.
ئاتمىش يېشىڭ - بىر رەڭدار رەسىم،
ئۇ ياراتتى ئەڭ گۈزەل ھايات.

ئاتمىش يېشىڭ كۆيى ياڭرايدۇ،
دىيارىمنىڭ بۇلاقلىرىدا.
ئاتمىش يېشىڭ — خۇشبۇي لالىدۇر،
قەشقىرىمنىڭ قۇچاقلىرىدا.

ئاتمىش يېشىڭ — بىزگە ئالتۇن ئىز،
ئاتمىش يېشىڭ ئۆچمەيدىغان ئوت.
مەرىكەڭگە مۇبارەك، شائىر
مەن تىلەيمەن ساڭا ئامەت - قۇت.

ئابدۇكېرىم ئەخمەت

## يادىكار مۇۋەششەھ

ھاياتقا بىز تەڭ كۆز ئاچتۇق، نەزەرداش بولدۇق،
ئەمما ياشتا ـ ئوقۇشتا بار بىر-بىر يىلچە پەرق.
جاپا ـ مۇشكۇل، دوقاللاردا تەقدىرداش بولدۇق،
ئىستەك ـ ئارمان يوللىرىدا بىرگە ئۆردۇق بەرق.
ئەسكە ئالسام دوستلىرىمنىڭ ئۆزۈن سېپىنى،
ھامان ئۆزۈڭ پېشۋاسى، داۋاملىقى سەن.
مۇڭلۇم، قايغۇ ـ ھەسرىتىمنىڭ ئەسرارى ئۆزۈڭ،
ئەھۋال سوراپ مەدەت بەردىڭ ئىزگۇ كۆيۈمگە،
تىلەي ئۆزۈن ئۆمۈر، بەخت، بول ساغلام بەدەن!
كەزدۇق ئۆمۈر چېغىرىنى قەلەمداش بولۇپ،
ئۆتتۇق يىللار ـ دوقاللاردا ئەلەمداش بولۇپ،
لېكىن، لىللا ياشاپ كەلدۇق ۋەتەن ـ خەلققە ئاق،
تومەن ئۆزۈڭ، مەن كۆكشېرىق—ئاھاڭداش بولۇپ،
ئېسىڭدىمۇ گۆدەك ـ سەبىي، مۇقەددەس قەسەم:
گۈل سۇنىمىز ئەل بەختىگە قەلەمدە دېگەن.
ئەسلىنەيلى پەزىلەتتە، ئىجادىيەتتە
نۇر ياغدۇرۇپ ھالال ئەجىر ـ تەرىمىز بىلەن.

ياسىنجان ئىسمايىل

## ئەل ئىشقىدا كۆيگەن شائىرغا

مەغرۇر ياشاپ كەلدىڭ سۆيۈپ ھاياتنى،
مۇشكۇللەرنى تاشلاپ دائىم ئارقىغا.
گوياكى تاغ باسقاندىمۇ يەلكەڭدىن،
تەۋرىمەستىن چاپچىپ ماڭدىڭ ئالدىغا.

ئۆز غېمىڭنى ئۇنتۇپ غەمسىز كىشىدەك،
ئەل دەردىدە كۆيدۇڭ ئوتتا ئۆرتىنىپ.
كىچىككىنە شادلىق تاپساڭ ئەگەردە،
ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن بەردىڭ ئۇنى سۆيۈنۈپ.

ئالقىشلانسا ئىشلىرىڭدا دوستلىرىڭ،
خۇشال بولدۇڭ مىڭ قېتىم بىر ئۇتۇقتا.
خالىسلىقتا بولغاچ كۆڭلۈڭ دەرىيادەك،
ئۇلگە بولدۇڭ سەھەردىكى ئۇپۇقتا.

زەر كىتابلار بولدى سېنىڭ خەزىنەڭ،
بولمىسىمۇ بىساتىڭدا بايلىقىڭ.

كىتاب بىلەن غايىۋانە سىردىشىپ،
ئەقىل بىلەن ئۆتتى كۇنۇڭ ـ ياشلىقىڭ.

يۈرىكىڭنى قىلىپ گويا سىيادان،
ۋۇجۇدۇڭدىن چاچتىڭ ئۇنىسىز ھارارەت.
سەزگۈلەرنى ئويغاتتىڭ چىن مېھرىدە،
باھار كەبى خۇش ھېد تۆكۈپ داۋامەت.

ئاتمىش يېشىڭ بولسۇن قۇتلۇق ئۇستازىم،
پاك روھ بىلەن قىرانلىقتا ياشاپ قال!
جانان ئوخشاش سۆيگەن گۈزەل ھاياتتىن،
تېنىم تاپماي نېسىۋەڭنى يۇلۇپ ئال!

بۇ سەھىپىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئۇچقۇنجان ئۆمەر

# ئۇغۇز چېچەكلىرى

## (باش ئاپتورلار مەخسۇس سەھىپىسى)

## «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ قوشۇمچىسى

## (1 ـ سان)

### شېئىرلار

توختى مامۇت

### دېھقان ئالقىنى

قات ـ قېتىدىن يېرىلغان ئالقان،    ھەربىرسىزىق بىردىن لىرىك كۈي،
ئارمان تىلغان يۈرەكتۇر گويا.    قەسىدە ھەم مەزمۇنى تېرەن.
باغ يۈرىقى خۇشبۇي قاداقلار،    قورۇقلاردىن مارلىنۇ بەخت،
جىلۋە قىلار، چاچلار نۇر ـ زىبا.    ئۇ مۇھەببەت ـ سۆيگۈگە زەمىن.

### كاچۇك مەكرىپى

داپچىنىڭ تىنىقى جورىلانغان قەۋەت،    ئۇنتۇلار ھېلىتىنىڭ قىرتاق تەملىرى،
مەستخۇشلۇق ئىلكىدە ئۆركەشلەر تەنلەر.    قەلبىلەر بۇ مەھەل شادلىقتا رايىش.
دۇتتاردىن ئۇكۇلەر پىرچەككى كۈيى،
كېيىشىن شېئىنىمۇ ئېيۇھلىنىش دەر.    ئۇسسۇلچى قەددىدە تاڭلار سىماسى،
ناخشىلار دەريانىڭ كۈلكىسى گويا.
ئېيتسىزدا ئىۋالانغان مەستىلىك چىرايلار،    مەشرەپ ئۇ، شاد ـ گاداي، ياش ـ قېرىسى يوق،
غەمسىز بىر كۈلكىنى قىلار ئاتلىش.    بارىمىكە تالاڭ مەشرەپ، تەشۋىشسىز دۇنيا.

### سەن ئېسىلغان دار

(بىلال رەھىم مەشرەپكە)

تورۇتۇپ يۈرەكنى كېپەنلىرىنى،    ئېسىشقا سەن يەڭلىغ شاگىر تۇرلىمەي،
خۇنىن دەشتىدە مەرسان ئاۋازىڭ.    بۈگۈلنىپ كۆزى تۈكەر سەن ئېسىلغان دار.
سەن سۆيگەن دىلبىرىنىڭ ئىلاھى ئىشقى،
ئەللىيى بويىنالدى رايىشلىقىمىنىڭ.    مۇڭلىنىپ كۆزى تۈكەر سەن ئېسىلغان دار،
مەڭگۈلۈك دىلىلاردىن يۈرەكلەر قويىاش.
مەۋجۇتلۇق ـ يوقلۇقتا يۇنىۋلگەن شېئىر،    ئۇلۇمسىڭ زامانغا بىرگەچ ئېيتىقاد،
ھەربىر ھەرپ ـ ئاۋازىدا سىڭ دەريا خۇن بار.    ھىجرانىدىن تولغىنار غۇرۇر كۆزى ياش...

### ئىككى غەزەل

تۇنيپ تۇردى ئاخۇن مەركىتى

1

بولمىسا پەيلى قارام ئۇ، بەختىيار،
ئۈزكە يارى دەپ ئىل ـ ماقام ئۇ، بەختىيار.

چالما ئاتسىڭ كۆزگە ئالان پاشىكىدا قىل،
كۆزىكە ئېيتىلان، ئەسسالام ئۇ بەختىيار.

كىمكى ئۆلىمەت ئالىمغا ئۇ، قائىسىدىك،
بولمىسا رەسقى ھارام ئۇ، بەختىيار.

تېرىساڭ گۈل، لالە خۇش ھىد چاچقۇسى،
ئىشقى چىن دىللارغا رام ئۇ، بەختىيار.

كۆزگە ئىل ھەركىم جاھاندا پادىشاھ،
يار ـ رەپىق سەن، دىل ئارام ئۇ، بەختىيار.

گەر زەمىن تەشنالىقى بولسا نۇر ـ زىيا،
كائىنكى ئۈچۈن پاكى شام ئۇ، بەختىيار.

ئىزدە بەختىڭنى زەمىن، ئىل بەختىدىن،
بولمىسا ھېچ، نەپسى ھام، ئۇ، بەختىيار.

2

يالغۇزلۇقنىڭ قەسرى ئېچىلاردەك ئەتىۋا،
قەد كېرىپ تۇرغان چىنارلاردەك ئەتىۋا.

ئالگە ياتقاندا مۇقەددى ـ مەرنۇلى،
دەست گۈل سىڭ ئىل سونارلاردەك ئەتىۋا.

يالغۇزى ئالەم بولسا گەر جاھاندىن جۇدا،
بىر جاھان بويىلاب يانارلاردەك ئەتىۋا.

ئىشقى سۆزدا قېيىنىغان تون ئىلكىدە،
ۋەسلى يار قىلغان خۇمارلاردەك ئەتىۋا.

بولسا خۇي ـ پەيلىڭ پەزىلەتلىك، گۈزەل،
قۇتلىنىپ ئالقىش ياغارلاردەك ئەتىۋا.

تەشرىپى قۇتلۇق سۈنۈۋۈم ئۆلگىلەر،
ئۆز زەمىن شادلىق قوچارلاردەك ئەتىۋا.

بىر قوبۇل بولماققا تالىپ ئىنتىزار،
ئىنتىزار ئىچرە ئۆزارلاردەك ئەتىۋا.

### مۇشكۈللەر ئۇلارغا لەززەت

گۈلھەسەل تاھىر

شېرىن ئۇيقۇدا ئەللىيلىنەر تۈن،    كۆزلەردە چاقناپ بەخت جىلۋىسى،
ناز بىلەن كۈلىدۇ كۆكتە تولۇنئاي.    قوش يۈرەك بىرلىكتە كۈلىدۇ تاتلىق.
تۈن ـ كېچە قوينىدا بىر جۈپ كۆزەلكە،    كۆزلەر يەتكۈسىز نۇرىدۇ مەنزىل،
مۇھەببەت سېھرىدىن ماڭىدۇ تىنىمىي،    شۇندىمۇ ۋەدىلەر بۇزۇلماس ئەبەد.
يۇلتۇزلار كۆز قىسىپ بېرىدۇ مەدەت،    يۈرەكتە دولقۇنلار غويارسىز سۆيگۈ،
شوخ شامال تىلىدۇ ئالقىپ شادلىق.    مۇشكۈللەر ئۇلارغا لەززەتتۇر ـ لەززەت.

# شاراپ سۇنار قەدەھ بولۇپ لەۋ

ياسىنجان ئوسمان

## لەۋ

شاراپ سۇنار قەدەھ بولۇپ لەۋ،
تەشنالىقتا مۇجۇلغاندا دىل.
مەستخۇشلۇقتا ئىنتىزار كۆڭلۈم،
ناخشا ئەمەس سۆز قىلىشقا تىل.

ئەگەر ئارتۇق كەتسە مەستىرلاپ،
ئاھۇ كۆزۈڭ ئاسار تامچە ياش.
زىلۋال باسار گۈزەل ئالەمنى،
تۇغۇلغىچە دىللاردا قۇياش.

لەۋ سۆيگۈنىڭ بولۇپ كۆۋرۈكى،
دىلدىن - دىلغا كۆچەر مۇھەببەت.
گەر باغلىماس چاڭقاقلىق يېتىپ،
ھىجران دىلنى ئەزمەسە پەقەت.

ئەي ياقۇت لەۋ - سېھىرلىك دۇنيا،
سەن ۋىسالغا، ئازابقا قادىر.
شائىرلىقتا ئالاتتىم ئۇنۋان،
قىلالسام سىرىڭنى زاھىر.

## كۆكسۈمدە قۇياش

گۈل بەرگىگە قونغاندەك شەبنەم،
چاقنىمىسۇن كۆزۈمدە تامچە.
ئىلاھىمسەن، سەجدىگاھىمسەن،
تەرىپلىسەم ئەرزىيدۇ قانچە،
غەززالى بولۇپ سۆزلىرى ئۇنچە.

شاراپ بولدى سۆيگۈ سېزىمى،
كۆكرىكىمگە قويغان چاغدا باش.

پاك ۋۇجۇدۇم چايقالدى مۇڭلۇق،
كۆلگەن ئىكەن باغرىڭدا قۇياش،
ھەر ئىككىمىز ئەمەس باغرى تاش.

قۇياش ئەسلى ئاسماندا ئەمەس،
بىراق بۈگۈن كۆكسۈمدە سەزدىم.
مۇنار تىكلەپ ئەقىدەم بىلەن،
تا ئەبەدىي سېنىلا دېدىم،
ئەپسۇس بۇرۇن گۇماندا ئىدىم.

## جوغلۇق

جىلپىكار، ئالتۇنگۈل بولغاچ بەك ئوتلۇق،
رام قىلىپ سۆيگۈمنى ئۇتتىڭىز جوغلۇق.
قۇياشتەك جىلۋىگەر بولۇڭ ئەبەد،
باشلارتار ئۆمۈرنى جەزبىدار شوخلۇق.

رام قىلىپ سۆيگۈمنى ئۇتتىڭىز جوغلۇق،
بولمىغاچ ئارىدا زەررىچە قۇۋلۇق.

ئاتەشلىك دىللارغا چۈشسە دېمەن،
دىللارنى غەش قىلىپ بىمەھەل سوغلۇق.
بولمىغاچ ئارىدا زەررىچە قۇۋلۇق،
بىز باسقان قەدەملەر توغرىدۇر - يوللۇق.
يېتەيلى مەنزىلگە بولسىمۇ بىراق،
قەلبىمىز گۈل بېغىنىڭ رەيھانى جوغلۇق.

# ئا . ت . ئۆتكۈر خاتىرىسىگە

ئەخمەتجان تۇرۇپ

كۆز ياشلىرىم كەتمەسمۇ قۇرۇپ،
دەرۋازىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ،
قالدىم ئاچچىق - ئاچچىق ئاھ ئۇرۇپ،
ئا. ت. ئۆتكۈر سىزنى سېغىنىپ.

چېقىلغاندەك مېڭەمدە چاقماق،
چۆچۈپ كېتىپ كېچىدە بىۋاق،
«ئىز»ىڭىزنى ھىدلىدىم ئۇزاق،
ئا. ت. ئۆتكۈر سىزنى سېغىنىپ.

ئالبومىڭىزغا قارىغان دەملەر،
يۈزلىرىمگە سىيىپ شەبنەملەر،
يۈرىكىمنى ئەزدى ئەلەملەر،
ئا. ت. ئۆتكۈر سىزنى سېغىنىپ.

ئۆرتەنمەسمۇ كۆيۈپ قولاستا،
جېنىڭلارغا ئولتۇرۇپ تەنھا،
ھەر سەھەردە قىلىمەن دۇئا،
ئا. ت. ئۆتكۈر سىزنى سېغىنىپ.

# قونۇپ شامال قاناتلىرىغا

ئەھمەت يولداش

## تاشلىنىپ قېلىش

ھېچكىم مېنى قويماس يېپىلىپ،
ئۇزاتمىنى تونۇماس دۇنيا.
ئالۋۇنلارنىڭ تىلىدا دائىم،
ئوقۇلىمەن بولۇپ مۇئەممە.

چاقىرىمەن: ئانا نەدە سەن؟
تاشلىنىۋالسام باغرىڭغا چۆكۈپ.
تانغان بولسام مېھرىڭگە بىر رەت،
يۈرمەس ئىدىم يۆنچىلىك ئۆكسۈپ.

## سۆيگەن نىگارغا

مەن ئوقۇسالىق ياڭرىتىپ ناخشا،
مەن نۇرلىمۇ ئېغىر خورسىنىپ.
ئالىق ئەمەس ئۆزۈمگە كۈلكەم،
ئەي سۆيگەن يار ساڭا تەلمۈرۈپ.

قونۇپ شامال قاناتلىرىغا،
جامالىڭنى قىلىپ كەل جەۋلان.

قوشۇلۇپ كەت تىنىقلىرىمغا،
زەر نۇرلارنىڭ پارلاپ غايىبان.
قوشقاچلارغا ئەگىشىپ يەنە،
ئورمانلارغا كەتمىگىن ئۇچۇپ.
يۈرىكىمدە ئايلان مەبۇدا،
قاغجىرىغان كۆڭلۈمنى ئۇتۇپ.

يۈسۈف ئىگەمبەردى

# ئەدەبىيات بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش

(بىر قىسىم مائارىپچىلار ۋە ئەدىبلەر بىلەن سۆھبەت)

نۆۋەتتە ئەدەبىيات ۋە تىل ساھەسىدە «ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى تىل»، «ئەدەبىيات ـ تىل سەنئىتى» دېگەن تەبىرلەرنى يېشىش خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر، ئەدەبىيات بىلەن تىلنىڭ گىرەلەشمە مۇناسىۋىتىگە ياتىدىغان تەتقىقات ئەسەرلىرى ئاندا ـ ساندا ماقالە شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققاندىن باشقا، ئەدەبىيات بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتى تەتقىقاتى ئاقتاما يەر ھالىتىدە تاشلىنىپ تۇرماقتا. تىل ئوبزورچىلىقىمىز ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە مەلۇم بىر يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى، قۇرۇلمىسى ھەققىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ لېكىن، ئۇ يازغۇچىنىڭ تىل ئۇسلۇبى، ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر، سۆزلەر ۋە شۇ سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىستىكىسى، جۈملە قۇرۇلمىلىرى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقاتلار يوق دېيەرلىك بولدى.

ئەدەبىياتىمىز ۋە تىل ساھەسىمىزدە مەزكۇر نۇقتىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ ھەقتىكى يېڭى تەتقىقات، يېڭى قاراشلارنى يېڭى ئەسىر باشلانغان مۇشۇ پەيتلەردە، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىكى ئىلمىي خىزمەت ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان باغۋەنلەرنىڭ ئەنجۈمەنى ئارقىلىق يەتكۈزمەكچى بولدۇم. ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



سوئال: مۇتەللىپ سىدىق (قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، دوتسېنت): ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەر ئۆز ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ نام ـ شەرىپىنى بېكىتىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قايسى؟

جاۋاب: پېرسوناژلارنىڭ نام ـ شەرىپى دېگەندە ئىسمى ۋە ئىسمىغا قوشۇلىدىغان قوشۇمچە تەركىبلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئادەتتە ئەدەبىي ئەسەرلەردە مۇئەللىپلەر ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى، پېرسوناژلارنىڭ ھەرخىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىسىم تاللايدۇ. يەنى سەلبىي، ئىجابىي پېرسوناژلار ئۈچۈن، يېزا تېمىسىدىكى ئەسەرلەردە يېزىلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان ئىسىم ۋە لەقەملەر، شەھەر تېمىسىدىكى ئەسەرلەردە شەھەرلىكلەرگە خاس ئىسىم ۋە ئەمەل ناملىرىنى تاللايدۇ. لېكىن، نۇرغۇن ئەسەرلەردە ھازىرغىچە پېرسوناژلارنىڭ نام ـ شەرىپىنى توغرا تاللىماسلىق ۋە ئاتىماسلىق ياكى بۇزۇلغان ئىسىملارنى ئەينەن ئىشلىتىش ئەھۋالى داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. دەرۋەقە، پېرسوناژلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن ئۇلارنىڭ نام ـ شەرىپىنى شۇلار-

ئەدەبىي سۆھبەت

نىڭ تىلى بىلەن ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، ئەدەبىي ئەسەر تۇرمۇشتىن ئۈستۈن تۇرۇشى، كىشىلەرنى توغرا تەربىيىلىشى كېرەك. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىمۇ مەدەنىي تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. ئىسىملارنى مۇمكىن قەدەر ياخشى تاللاش، توغرا ئاتاش لازىم. دېمەك، ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدىمۇ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، گۈزەللەشتۈرۈش تەلىپىنى قويۇشقا بولىدۇ. بولۇپمۇ مۇئەللىپ تىلىدا پېرسوناژلارنىڭ نام ـ شەرىپى توغرا ئاتىلىشى لازىم. فامىلە قوللىنىشىمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ نام ـ شەرىپىدە ئەكس ئەتتۈرۈشتىن باشلاش كېرەك. قىسقىسى پېرسوناژلارغا ئىسىم بېكىتىشتە ئىسىملارنى مۇمكىن قەدەر ئەسلىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىلىك، ساغلام، گۈزەل ھەم مۇۋاپىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

سوئال: ئەھمەد دەرۋىش (ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى دوتسېنتى): ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يازغۇچىلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىي تىلىدىن يىراقلاپ كېتىش ھادىسىسى مەۋجۇت. بۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ۋە ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىسىزمۇ ـ قانداق؟



جاۋاب: ئەدەبىي تىل ئەدەبىي ئەسەرنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدىغان مۇھىم بىر ۋاسىتە. ياخشى بىر ئەدەبىي ئەسەر بولۇش ئۈچۈن ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلماقچى بولغان تېما جانلىق، ئوبرازلىق، مەنتىقىلىق ئاساستا يورۇتۇلۇشى، ئوقۇرمەندە بەلگىلىك بەدىئىي زوق ۋە ئىستېتىك ئۈنۈم ھاسىل قىلالىشى لازىم. بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كلاسسىك ئەدىبلىرىمىز ئەسەرلىرىنىڭ دەۋرنىڭ سىناقلىرى، زامان ۋە ماكانىنىڭ چەكلىمىلىكلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ روھىي تۈۋرۈكى سۈپىتىدە ياشاپ كېلىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى: ئۇلارنىڭ ئاكتىۋئال تېمىلارنى خەلق كۆڭلىگە ياقىدىغان، ئاسان چۈشىنەلەيدىغان، قوبۇل قىلىپ ھەزىم قىلالايدىغان ئاممىباپ، ئوبرازلىق تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدە.

سوئال: ئۇنداقتا بۇ خىلدىكى تىل نەدىن كېلىدۇ؟

جاۋاب: قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك پىرامىداسىنى تىكلىگەن ئۇلۇغ پېشۋا، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ يېگانە ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا:

4392. كېلۇر ئەمدى شائىر، بۇ سۆز تېرگۈچى،
كىشىلەرنى ماختاپ ۋە ھەم سۆككۈچى.

—— دەپ يازغان. ئالىمنىڭ نەزەرىدە شائىر بولغان كىشى قانداق ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم؟ مۇقەررەركى، ئۇ كىشىلەرنى ماختايدۇ ۋە ئايىماي سۆكىدۇ. ئالىم شائىرنى «جەمئىيەتنىڭ تىرمومېتىرى، كىشىلەر پىسخىكىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى، ئەمەلىيەتكە باھا بەرگۈچى» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

ئالىمنىڭ قارىشىچە شائىر سۆز تەرگۈچى بولۇپ، ئۇ ئادەم ئاسان چۈشىنەلمەيدىغان، بىلەلمەيدىغان سۆز ئىبارىلەرنى ياسىغۇچىمۇ ئەمەس، ياكى ئارخائىزم بولۇپ كەتكەن سۆز-

لەرنى تېرىپ، جۇغلاپ مەلۇم قاپىيە شەكلىگە كەلتۈرۈپ شېئىر ياسىغۇچىمۇ ئەمەس. شائىر شۇنداق كىشىكى، ئۇ ئۆز مۇددىئاسى ئۈچۈن خەلق ئىچىدىن ئۆز ئانا تىلىنىڭ جەۋھىرىنى يىغىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئېسىل مۇددىئاسىنىڭ مۇھىم قورالى سۈپىتىدە پايدىلانغۇچى، شۇڭا ئۇلارنىڭ تىلى:

4393 . قىلىچتىن ئىتتىكرەك بولارنىڭ تىلى،

قىلدىنمۇ نازۇكراق تەپەككۇر يولى دېيىلگەن.

ئۆز ئارا تەققاسلىنىۋاتقان « قىلىچ » بىلەن « تىل » غا قارايلى. قىلىچ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ئادەمنىڭ جىسمانىيىتىنى بوي ئەگدۈرسە، تىل قىلىچتىنمۇ ئۆتكۈرلۈكى ئارقىلىق ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتىنى بوي ئەگدۈرىدۇ. شائىر تەپەككۇرىنىڭ نازۇكلۇقى ئىنسان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا پىنھان تۇرغان ھېسسىياتنى بىۋاستە ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىر پارچە ئەسەردە مۇشۇ خىل جانلىق، سىمپاتىك ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئەدىب بولغان كىشى ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ:

4395 . كۆرۈرسەن دېڭىزغا كىرۇر كىشىدەك،

گۆۋھەر، ئۈنچە، ياقۇت چىقارۇر، دەپ ئېيتقىنىدەك بولۇش لازىم. دېمەك، بۇ مىسرالاردا چاقنىغان مەزمۇنلاردا شائىرلىقنىڭ خۇددى ھاياتىنى دوغا تىكىپ قويۇپ، تەۋەككۈلچىلىك بىلەن دېڭىزغا شۇڭغۇپ گۆھەر، ئۈنچە، مەرۋايىت سۆزگەنگە ئوخشاش جاپالىق ئىش ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

مېنىڭچە، مەلۇم بىر ئەدەبىي ئەسەرنى كىلاسسىك ئەسەر دەپ ئاتىشىمىزدىكى سەۋەب، ئۇنىڭدىكى تىلنىڭ خەلق قەلبىگە جۆر بولۇپ ھېسسىيات، چۈشەنچە ئورتاقلىقى بەرپا قىلىپ، ئەسەر مەزمۇنىنى دەۋر چېگىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتەلىگەنلىكىدە — دەپ قارايمەن. ھەر قانداق بىر بەدىئىي ئەسەردە دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە روشەن خاھىشچانلىق بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ۋە خاھىشچانلىق ئاپتورنىڭ چوڭقۇر تۇزىتىشىدىن ھاسىل بولغان ئۇمىدۋارلىق ئىدىيىسى بىلەن زىچ بىر گەۋدىگە ئىگە بولغاندا، ئۇ ئەسەر كىلاسسىك خاراكتېرنى ئالالايدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى تىلنىڭ كىلاسسىك خاراكتېرىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال تىل ئىشلەتكۈچى تىلنىڭ مەنىسىنى بىلىش لازىم. ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

984 . دېدى ئايتولدى: سۆزدە پايدا تولا،

ئەگەر سۆز قىلىشنى تىلىم بىلسىلا.

— دەپ يازغان. ئالىم ئېيتىۋاتقان « سۆز » دىكى « پايدا » بىلەن « تىلنىڭ سۆز قىلىشنى بىلىش » مەسىلىسى بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان شەرت ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئوخشاشلا يازغۇچىلار ئۈچۈنمۇ مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىنى بېرىدۇ.

ئىككىنچى بىر مەسىلە، سۆزنى ئىشلىتىش مەسىلىسى. مەلۇم بىر سۆز ئەسەردىكى مەزمۇنغا ماس بولغان جايدا ئىشلىتىلمىسە، ئۇ ھەر قانچە دەبدەبىلىك سۆز بولسىمۇ، ئۆز قىممىتىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. ئەكسىچە، تەتۈر مەنا ئىپادىلەپ، ئەسەرنى ئىككى پۇلغا ئالغۇسىز قىلىۋېتىدۇ. بۇ ھەقتە مىساللار ناھايىتى كۆپ.

يەنە بىر مەسىلە، سۆز تاللاش مەسە-

لىسى. تىلىمىزغا ئىنچىكىلىك بىلەن دىققەت قىلساق، ئۇنىڭدا كۆپ مەنالىق، بىر مەنالىق، شەكىلداش سۆزلەر ناھايىتى كۆپ. مەلۇم بىر ئەدىب تۇرمۇشتىن ھاسىل قىلغان ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتە تىلنىڭ مەنىسىنى بىلىش، ئۇنى تاللاش ۋە ئىشلىتىشنى ئوبدان بىلىش لازىم. ئەگەر بۇ شەرتلەر تولۇق ھازىرلانمىسا، ئۇنىڭ يازغانلىرى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كىلاسسىك ئەدەبىي تىلدىن يىراقلاپ كېتىش ھادىسىسى مەۋجۇت دەپ قارالسا، بىر قىسىم ھەۋەسكارلار ۋە بىر قىسىم ئەدىبلىرىمىزنىڭ تىلنىڭ ئۇنۇمىگە، ئۇنى ئەسەردە ئىشلىتىشكە، تاللاشقا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتقانلىقىدىن بولغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

مەلۇم بىر پارچە ئەسەر شۇ كىشىنىڭ يۈرەك قېنىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ كىشى شۇ ئەسەر ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغاندىلا، ئۇ خۇددى ۋۇجۇدىدىكى قانغا ئوخشاش ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى شۇ ئەسىرى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلماي، بىردەملىك ھېسسىياتقا بېرىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەسىرى غىل - پال كۆرۈنگەن ھېسسىياتتىن بۇرۇنراق قىممىتىنى يوقىتىدۇ. 15 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى، خەمسەچىلىكنىڭ پىرامىداسىنى ياراتقان ئۇلۇغ شائىر نەۋائىي بىلەن زامانداش ئۆتكەن ئەسەخىي دېگەن بىر شائىر بار ئىدى. ئۇنىڭدا بەلگىلىك يېزىقچىلىق قابىلىيەت بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بىپەرۋا بولغاچقا، كۆپ قېتىم ھەزرىتى نەۋائىينىڭ ئىجادىيەتتە ئەستايىدىلراق بولۇش توغرىسىدىكى تەنقىدىگە ئۇچراپ تۇراتتى. بىر كۈنى ئەسەخىي ھەزرىتى نەۋائىينىڭ ئالدىغا كېلىپ: — ئۇستازىم مەن ئەمدى سىلى ئېيتقاندەك ئەستايىدىل ئىجادىيەت قىلىشقا كىرىشتىم. تۈنۈگۈن كەچتە بازاردىن ئىككى تىيىنگە شام سېتىۋېلىپ ئىشلەشكە كىرىشكەنىدىم. شام كۆيۈپ تۈگىگىچە 200 مىسرا شېئىر يېزىپ بولۇپتىمەن. بىر كۆرۈپ باققان بولسىلا، — دېدى.

ھەزرىتى نەۋائىي ئەسەخىينىڭ قولىدىكى شېئىرنى ئېلىپ تەپسىلىي ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئېغىر خورسىنغان ھالدا: «بۇ شېئىرنىڭ قىممىتى پەقەت سىز سەرپ قىلغان ئىككى تىيىنگىمۇ ئەرزىمەيدىكەن» دەپ جاۋاب بەردى.

سوئال: شائىر نەۋائىي ئەسەخىينىڭ شېئىرىدا نېمىنى كۆردى؟

جاۋاب: شېئىر دېگەن تويۇنغان ھېسسىياتنىڭ پارتلىشى، بۇ پارتلاش قەغەز يۈزىدە پەقەت تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. تىل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىممىتىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. نەۋائىينىڭ كۆرگىنى ھېچقانداق قىممىتى ۋە رولى بولمىغان قاپىيەلەر تىزمىسى ياكى سۆز جۇغلانمىسىدىن ئىبارەت بولغان خالاس.



سوئال: مۇھەممەد رەھىمھاجى (ئەدەبىيات نەزەرىيىسى پروفېسسورى): سىلىنىڭ مەرھۇم روزى سايىت ئاكا بىلەن ساۋاقداش ئىكەنلىكلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇ زاتنىڭ شېئىرلىرىنىڭ سۆزلۈك ئالاھىدىلىكى ھەققىدە سىلىنى سۆزگە تەكلىپ قىلسام بولامدۇ؟

جاۋاب: بولىدۇ. ساۋاقداش دېگەن ئۆمۈرلۈك بولىدىكەن. 2001 ـ يىلى مايدا، «روزى سايىت سەرەتان كېسىلى بىلەن يېتىپ قاپتۇ» دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ باردىم. دىدارلاشتۇق، كونا، قىزىق گەپلەرنى چاقچاقلىشىپ ئەسكە ئالدۇق. ئۇنى كۈلدۈردۇق. روزىنىساخاننى كۆندەشلىك ئوتىغا سالدۇق. مانا بۈگۈن مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا 300 كۈن بولۇپ ئاشتى. روھى يەنىلا بىز بىلەن بىللە.

1970 ـ يىللارنىڭ بېشىدا قەشقەر پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا ئوقۇۋاتقاندا 70% ـ 80% قوناق غىزاسى يەيتۇق. بىر كۈنى ئۇ بىر تاماق بېلىتىنىڭ كەينىگە:

ئەتىگەندە بىر موللەك،
چۈشتە بېرىسەن مەنتۇرا.
قاچانغىچە قىينايسەن،
ئىبراھىم دېگەن گۆيتوزا.

دەپ يېزىپ قويغانىدى. ئىبراھىم دېگەن كىشى مەكتىپىمىز ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئىدى. ئەينى يىللاردا يېمەكلىكلىرىمىز غورىگول بولسىمۇ چاقچاقلىرىمىز تولىمۇ مەنىلىك، تاتلىق ئىدى.

ئۇ تۇنجى شېئىرى «دېھقانمۇ داشۆسىلىك بولدى» نى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىش بىلەن ئېغىز جەۋھەردانىدىن سۆز ئۈنچىلىرىنى تۇنجى نەزمىي يىپىغا ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ يۈكسەك ئىرادىگە ئىگە، قورقۇش، بىپەرۋالىقتىن خالىي تەبىئەتلىك ئادەم ئىدى، دىلى سەرراپ بولۇپ جەۋھەر خەزىنىسىدىن ھېسابسىز دۇرلارنى ئالاتتى. كۆڭلى گۈل تەرگۈچى بولۇپ زېھانزاردىن خۇشپۇراقلارنى يىغاتتى. ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بۇلبۇلى گۈل جامالىغا ئاشىق، ئىنسان روھىنىڭ پەرۋانىسى ھەر بىر چىراغ ھۆسنىگە مەپتۇن ئىدى.

ئەلىشىر ناۋائىي ئۇستازىنى تەرىپلەپ «مەۋلانە ئابدۇرەھمان جامىي جانابلىرىنىڭ... ھەر بىر غەزىلى ئاسماندىن چۈشكەن ۋەھىيدەك، ھەر بىر رىسالىسى پەيغەمبەر ھەدىسلىرىدەك يۈكسەك» ① دەيدۇ. مەنمۇ روزى سايىت شېئىرلىرىدىكى سۆز ئۈنچىلىرىنى دۇر كەبى، ياقۇتتەك دەپ ئويلايمەن. «سۆزنىڭ يامىنىدىن ھالاكەت، ياخشىسىدىن ئېيسا مۆجىزىسى كۆرۈنىدۇ» ② دېگەن روزى سايىت شېئىرلىرىدا «دالۋاي» ③ «تاقى» ④ «ياپا» ⑤ «تۇت» ⑥، «مۇت» ⑦ «باتىراق» ⑧ «ھاللاڭ» ⑨ «گۇم» ⑩ «شاپ» ⑪ دېگەندەك كونا سۆزلەر بار. يەنە «سۆز تەلەپ قىلىش» ⑫ «يالا» ⑬ «مونەك»، «بوغناق»، «قۇقان» دېگەندەك ئاغزاكى تىل سۆزلىرى بار. ئۇ كۆپ «مۇلەممە» ⑭ يازغان. مەرھۇم يەنە ئۆزىنىڭ شېئىرىي تىلى ئارقىلىق ئىشقى، تالانتىنى يېتىلگەن ئۇسلۇبىغا سىڭدۇرۇپ، كارامەت شېئىرىي مەنزىل ياراتقان. روزى سايىت دېھقانلارغا يازدا دوغ، قىشتا ئوت تەپتى بېرىدىغان روھىي قۇۋۋەت غەزەللەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ تاپقان روھىي غەنىمەتلەر، شېئىرىي كارامەتلەر بىزنى مۇڭلاندۇرماقتا.

---

① «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» مىللەتلەر نەشرىياتى. 1988 ـ يىلى نەشر 34 ـ بەت ② ئۆلگەننى تىرىلدۈرۈش دېگەن مەنىدە ③ ئۆزىنى كۆرسىتىش دېگەن مەنىدە ④ مۇنار دېگەن مەنىدە ⑤ ھەممە دېگەن مەنىدە ⑥ ئۈجمە دېگەن مەنىدە ⑦ بىكار دېگەن مەنىدە ⑧ يوقسۇل دېگەن مەنىدە ⑨ ئوچۇق دېگەن مەنىدە ⑩ دەريالاردىكى توختام سۇنىڭ چوڭقۇر جايى ⑫ نىكاھدىن ئاجرىشىش دېگەن مەنىدە ⑬ يالغان، تۆھمەت دېگەن مەنىدە ⑭ ئايرىم مىسرا سۆزلىرى شېۋە، يەرلىك تىل سۆزلىرىدە يېزىلغان شېئىر.
ـ ئاپتوردىن



سوئال: ۋاھاب غوپۇر (ئىستېتىكا پەنلىرى دوتسېنتى): ئەدەبىي ئەسەرلەر تىلىدا چەت ئەل تىللىرىدىكى سۆز - ئىبارىلەرنى ئىشلىتىۋېلىشنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئېستېتىك زوقىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا؟

جاۋاب: ئەدەبىي ئەسەرلەردە چەت ئەل تىللىرىدىن كىرگەن سۆز - ئىبارىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىدە، مېنىڭچە مۇنداق ئىككى نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈر. ئۇنىڭ بىرى كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنىڭ يېزىق شەكلى بىلەن تىلىنىڭ ھازىرقى يېزىق شەكلى ۋە تىلىمىزنىڭ ئەمەلىي ھالىتىدىن كۆپ يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى بىلىش. يەنە بىرى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن چەت ئەل تىللىرىدىكى سۆز - ئىبارىلەرنىڭ سىڭىپ كىرىپ ئۆزلەشكەن ياكى ئۆزلەشمەي كەتمىگەنلىكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەردىن زوقلىنىدىغان ھەر مىللەت ئوقۇرمەنلىرىنىڭ پەرقلىق ھالدىكى ئېستېتىك زوقىنى شەكىللەندۈرۈپ قالماستىن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭمۇ ياش، تەربىيە، مۇددىئا بويىچە ئېستېتىك زوقىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ توغرىدا يولداش فۇماجى چىڭداۋ يىغىنىدا كۆرسەتكەندەك ① مۇئەللىپلەرنىڭ قوش تىللىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي شارائىت ۋە سەۋەبلەر تۈرتكە بولسا، يەنە بىرى قوش تىللىق كىشىلەرنىڭ ئۆز ئانا تىلى بولمىغان چەت ئەل تىللىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش سەۋىيىسى (يەنى ئىككى تىلدا بىردەك يازالامدۇ ياكى ئۆز ئانا تىلىدا قىلغان يېزىقچىلىقىغا يات تىل تەسىر كۆرسىتەمدۇ؟) تۈرتكە بولىدۇ.

ھەر قانداق بىر مىللەت تىلى يەككە يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماستىن، باشقا مىللەت تىللىرى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تىللارنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۆز ئارا سۆز قوبۇل قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. لېكىن بۇنى باھانە قىلىپ قارا قويۇق سۆز قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە يارىتىلغان ئەسەر ئوقۇرمەنلەرگە ئېستېتىك زوق ئاتا قىلالمايدۇ. يازغۇچىلار ئەسەر يازغاندا ئومۇمىي خەلق مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىش كېرەك. ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى ئىشلىتىپ باقمىغان سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىكى كېرەك. مەسىلەن، «فورمالىزم» دېمەي شەكىلۋازلىق دېيىشە بولىدۇ. «ئاسكېتىزم»، «پوتېنسىياللىق»، «فوتورىزم» دېمەي «تەركىدۇنياچىلىق»، «يوشۇرۇنلۇق»، «كەلگۈسىزم» ② دېيىشە بولىدۇ. يازغۇچىلار ئۆز ئىجادىيىتىدە يېڭى پىكىر، يېڭى ئۇقۇم سۆزلىرىنى چەت ئەل ئەدەبىياتى ئاھاڭ تەرجىمىسى بىلەن قوبۇل قىلماي مەنە تەرجىمىسى بىلەن قوبۇل قىلسا بولىدۇ. شۇ ئاساستا ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىشلىتىلگەن سۆزلەر مەنا ئېنىقلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە زوق بېرەلەيدۇ. مۇئەللىپلەرنىڭ قالايمىقان ھالدا چەت ئەل تىلىدىن قوبۇل قىلغان سۆزلىرى بىلەن بەدىئىي ئوبرازلارنى ياراتسا، گەرچە بەدىئىي ئوبرازلار ئېستېتىك خاراكتېرى قانچە ئېنىق، جانلىق سىستې-

① فۇماجى ئىبنىدى توققۇز خىل تەتقىقات تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

② كەلگۈسىزم دېگەن ئاتالغۇ «كىرورلان» ژۇرنىلىدا، ئۇيغۇرچە «قىزىلسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئىشلىتىلدى. — ئاپتوردىن

مىلىق، قاراتمىلىقتا ئىگە بولسىمۇ، ئوقۇرمەنلەر ئۇنىڭدىن ئىستېتىك زوق ئالالمايدۇ.



سوئال: ئەنۋەر سادىق (تىل فاكۇلتېتى لېكتورى): ھازىرقى ئەدەب - يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قانداق پىكىرلەرنى بايان قىلىشقا بولىدۇ؟

جاۋاب: بۇنى بىر ئىككى كەلىمىلەر بىلەن سۆزلەپ تۈگەتمەك تەس. مېنىڭچە ھەر بىر يازغۇچىنىڭ ئۆز تىل ئالاھىدىلىكى بولغان ياخشى. مەلۇم بىر يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى، قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە بولغاندىن باشقا تىلىمۇ ئۆزگىچە بولسا، يەنى ئوقۇرمەنلەر ئەسەرنى ئوقۇپلا ئەسەر تىلىدىن مۇئەللىپىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايدىغان بولسا ياخشى.

ھازىرقى ئەدەب - يازغۇچىلىرىمىز ئىچىدە ئىمىن تۇرسۇن ۋە مۇھەممەد ئوسمان ھاجىم ئىجادىيىتىدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەرەبىي، فارسىي سۆزلىرى كۆپ، ئابدۇكەرىم خوجا، مۇھەممەدئەلى زۇنۇن، م. راشىدىن، سەلەي قاسىم، ئۆچقۇنجان ئۆمەر شېئىرلىرىنىڭ تىلى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى تىلىغا يېقىن، ئوسمانجان ساۋۇت ئەسەرلىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرى كۆپرەك... دېمەك، يوقىرىقى يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە بەلگىلىك ئۆزگىچىلىك ياراتقان بولۇپ ئۇ ئۆزگىچىلىكلەر لېكسىكىدا ئىپادىلىنىدۇ.



سوئال: مۇھەممەد قازى ئېيسا (ئەدەبىيات نەزەرىيىسى لېكتورى) «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىلقى 2- سانىدا ئىككى تاجىك ئەدىبنىڭ تاجىك پروزىچىلىقى ھەققىدە ئېلىپ بارغان سۆھبىتىدە تاجىك ئەدەبىياتىنى «غەيرىي ئەدەبىيات» دەيدىغان قاراشلار ھەققىدە توختالدى. سىلى مۇشۇ نۇقتىنى تېخىمۇ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بەرگەن بولسىلا بولۇپتىكەن؟

جاۋاب: غەيرىي مىللىي تىلدا ئەدەبىي ئەسەر يازىدىغان ئەھۋال ئەزەلدىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەدەبىيات ھادىسىسى. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە فارابى، ئەتايى، سەككاكى، لۇتفى، نەۋائىي قاتارلىق ئۇيغۇر ئەدىبلىرىمۇ ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان. ھازىرمۇ بىر قىسىم ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى خەنزۇ، رۇس تىلىدا يازىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى غەيرىي مىللىي تىلدا يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئەدەبىي مىراس. ھازىرغىچە خېلى كۆپ خەنزۇ ئەدىبلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەپ كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇلار گەرچە ئۆز ئەسەرلىرىدە باشقا مىللەت تۇرمۇشىنى تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىنى ھەرگىزمۇ

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ دەپ قارىمايدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر بىر مىللەت تىلىدىن ئىككىنچى بىر مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنىدۇ. تەرجىمە قىلىنىش بىلەن بۇ ئەدەبىيات تەرجىمە قىلىنغان تىل ئىگىلىرى بولغان ئىككىنچى بىر مىللەت ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولۇپ قالمايدۇ. بەلكى ئەسلىدە قايسى مىللەت ئەدەبىياتى بولسا، يەنىلا شۇ مىللەت ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مىللىي تەۋەلىكىنى ئايرىشتا قەدىمدىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەقىلغا مۇۋاپىق ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ۋە توپ پىرىنسىپتۇر.

يۇقىرىقى پرىنسىپقا ئاساسلانغاندا، تاجىك ئەدىبلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى «غەيرىي ئەدەبىيات» دېيىشكە بولمايدۇ. گەرچە ئۇلار ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىپ ئەسەر يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي خاراكتېرى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا مىللىي تۇرمۇش تېمىلىرىنى بەدىئىي جەھەتتىن پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ھېسسىياتى، ئارزۇ ـ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۇرگەن بولىدۇ. تاجىك يازغۇچىسى روزى گۈلباينىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان «ئاھ، دىلپارە» پوۋېستى ۋە مونى تابىلدىنىڭ «جىلغىدىكى مەقبەرە» قاتارلىق ھېكايىلىرىدا دەل ئاشۇ مەقسەت ئىشقا ئاشۇرۇلغان. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى «غەيرىي ئەدەبىيات» بولماستىن، بەلكى تاجىك مىللىي ئەدەبىياتىغا مەنسۇپتۇر.



سوئال: بۇلبۇل ئەكرەم (يېزىقچىلىق پەنلەر لېكتورى)

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر قىسىم يازغۇچىلار يېزىقچىلىقتا خېلى پىشقەدەم ھېسابلانسىمۇ، تۇرمۇش دېڭىزىغا خېلى چوڭقۇر شۇڭغۇشى ۋە بولسىمۇ، «تىل دېڭىزى»غا شۇڭغۇشى ئۇنىڭدىن «سۆز جاۋاھىراتلىرى»نى سۈزۈشى ۋە ئۇنى «جۈملە يىپلىرى»غا ئۆتكۈزۈشى تېيىز بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋال يېزىقچىلىق بىلەن يېڭىدىن ھەپىلىشىدىغان ھەۋەسكارنىڭ ئۆگىنىشىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا؟

جاۋاب: يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزنىڭ «تىل دېڭىزى»غا شۇڭغۇشىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، يەنىمۇ كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ «تىل ئۇستازى» بولۇش سۈپىتى بىلەن كەڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ھەقىقىي ئۈلگە بولالمايۋاتقانلىقىمۇ بۇ يەردىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلىش ئېغىمىز بىلەن لىللا گەپنى دېسەك، بىزدە ھەۋەسكارلىرىمىزغا تىل ئۆگىنىش ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتتە ئۈلگە بولۇپ، ئۇلارنى يېتەكلەپ ماڭالىغۇدەك ئادەملەر ئانچە كۆپمۇ ئەمەس. ھەتتا خېلى نامى چىققان بىر قىسىم يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزنىڭ بەزى ئەسەرلىرىدىمۇ تىل جەھەتتە ئاز بولمىغان نۇقسانلار بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزىلەر ھە دېسىلا چۈشىنىش قىيىن بولغان

باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە ئامراق. قىسقىسى، كەڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تىل جەھەتتە ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ، ئۇلارغا ئانا تىلىنىڭ پاساھىتىنى، تەڭداشسىز گۈزەللىكىنى تەبىئىي يوسۇندا ھەقىقىي ھېس قىلدۇرالىغۇدەك، سۆز ـ جۈملىلىرىنى قىزىقىش بىلەن يادلىۋالىغۇدەك ئەسەرلەر ھەقىقەتەن كەمچىل.

نۆۋەتتە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تىل ئارقىلىق ئىپادىلەش ئىقتىدارى تولىمۇ تۆۋەن. ھەتتا ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ 70% تىن كۆپرەكى ئۆز ماقالە ـ ئەسەرلىرىدە تىلنى تەلەپكە لايىق ئىشلىتىشنى بىلمەيدۇ. پۈتكۈل يېزىقچىلىق جەريانىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ماتېرىيال تاللاش، مەزمۇننى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە قۇرۇلمىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتلەردە كۆپ مەسىلىمۇ يوق. ئەڭ قاملاشماي كېلىۋاتقان يەنىلا تىل ئارقىلىق ئىپادىلەش.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئوقۇغۇچىلار بولۇپمۇ يېزىقچىلىق ھەۋەسكارلىرى يېزىقچىلىقتا يازغۇچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلىپ يازىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇسلۇبلىرىنى ئۆگىنىشكە تىرىشىدۇ. شۇڭا كەڭ يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىز ئۆزىنىڭ ھەۋەسكارلار ئالدىدىكى زور مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، ئەسەرلىرىگە تىل جەھەتتە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇشى، ھەر بىر سۆزنى قايتا ـ قايتا تاللاشقا، ھەر بىر جۈملىنى قايتا ـ قايتىلاپ تاۋلاشقا ئادەتلىنىپ، ھەر بىر پارچە ئەسىرىنى ھەۋەسكارلارغا تىل جەھەتتىن بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلالايدىغان «تىل دەرسلىكى»گە ئايلاندۇرۇش زۆرۈر.



سوئال: تىلىۋالدى ئېيسا ( ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئوقۇتۇش بۆلۈمىنىڭ لېكتورى )

چەت ئەللەردە تىل ۋە ئەدەبىيات ھەم پسىخولوگىيىنىڭ قانداق تەرەققىياتلارغا ئېرىشىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى پىكىرلەرنى بەك ئاڭلىغىمىز بار. سۆزلەپ بېرىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: 80 ـ يىللاردىن بېرى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يالغۇزلا تىلشۇناسلىق مەۋقەسىدىلا ئەمەس، بەلكى، يەنە جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە پسىخولوگىيە جەھەتتىمۇ تەتقىق قىلىنىدىغان يېڭى پەنلەر بارلىققا كېلىپ تەرەققىي قىلماقتا. تىپىك بولغىنى، پسىخىك ـ تىل ئىلمىنىڭ پەيدا بولۇشى دەل پسىخولوگىيە بىلەن تىلشۇناسلىقنىڭ بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ پەن ئۆز ساھەسىدە ئەدەبىيات ماتېرىياللىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات خام ئەشياسى قىلىدۇ. يەنى ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پسىخىك تەسۋىرلەرنىڭ سۆزلەرنىڭ ئىپادىلىنىشى مەنىداش سۆزلەر ۋە قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىنىڭ ئوقۇش پسىخىكىسىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى. پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى، مەتىنشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرنىڭ مەزمۇنلىرى بويىچە تەتقىق قىلىپ يەنە ئاخىرىدا تىل ـ ئەدەبىيات ۋە پسىخولوگىيىنى ھەم باشقا پەنلەرنى يېڭى تەتقىقات مەزمۇنى ۋە مېتودى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ بىر يېڭى يۈزلىنىش. مەن تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇشۇ ساھەگە نەزەر ئاغدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ سەھىپىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر

ئەھمەت دەرۋىش

# دېڭىزغا تۇتاشقان سۈزۈك ئېقىن

## «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ ئون دەستە گۈلىگە نەزەر

### تەھرىر ئىلاۋىسى

*پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىدا يولداش جياڭ زېمىن: «يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتنىڭ ئاچقۇچى، تەرەققىياتتا يېڭى ئوي - پىكىر، ئەمەلىياتتا يېڭى بۆسۈش، ئېچىۋېتىشتە يېڭى ۋەزىيەت، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى تەدبىرلەر بولۇشى لازىم» دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى جۈملىدىن ژورنالچىلىق ئۈچۈنمۇ زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ماقالىدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى ئاساسىدا، نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، تەجرىبە - ساۋاقلار ئەستايىدىل يەكۈنلىنىپ، ئۈمىد ۋە تەلەپلەر سەممىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا ئەرزىيدۇ.*

كىلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش جەريانىدىكى ئەدەبىي ھاياتىنى ئۆگەنگەندە، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت يولى، ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى كۆپىنچە ھاللاردا تۈرلۈك ئەدەبىي ۋاستىلار ئارقىلىق يېتىلدۈرگەنلىكىنى، ئىجادىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى سەممىيلىك بىلەن تونۇپ يېتىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ بىلىش چۈشەنچىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، يېڭىچە يول، يېڭىچە قاراشنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى؛ يېڭىدىن - يېڭىنى ئىختىرا قىلىشقا يول تۇتۇپ يېڭىچە شەكىل بىلەن ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش يولىنى ياراتقانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

بۇ خىل ئالاھىدىلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن راۋاجلاندۇرغان، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى يېڭى دەۋرگە ئۇلاپ، كاتتا تۆھپە كۆرسەتكەن شائىر - يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەدەبىي ھاياتىدىمۇ ئىزچىللىققا ئىگە بولدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە يېقىندىن ماسلاشقان ھالدا ھەرخىل تېپتىكى ئىلمىي سۆھبەت، ئىلمىي ئۇچرىشىش، مۇشائىرە كېچىلىكى، دېكلاماتسىيە يىغىنى، تەربىيىلەش كۇرسى، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، ھەر خىل تەشۋىقات قوراللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ يېتەكلەش، يول كۆرسىتىپ بېرىش، ئۆستۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى جانلىق تۈردە ئېلىپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ كۆپ خىل تېما، كۆپ خىل شەكىل بىلەن ساغلام ھالدا راۋاجلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغانلىقىدا تېخىمۇ جانلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ژورنالچىلىقى تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇۋاتقان «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلى مانا شۇنداق پائالىيەتلەرنى



ئاكتىپ تەشكىللەپ، ۋەتەن، خەلق، مىللەت ئۈچۈن ھەقىقىي ئەجىر سىڭدۈرگەن نادىر ژۇرناللارنىڭ بىرى. بۇ ژۇرنال ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۆز ئەتراپىغا مۇنتىزىم ئاپتورلار قوشۇنىنى ئۇيۇشتۇرۇش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماستىن، بەلكى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا مىللىي روھنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ياش كۈچلەرنىڭ ئىزدىنىش روھىغا مەدەت ۋە ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنى ياخشى سورۇن، ياخشى ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كەلمەكتە.

« قەشقەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىلدىن 2001 ـ يىلغىچە بولغان 10 يىللىق ئەدەبىي ھاياتىدا « ياشلىق، سۆيگۈ، غايە » ( 1992 ـ يىلى ) ، « ھايات دولقۇنلىرى » ( 1993 ـ يىلى ) ، « ئىزدىنىش » ( 1994 ـ يىل) ، « ئانا يۇرت، ئالتۇن دىيار » ( 1995 ـ يىل ) ، « يۈرەك ناۋاسى » ( 1996 ـ يىل ) ، « روشەن ئەينەك » ( 1997 ـ يىل ) ، « بىغۇبار دۇنيا » ( 1998 ـ يىل ) ، « شانلىق مۇساپە، پارلاق نەتىجە » ( 1999 ـ يىل ) ، « يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىدا » ( 2000 ـ يىل ) ؛ « يېڭى ئەسىر، يېڭى ئىزدىنىش » ( 2001 ـ يىل ) قاتارلىق تېمىلاردا ئۇيۇشتۇرغان مۇكاپاتلىق ئىجادىيەت مۇسابىقىسى پائالىيەتلىرى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىغا قوشۇلغان دەستە ـ دەستە گۈلدۇر. شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ژۇرناللىرىنىڭ سالماق، ئېھتىياتچان، مەنپەئەتلىك خاراكتېرىنىڭ ئەڭ روشەن كۆزنىكىدۇر. بۇ ژۇنال قانات يايدۇرغان بۇ پائالىيەتلەر ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ كۆپلىكى، ئاساسىنىڭ كۈچلۈكلىكى، مەزمۇنىنىڭ يېڭى ۋە ساغلام، تېمىسىنىڭ رەڭدار، تاراتقان خۇشپۇراقلىرىنىڭ ئۆزگىچە بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ ۋە ھۆرمەت قوزغايدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق ياراتقان ئوبرازلارنىڭ كونكرېت پائالىيىتى ئارقىلىق تۇرمۇشتىن ئۈستۈنلۈكتە قايتا ئىپادىلەش يولى ئارقىلىق يەنە تۇرمۇشقا قايتۇرىدىغان بىر خىل مەنىۋى پائالىيەت. ئۇنىڭ تۇرمۇشتىن ئېلىپ يەنە تۇرمۇشقا قايتۇرۇشتىن ئىبارەت دەۋرىيلىك پائالىيىتى ياراتقۇچىسى بولغان ئاپتورنىڭ نېمىنى تاللاپ، قانداق تېمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يەنە كىشىلەرگە قانداق تەسىرلەرنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت مەقسەت، مۇددىئانى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قوللانغان بەدىئىي ۋاسىتىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تېمىنىڭ كۆپ خىل بولۇشى ـ ئىپادىلەش شەكلىنىڭ كۆپ خىل بولۇشىنى تەقەززا قىلغان. بۇ تەقەززالىق ئاپتوردىن بەلگىلىك ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ بىر جەريان بولۇپ، ئوخشاش بىر تېما ئوخشىمىغان ئەدىبنىڭ بەدىئىي ماھارىتى ئارقىلىق ئوخشىمىغان شەكىل بىلەن ئىپادە قىلىنىشى مۇمكىن.

« قەشقەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلى تەھرىراتى ئەدەبىياتنىڭ مانا مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى تولۇق چۈشەنگەن ئاساستا تېما رەڭدارلىقى بىلەن شەكىل گۈزەللىكىنى ئۆز ـ ئارا ماسلاشتۇرۇپ، كەڭ ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ بۇ بەيگىدە ئۆز ماھارىتىنى جەۋلان قىلدۇرۇشىغا كەڭرى سورۇن ھازىرلاپ بەرگەن.

شېئىرىيەت بويىچە تۇنجى قېتىم ئۇيۇشتۇرغان « ياشلىق، سۆيگۈ، غايە » تېمىسىدىكى مۇكاپاتلىق مۇسابىقە پائالىيىتى جەريانىدا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم ئەسەر-

لەر تېما رەڭدارلىقى بىلەنلا ئەمەس، شېئىرىيەتتىكى يېڭى شەكىل، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرنى جارى قىلدۇرغانلىقى بىلەن كىشىنى مەمنۇن قىلىدۇ.

بىز ئەدەبىياتىمىزنى بىر مەنىۋى باغچا دەپ تونۇساق، بۇ باغچىدىكى رەڭدارلىقنىڭ تاجى — شېئىرىيەتتۇر. ياخشى شېئىر كىشىگە مەنىۋى ھوزۇر، ئىستېتىك لەززەت، ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ كىشىنى ئۆزى ئۈستىدە ئويلاندۇرۇپ ئۆزىنى بىلىشكە، ئۆزگىنى چۈشىنىشكە، شۇ ئارقىلىق كەلگۈسى ئۇلۇغۋار ئىستەككە يول ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

شائىر ئۆمەر مۇھەممەت ئىمىن بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە ئىنسانىي سۆيگۈ، مۇھەببەتنى يېڭى نۇقتىدا كۆزىتىپ، يېڭىچە پىكىر بىلەن يورۇتۇشتا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىدۇ. ئۇ «داتلاشماس ئوت» ھەدىيە قىلغان لىرىك تۇيغۇنىڭ تەسىرى بىلەن «ئۆزى»نى بىر قېتىم ئاختۇرۇپ كۆرۈپ، «سۆيگۈسىز» تەندە «ئۆزى»نى كۆرگەن «ئاشىق»نىڭ ئۆزىگە يات كۆرۈنگەن ھالىتىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ، ئادەم سۆيگۈ بىلەن ئادەمىيلىكنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ئاشىقلىق، ۋاپادارلىق؛ سۆيگۈگە سەممىيلىك يار بولۇش لازىم. سۆيگۈسىز مۇھەببەت «ئۆزىگىلام خاس، يېتىم لەززىتىنى ھىجرانغا باققىلى بېرىۋەتكەن»، «روھى بىلەن تېنى ئۆي ئايرىغان»، «يۈرىكى قېنىنى تونۇماس بولۇۋالغان»، «ھەمراسى يوق يولۇچى بولۇپ قالغان»، «مۆڭلىرىنى ساتارغا ئۆتكۈزۈپ»، «تەلىيى تەتۈر كەلگەن، لېكىن خىيالىغا كەلمىگەن...» سۆيگۈ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى يازسا، شائىر ئابدۇكېرىم مەخسۇت يەنە مۇشۇ سۆيگۈ تېمىسىنى باشقا نۇقتىدىن كۆزىتىپ:

ھىجران تۈنلىرىنى قوغلايلى جانان،
قوچاقلار بىزلەرنى مۇھەببەت، ھايات.

دەپ يېزىپ، كىشىنى ئۈمىدۋارلىقتا، ياشاشقا شۇ ئارقىلىق ھاياتنىڭ ھاياتىيلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم ياش ئاپتورلارنىڭ «سۆيگۈ، مۇھەببەت، غايە» تېمىسىدىكى گۈزەل لىرىكىلىرىمۇ كىشىنى ھاياجانغا سالىدۇ. ياش شائىر كېرىمجان سۇلايمان ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ھەقىقىي، ساپ، سۆيگۈ ئۈچۈن گۈزەل بىر ماكاننى تاللىۋالغان. ئۇ «ئونىنچى پىلانېت» ناملىق شېئىرىدا پاك ھەم ئۇلۇغ سۆيگۈنىڭ سۆيگۈ دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئاغزىدا سۆيگۈ دەپ جۆيلۈيدىغان بىر قىسىم نامەرد كىشىلەر تەرىپىدىن تولىمۇ قەدىرسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن چوڭقۇر ئۆكۈنۈپ، سۆيگۈ رىشتىسى باغلانغان «دىلدارى»نى دىلى ئازار يېمەيدىغان، سۆيگۈ قەسىرىنى نابۇت قىلغۇچى مەلئۇن - دىۋىلەرمۇ قەدەم باسمايدىغان، ئادەمگە يول كۆرسەتكۈچى خۇدا، پەيغەمبەرلەرمۇ بولمىغان، دىل بىلەن تىل بىرلىككە ئىگە بولغان، ھەتتا ئۇچۇشنى ئويلىسا ئاشىقلار ئوتتۇرىسىدا ۋاپادارلىقنىڭ تىمسالى بولغان ئاققۇلار ماموق پەيلىرىنى تەييار قىلىپ تۇرىدىغان، چۈشىنى شاقىراتمىلار دېڭىزغا ئاپىرىپ تۆكۈۋەتمەيدىغان يېڭى بىر «دۇنيا»غا تەكلىپ قىلىدۇ. شائىر سۆيگۈنى يۈكسەك دەرىجىدە ئۇلۇغلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بولغان سۆيۈنۈشى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، شائىر ئۈچۈن سۆيگۈ - ئېتىقاد، شائىر ئۈچۈن سۆيگۈ - پەيغەمبەر، سۆيگۈسىز مۇھەببەت مەنىسىز ھايات بىلەن باراۋەر.

سۆيگۈ - مۇھەببەت ئۇنى ھېس قىلالىغان ئادەملەرگە نېسىپ بولىدىغان، بىلەلىگەن ئادەمگە روھىي مەدەت ۋە قۇۋۋەت بەخش قىلىدىغان بىر خىل سېھرىي كۈچ. بۇ كۈچنىڭ

قۇدرىتى ئادەم تېنىنى ئۇزلۇكسىز تىترىتىپ، ئىنساننى چۇشىنىشكە، سۆيگۈ ئارقىلىق مەنىۋى توقلۇق ھاسىل قىلىشقا، شۇ ئارقىلىق ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئادىمىيلىكنى نامايان قىلىشقا ئۇزلۇكسىز رىغبەتلەندۇرۇپ تۇرىدۇ. شائىرە چىمەنگۇل ئاۋۇت «تەنۇر چېقىن» ناملىق لېرىكىسىدا «كۆزلىرى قۇياش نۇرىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغان يىگىت بىلەن» تىلى يالقۇنلۇق، گۈزەل ھېسسىياتىنى مەڭگۈ ئىزھار قىلالمايدىغان» قىزنى لىرىكىنىڭ لىرىك قەھرىمانى سۇپىتىدە تاللىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۇز ئارا ئۇچراشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىنسانىي سۆيگۈ، ئىنسانىي ئىشقى مۇھەببەت ۋە پارلاق كېلەچەك ھەققىدىكى تۇيغۇلىرىنى كىتابخان ئالدىغا زاھىر قىلىدۇ. تىلسىز قىزدىكى سۆيگۈ بىلەن ئەما يىگىتتىكى ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە شاۋقۇنلىغان مۇھەببەت گەرچە ۋىسال دەملىرىگە مۇيەسسەر بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن، شېئىرنى ئوقۇغان كىتابخان مۇھەببەتنىڭ كىشى ۋۇجۇدىدىكى قۇدرىتىگە تەھسىن ئوقۇماي قالمايدۇ. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ «ياشلىق، سۆيگۈ، غايە» تېمىسىدا قوبۇل قىلىنغان ئەسەرلەر ئىچىدىن ئۆستۇرۇش ئاساسىدا تاللاپ ئىشلىتىلگەن 200 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەرنىڭ سۇپىتى جەلپ قىلىش، تەسىرلەندۇرۇش ۋە يېتەكلەش ئالاھىدىلىكى بويىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئوخشاش ژانىر ۋە ئوخشاش تېمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ سۇپىتىگە تەڭلىشىپ قالدى ۋە ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ ھال يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يوشۇرۇن كۈچلەرنىڭ تېخى ناھايىتى كۆپلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئىلمىي پائالىيەت سورۇنلىرى ئارقىلىق يېتەكلەشكە، قېزىپ چىقىرىشقا، بايقاشقا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ژۇرنال سەھىپىسىدىكى بۇ خىل رىغبەتلەندۇرۇش، ئۇيغىتىش، يېتەكلەش ئارقىلىق ئۆستۇرۇش، ئۆستۇرۇش ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى 1993 ـ يىلى ئۇيۇشتۇرۇلغان نەسر ئىجادىيىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «ھايات دولقۇنلىرى» تېمىسىدا قوبۇل قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ سان ۋە سۇپەت مەسىلىسىدە ئۇز ئۇنۇمىنى تولۇق جارى قىلدۇردى.

بۇ پائالىيەتكە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە ئايرىلماي، بېكىنمىچىلىككە خاتىمە بېرىلىپ ئەسەر قوبۇل قىلىنغانلىقى ئۇچۇن 140 نەپەر ئاپتور 1000 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر ئەۋەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىن 95 نەپەر ئاپتورنىڭ 488 پارچە ئەسىرى تەھرىرلىك تەلىپى بويىچە تاللاپ ئېلان قىلىنغان. ئېلان قىلىنغان بۇ ئەسەرلەرگە تەھرىر بۆلۈمى باھالاش گۇرۇپپىسى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇش، ئوخشاشلىق ئىچىدىن ئوخشىماسلىقنى تېپىپ چىقىش، ئادەمگە ئەمەس كونكرېتنى ئەسەرگە كونكرېتنى باھا بېرىش، يۇرت، مىللەت ئايرىمىچىلىقىدىن خالىي بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئارتۇقچىلىقلارنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۇرۇش تەلىپى بويىچە ئۆز ئارا كېڭىشىش ئارقىلىق ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇلارنى دەرىجىگە ئايرىپ چىقتى. نەتىجىدە 95 نەپەر ئاپتور ئىچىدىن 25 نەپەر ئاپتورنىڭ ئەسىرى ئۈچ دەرىجە بويىچە مۇكاپاتقا مۇيەسسەر بولدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەت ئۆزى كۆزلىگەن مەقسەتكە يارىشا نەتىجىگە ئېرىشىپ، تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىغان ئاپتورلارنىڭ كۆپلىكىنى، ئۇلارنىڭ رىغبەتكە، مەدەتكە ۋە ماھارىتىنى جەۋلان قىلدۇرىدىغان مەيدان ـ سەھنىگە

مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نەسر ژانىرى نەسرىي تۈرلەر ئىچىدىكى بىر ژانىرنىڭ نامى بولۇپ، ئۇ، ھېكايە، پوۋېست، رومانلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ ژانىر تېما جەھەتتىن چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىق، ئىپادىلەش سەنئىتىدە ئەركىن بولۇش، ھېسسىياتنى ئەركىن قاناتلاندۇرۇش ئارقىلىق ماھىيەتنىڭ نېگىزىنى پائالىيەت نۇقتىسىدا گەۋدىلەندۈرۈشنى ئاساس قىلغان. بۇ ئالاھىدىلىك «ھايات دولقۇنلىرى» پائالىيىتىدە تېما جەھەتتە كۆپ خىللىققا ئىگە بولۇشىدا ئەكس ئېتىدۇ.

ۋاپادارلىق، بىر - بىرىگە ھۆرمەت قىلىش، كۆيۈنۈش، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىم دەپ تونۇش — ئىنسانىي ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە ئىنسانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. لېكىن، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا «مەن» دىن ئىبارەت شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدە باش كۆتۈرۈشى تۈپەيلى ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىپ، ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ بالا - قازالارنى ئېلىپ كەلدى:

«ئى ئىنسان، ئۆزۈڭغا شاپائەت قىلمىغىن دېمە! كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەن. پانىي دۇنيادا زىيادە قىزىلكۆزلۈك، نەپسانىيەتچىلىك قىلغان. ئۆز قەۋمىگە ئاسىيلىق قىلغان مۇناپىق. ئۇنىڭ پاسىقلىق ۋە ناپاكلىقى توڭگۇزدىن بەتتەردۇر. ئاشۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن جاجىسىنى يېسۇن» شائىر ئابلەت ئىسمائىلنىڭ يۇقىرىقى پىكىرلىرى ئۇنىڭ: «سەدىقە قىلىنغان يۈرەك» ماۋزۇسىدىكى بايانلىرىدا تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن.

ئامىنىگۇل ھېكىم ھايات ئېقىنىدا بەرپا بولغان تۇيغۇلىرىنى بەدىئىي تەپەككۇر قۇۋۋىتىدە كىچىك - كىچىك ۋەقە كۆرۈنۈشلىرى ئۈستىگە ئوبرازلاشتۇرۇپ، ۋۇجۇدىدا ماگما ھالەتكە يەتكەن تەسىراتىنى ئېپىزوتلار قاتلىمىغا سىڭدۈرۈۋېتىش ئارقىلىق پىكىر يالىڭاچلىقىغا خاتىمە بېرىپ، مەزمۇننى تىرەنلىككە يېتەكلەپ مېڭىشتا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن قەلەم تەۋرەتكەن ئاپتورنىڭ بىرى. ئۇنىڭ «تىلسىزنىڭ تىلىكى» ناملىق نەسرىدە مەلۇم تىلەك - ئارزۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن «سۈت ئۇيقۇسىدىن» ئويغانغان «بوۋاق» ۋە شۇ تىلسىزنىڭ «تىلىكى»نى بىلەلمەي نۇرغۇنلىغان ئاماللار بىلەن ئۇنى يەنە ئۇخلاشقا زورلاۋاتقان «ئانا» نىڭ ئىخچام پائالىيىتى ئارقىلىق «بۆشۈك» تىن پۇت - قوللىرىنى ئەركىن ھەرىكەتلەندۈرەلەيدىغان كەڭرى دۇنياغا چىقىشقا، مۇستەقىل ھەرىكەت ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىنتىلىۋاتقان سەبىينىڭ پاك يۈرىكىنى كۆرسىتىشكە تىرىشقان. ئۇ تىلەك بىلەن شارائىت، ئىنتىلىش بىلەن چۈشىنىش ياندىشىپ، ماھىيەت روشەنلىشىپ ھاياتلىق ھاياتلىققا ئىگە بولىدۇ، — دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل پىكىرلىرى «چۈشەنچە» دە تېخىمۇ كونكرېتلىققا ئىگە بولىدۇ.

مەلۇمكى، ھايات ئىنسان ئۈچۈن چەكلىك. لېكىن، ئاشۇ چەكلىك ھاياتنى چەكسىزلىككە ئىگە قىلىش ئىنساننىڭ ئۆز ھاياتىغا قويغان ئەقەللىي تەلىپىدۇر. ئاپتور ئۆمەر مەتنۇرى بىر يۈرۈش چاتما نەسرلىرىدە بۇ تېمىنى يورۇتۇشقا خېلى كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. مەقسەتسىز، نەتىجىسىز ھەرىكەت بىلەن چەكلىك ھاياتنىڭ ئورگانىك بىرلىكى

ئۇنتۇرىسىدا ھاياتقا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىنى چۆرىدەپ، كىشىلەرنى ھاياتنى چۈشىنىشتە مەقسەتچان بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

سىمۋولىستىك ئوبرازلار ۋاسىتىسى بىلەن تۇرمۇشنىڭ مەلۇم ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئوقتىلىق ئېچىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق كىشىلەرگە مەلۇم ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈش؛ كىشىلەر دائىم كۆرۈپ تۇرىسىمۇ ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن، ھېس قىلىسىمۇ بىلىپ يېتەلمىگەن ئىشلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، كىشىلىكنىڭ تەكشى بولمىغان مۇناسىۋەت چۈشەنچىلىرىنى يورۇتۇش – نەسرنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تاللىۋالغان بىر خىل ئىپادىلەش سەنئىتىدۇر. يازغۇچىلار بۇ خىل ئالاھىدىلىكتىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئۆزى سۈرەتلەۋاتقان شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ كونكرېتنى پائالىيىتى ئارقىلىق ئۇتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكىرنى يالىڭاچ ئەمەس، بەلكى، ئوبرازلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق جانلىق ۋە تەسىرلىك ھالدا يورۇتۇپ، كىتابخانلاردا مەلۇم ھېس – تۇيغۇ ئويغىتالايدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى ئەبەدىيلىك تېما. ۋەتەن مۇھەببىتى مەڭگۈلۈككە ئىگە ئۆلمەس مۇھەببەتتۇر. بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىلاسسىكلىرىمىز ۋەتەننىڭ قەدرى، ۋەتەننىڭ شانۇ – شۆھرىتى، ۋەتەننىڭ ئىنسانغا بەخش قىلىدىغان ئەبەدىيلىك نېمىتى ھەققىدە توختىلىپ، ئۆز ۋەتىنىدە تاپالمىغان ئىززەت ۋە ھۆرمەتنى، شان ۋە شۆھرەتنى ئۆزگە يۇرتتا تېپىش مۇمكىن ئەمەس دېگەنىدى.

« قەشقەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلى بۇ تېمىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ رەڭدار سەھىپىلىرىدىن ئورۇن بەرگەننىڭ سىرتىدا شېئىرىيەت ۋە نەسر ئىجادىيىتى بويىچە ئالاھىدە مۇسابىقىلىق پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇپ، شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن يېڭىچە بىر قىياپەت بىلەن خۇددى بىر قىزىل يىپتەك بۇ تېمىنى ئەۋلادلار قەلبىدە نۇرلاندۇرۇپ، كىشىلەرگە بەدىئىي زوق ئاتا قىلدى. 1995 – يىلى ئۇيۇشتۇرۇلغان « ئانا يۇرت – ئالتۇن دىيار » تېمىسى بويىچە مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىدە 25 نەپەر ئاپتورنىڭ 25 پارچە ئەسىرى 3 دەرىجە بويىچە مۇكاپاتلىنىپ، بۇ تېما بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇسابىقىگە قاتناشقان ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىلھام بەردى ۋە ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈردى. مۇسابىقىگە قاتناشقان ئاپتورلار ئانا يۇرتنىڭ ئەۋزەللىكى، مېھىر – مۇھەببەت ۋە ۋاپادارلىقىنى ئوخشىمىغان نۇقتىدا تۇرۇپ كۆزىتىپ، ئۇنىڭغا بولغان سۆيۈنۈشىنى ۋە پەخىرلىك تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ بەردى. قۇرۇق شوئارۋازلىق، دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن كۆپتۈرۈپ ماختاش، نوقۇل ھېسسىياتقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ۋەتەن مۇھەببىتى ۋە ۋەتەن قەدرىنىڭ كونكرېتلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش چەتكە قايرىلىپ قالىدىغان ھادىسىلەرگە خاتىمە بېرىلىپ، « ۋەتەن » تۇيغۇسى كونكرېت شەيئى ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈلدى. شۇ ئارقىلىق ۋەتەننىڭ تۈرلۈك گۈزەللىك، نېئمەت، كۈچ – قۇۋۋەت، پەخىر، غۇرۇر، ۋىجدان ئاتا قىلىدىغان يۈكسەك قۇدرىتى ئۇلۇغلاندى. بىر چىمدىم تۇپراق، بىر تال گىياھ، تاقىر، كۆرۈمسىز تاغ، بەھەيۋەت دەرەخ ۋە ئاددىي نەرسىلەر بۇ تېمىنىڭ دېتالى قىلىپ تاللىۋېلىنىپ، ۋەتەن مۇھەببىتى، ۋەتەن قەدرى ئۇلۇغلاندى. بۇ تېمىدا ھەبىبۇللا توختى « ئوت مېۋىسى » ناملىق شېئىرىدا:

چەكسىزلىككە ئېسىلغان گۈگۈم،
دىلغا مۇڭنى كىرىسىمۇ باشلاپ.
ۋىجداندىكى مۇكۇلمەس ئۇدۇم،
نۇرغا ئۇچماس تۇپراقنى تاشلاپ.

چىن ئۈمىدتىن كۆكلىگەن خىيال،
تەشۋىشلەرگە پىچقاندا كېپەن.
توزۇپ ئاستا تۈن تۇغقان سوئال،
كۆلۈپ باقار ۋىجدانغا ۋەتەن.

دەپ يازسا، تۇرغۇن يىلتىز:

زېمىن سەندە تۇغۇلۇپ كېسىلگەن ھەم كىندىكىم،
بولغان مۇنچام سۆيگىدىن، ياغىچىگىدىن شۇمىكىم.
سۆيگۈ رىشتىم باغلانغان ساڭا ئاشۇ چاغدىلا،
سەندە ھايات مەنبەئى، سەندە يىلتىز - كۆتىكىم،
گۆھەر زېمىن ئالتۇن - يۇرت، سەن مېنىڭ جان ۋىتىنىم،

دەپ يېزىپ، لىرىك قەھرىمانىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ۋەتەنگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى ۋە سۆيۈنىشىنى ئۇنىڭغا باغلانغان رىشتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى.

«ئىزدىنىش» ئەدەبىياتتا يېڭى تېما، يېڭى شەكىل ئارقىلىق يېڭى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى مەقسەت قىلغان، يازغۇچى - شائىرلارنى تۇرغۇنلۇق ھالەتكە خاتىمە بېرىپ، يېڭى دەۋردىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئاكتىۋال روھىغا مەدەت بېرىپ ۋە ئۇلارنى قوللاپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ ماسلىشىش روھى بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر خىل ئىجادىلىق. ئىزدىنىش - دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ كونا رامكىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ يېڭى شەكىل، يېڭى پىكىرنى تېپىپ چىقىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى بولۇش دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى مىكرو ھېكايە، مىكرو ماقالە ژانىرى بويىچە 1994 - يىلى ئۇيۇشتۇرغان «ئىزدىنىش» تېمىسىدىكى مۇكاپاتلىق ئىجادىيەت مۇسابىقىسىدە 30 نەپەر ئاپتورنىڭ 30 پارچە ئەسىرى 3 دەرىجە بويىچە مۇكاپاتلانغان بولۇپ، ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يېڭى پىكىر ۋە يېڭى چۈشەنچىلەر دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىقتا ئىنتىلىش روھىنى نامايان قىلىپ بەردى.

بىز دەۋاتقان مىكرو ھېكايە ھەجىم جەھەتتىن سەھىپىسى قىسقا، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسى كەڭ، سۈرئىتى تېز، قۇرۇلمىسى ئاددىي، يېزىش، ئوقۇشقا ئەپچىل بولۇشتەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ۋاقىتنى ئۈنۈم ھېسابلايدىغان يېڭى دەۋر كىشىلىرىنىڭ تەلەپ - ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان بىر خىل ژانىر ئىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇ ژانىرنىڭ پەيدا بولۇشى ئانچە يىراقتا بارمىسىمۇ، لېكىن، تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى بۇ ژانىرنىڭ ئومۇملىشىشىنى تېزلەتتى. 80 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا «تارىم» قاتارلىق ژۇرناللاردا بۇ ژانىر غىل - پال ئۆزىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، باشقا يەرلىك ژۇرناللاردا مەخسۇس سەھىپە ئاجرىتىپ، ئالاھىدە ئورۇن بېرىلىدىغان ئىش تېخى باشلانمىغانىدى. مانا شۇنداق ئەھۋالدا «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1985 - يىلىدىن باشلاپلا، بۇ ژانىرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى زېمىنىدا بىخ يېرىشى، يىلتىز تارتىشى ۋە كۆكلىشىنى ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلەپ، بۇ ژانىرنىڭ ئەدەبىياتتا ئومۇملىشىشىغا ئەڭ كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. ژۇرنالدا «بەش مىنۇتلۇق ھېكايىلەر» سەھىپىسىنىڭ ئېچىلىشى - مىكرو ھېكايىلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تەييارلانغان ياخشى بىر زېمىن بولدى. نەتىجىدە بىر قىسىم ئاپتورلارنىڭ ئىزدىنىش روھىغا باي، يېڭى شەكىلدىكى مىكرو ھېكايىلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، بەلگىلىك ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىجادىيەتچىلەر بىلەن كىتابخانلار ئارىسىدا مىكرو ھېكايە ئىجادىيىتى قىزغىنلىقى قوزغىلىپ، مىكرو ھېكايە ئىجادىيىتىنىڭ يۈ-

قىرى كۆتۈرۈلۈشى تېزلەشتى. شۇنىڭ بىلەن تېخى ھېس قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن باشقا قېرىنداش يەرلىك ژۇرناللارمۇ بۇ ژانىر ئۈچۈن ئۆز بەتلىرىدىن سەھىپە ئاجرىتىدىغان ئەھۋال بارلىققا كەلدى. بۇ ئەمەلىيەت ـ « قەشقەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىنىڭ « مىكرو ھېكايە » ژانىرىنىڭ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى جانلاندۇرۇش، شەكىل جەھەتتىن كۆپ خىللاشتۇرۇش جەھەتتە قوشقان قالتىس تۆھپىلىرىنىڭ بىرى بولۇشقا مۇناسىپ.

ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان بىر تۈركۈم مىكرو ھېكايىلەردە دادىل ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىنغان بولۇپ، مىكرو ھېكايىلىرىنىڭ بىخ ھالىتىدە ئىپادىلىنىۋاتقان ۋەقەلىك ئارقىلىق باش تېمىنى يورۇتۇپ بېرىش، تاسادىپىيلىق ئارقىلىق ھېكايە يېشىمىگە ئېرىشىپ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئوخشاش ئەنئەنىۋى ئۇسۇللار قوللىنىلماي، سيۇژىتنى قانات يايدۇرۇۋاتقان خاراكتېرنىڭ ئۆزىگە لايىق خاسلىقىنى يارىتىشقا، خاراكتېر ئارقىلىق ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى قېزىشقا، ستېرېئولۇق قۇرۇلما ئارقىلىق تېمىنى كۆپ تەرەپلىمە ئېچىپ بېرىشكە ئوخشاش بىر قەدەر يېڭى بولغان يېزىش ئۇسۇلى مەيدانغا كەلدى. ئابلىكىم ئابلىمىتىنىڭ « خازان پەسلى » ناملىق ھېكايىسى قۇرۇلمىسىنىڭ ئەپچىللىكى، ئۆزىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنىنىڭ كىشىلىك ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە دىققەت قىلمىسا بولمايدىغان ئالاھىدە بىر مەسىلە ئىكەنلىكى بىلەن دىققەتنى تارتىدۇ. ھېكايىدا ئۆتمۈشى پۇل، ھوقۇق ئۈستىدە تولىمۇ شاللاقلىق، بۇزۇقچىلىق بىلەن ئۆتكەن بىر كىشىنىڭ ئاخىرقى يالغۇزلۇق، مىسكىنلىك ھالىتى سۈرەتلەنگەن. ھېكايە ۋەقەلىكى ناھايىتى ئاددىي، ھەرىكەت قىلىۋاتقان پېرسوناژ غۇۋالىق ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇ ياشاۋاتقان ستېرېئولۇق مۇھىت ۋە مۇھىتنى تېپىكلىككە كۆتۈرۈۋاتقان قىسقا، ئىخچام بايانلار كىشىنى ئىختىيارسىز ھالدا باش قەھرىمانىنىڭ ئۆتمۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ ۋە ئىختىيارسىز كىشىنى ئاشۇنداق بىر مۇھىت ئىچىگە ئېلىپ كىرىدۇ. ھېكايىدا مۇھىت تەسۋىرى رەڭدار ۋە جانلىق سىزىلغان بولۇپ، كۆز ئالدىدىكى بىچارىنىڭ ھالىتى ئارقىلىق كىشىدە مەلۇم تۇيغۇ ئويغىتىش مەقسىتىگە يەتكەن.

ئىزىزجان ئابدۇراخماننىڭ « سۇنغان قانات » ماۋزۇلۇق مىكرو ھېكايىسىدىمۇ جانلىق، يۇمۇرلۇق تىل ئارقىلىق رېئاللىق بىلەن خىيال زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، پېرسوناژ دۇچ كەلگەن مۇھتاجلىق ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ئېچىپ بېرىلگەن. پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ تېپىكلىككە كۆتۈرۈلۈشى ئالاھىدە سيۇژىت قۇرۇلمىسىدا ۋايىغا يەتكۈزۈشكە كۈچ سەرپ قىلىنغان. بۇ سەھىپىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان ھېكايىلەردىن باشقا مىكرو ماقالە ژانىرىدىمۇ بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلاردا مىكرو ھېكايىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا بايان قىلىنغاندىن باشقا، ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر ئەتراپلىق كۆرسىتىپ بېرىلىپ، ئاپتورلارغا ياردەم بېرىلگەن.

« قەشقەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىنىڭ « ئىزدىنىش » تېمىسىدىكى مىكرو ھېكايە، مىكرو ماقالە ژانىرى بويىچە ئۇيۇشتۇرغان مۇكاپاتلىق ئىجادىيەت مۇسابىقىسى يېڭى دەۋر كىشىلىرىنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىش، ئىزدىنىش روھىنى مەلۇم تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈ-

رۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ سۈپەت ساپاسىنى بايقاش، ئۇلارغا مەدەت بېرىش، يېتەكلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى مەسئۇلىيىتىنى، ۋەزىپىسىنى، بۇرچىنى يەنە بىر قېتىم تونۇتۇپ، ئەدەبىي ژۇرنال تەھرىرلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، بۇ ساھەدە يېڭى بىر باشلىنىشنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ئەلۋەتتە، « قەشقەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلى كوللېكتىپىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە ژۇرنال بىلەن ئاپتورلار، ژۇرنال بىلەن كىتابخانلار ئوتتۇرىسىدا يېقىنچىلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەندۈرۈشتە بېسىلغان دادىل بىر قەدەم. باشقا ژۇرناللارمۇ ئۈلگە ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئەھمىيەتلىك بىر ئىش.

بالىلار كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى، بالىلارغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك بىلەن باراۋەر. بالىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ مۇھىم ئالامىتى - ئۇلارغا بولغان تەربىيىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ھەر خىل ياخشى سورۇنلار بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل بولىقىنى ئېچىش، ئەقلىي ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەشتىن ئىبارەت ئۇزاق ئىشقا ئەھمىيەت بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. بالىلارغا بولغان تەربىيىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى بالىلار ئەدەبىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بالىلارنىڭ خاراكتېر خۇسۇسىيىتىگە ماس ئوبرازلىق سەنئەت شەكلى بولغان بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ دۇنيانى سەنئەت نۇقتىسىدىن تونۇشىدا ۋە يۈكسەك تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن ساغلام خاراكتېرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئوينايدىغان رولى ئالاھىدە زور بولۇپ، تەربىيە شەكىللىرىنىڭ باشقا ھېچقانداق تۈرى ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

بالىلار ئەدەبىياتى ئومۇمىي ئەدەبىياتقا ئوخشاشلا شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىزغا دىققەت قىلىدىغان بولساق، مەخسۇس بالىلارغا ئائىت ئەسەرلەر كۆپ يېزىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن، بالىلارنى قورقماس، باتۇر، شىجائەتلىك، قەيسەر، بىلىملىك بولۇپ يېتىشىپ چىقىشقا ئۈندەيدىغان نۇرغۇنلىغان نادىر نەمۇنىلەر بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ۋە ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن نۇرغۇنلىغان ئەدىب - شائىرلىرىمىز بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە كېيىنكى تەقدىرى ئۈچۈن تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇنى تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەخسۇس بالىلار ئەدەبىياتى ساھەسىنى شەكىللەندۈردى. قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرىنى ئېلىپ ئېيتساق، زۇنۇن ئېلى، ئابلىمىت قۇربان ساباھى، مۇھەممەتجان ئابلىز بۆرىيار، ئابلىكىم روزى، ياسىن ئىسمايىل، ئابلىمىت توختى، نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى، ئابدۇكېرىم ھافىز قاتارلىق ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئاپتورلار ۋە ئۇلارنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللىنىشىدا ئۇستازلىق رول ئوينىغان ھاجى ئەھمەت كۆلتېگىن، تۇرسۇن نىياز، ئۇچقۇنجان ئۆمەر، ئابلىز ئۆمەر قاتارلىق قەلىمى پىشقان ئۇستازلار، بالىلار ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇنەۋۋەر ئابلىز، بۇلبۇل ئەكرەم قاتارلىق تەتقىقاتچىلار قوشۇنى بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە مەخسۇس بالىلار ئەدەبىياتى نەشر ئەپكارلىرىدىن « شىن-

جالىڭ ئۇسمۇرلىرى گېزىتى » ، « تارىم غۇنچىلىرى » ، « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرناللىرى نەشر قىلىنغاندىن باشقا ، ھەر قايسى پەرلىك گېزىت ـ ژۇرناللار مەخسۇس بالىلار ئەدەبىياتى سەھىپىسى ئاجرىتىپ ، بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىدى. بۇ جەھەتتە « قەشقەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىنىڭ ئەجرى ھەممىدىن زور بولۇپ بالىلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. ئەسلىدە « قەشقەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان 1972 ـ يىلىدىن باشلاپلا ، مەرھۇم شائىر قۇربان ئىمىن باشلامچىلىقى بىلەن ژۇرنالدا « بالىلار ئەدەبىياتى » سەھىپىسى تەسىس قىلىنغانىدى. شۇندىن بۇيان ئۇلار بالىلار ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئارىلاپ ـ ئارىلاپ مەخسۇس سەھىپە ئاجرىتىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن، بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىدىغان ئاپتورلارنىڭ كۆپ بولماسلىقى سەۋەبلىك بۇ سەھىپە بەزىدە ئۈزۈلۈپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجېنى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بۇ ژۇرنالمۇ دادىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى بولغان بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى، ھوزۇرلىنىشى ۋە يېزىقچىلىققا بولغان ھەۋىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مەخسۇس سەھىپە ئاجرىتىپ قىستۇرما رەسىملەر بىلەن جانلاندۇرۇپ، ئۆز ئەتراپىغا نۇرغۇنلىغان ئاپتورلار قوشۇنىنى ئۇيۇشتۇرۇپ بەلگىلىك نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. بالىلار ئەدەبىياتى بويىچە 1998 ـ يىلى ئۇيۇشتۇرغان « بىغۇبار دۇنيا » مۇكاپاتلىق ئىجادىيەت مۇسابىقىسى بۇنىڭ جانلىق مىسالى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە 64 نەپەر ئاپتور قاتناشقان بولۇپ 24 نەپەر ئاپتورنىڭ 59 پارچە شېئىرى، 13 نەپەر ئاپتورنىڭ 21 پارچە ھېكايە ـ نەسرى ئېلان قىلىنغان ۋە ئۈچ دەرىجە بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم مۇكاپاتلانغان. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلغان ئەسەرلەر باشقا تېمىدىكى ئەسەرلەرگە ئوخشاش سان ۋە سۈپەت جەھەتتە خېلى يۇقىرى بولۇپ، بۇ ئەسەرلەردە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئۆسۈۋاتقان ياش بوغۇنلارنىڭ بەختىيار تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇلارنى يېڭى ئەسىردە تىرىشىپ ئىلىم ئىگىلەپ، يارامىلىق ئەۋلاد بولۇشقا ئۈندەيدىغان ئىلغار مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن. ۋەتەننى سۆيۈش، كوللېكتىپنى سۆيۈش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ، كوممۇنىستىك پارتىيىنى، خەلق ئارمىيىسىنى سۆيۈش، ئۆزىنى كوممۇنىستىك روھ بىلەن تەربىيىلەشكە رىغبەت بېرىدىغان مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

« قەشقەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلى يۇقىرىقى سەھىپىلەردىن باشقا يەنە ناخشا تېكىستى، ئېتوت، لەپەر، سەھنە ئەسەرلىرى ژانىرلىرى بويىچە « يۈرەك ناۋاسى » ( 1996 ـ يىلى ) تېمىسىدا مۇكاپاتلىق ئىجادىيەت مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ ، شىنجاڭ بويىچە كىنو ـ تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، سەنئەت ئۆمەكلىرىگە ھەمدەم بولۇپ ، سەھنە ـ ئېكرانلارنى جانلاندۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. كەڭ ئاپتورلار ئۆزىنىڭ ئويناق تېكىستلىرىدە پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى، بەختىيار تۇرمۇشنى زوق ـ شوخ بىلەن مەدھىيىلەپ، ئۆزىنىڭ يېڭى دەۋرگە بولغان سۆيۈنۈشىنى، مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلدى. ژۇرنال يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاجىز ھالقىلارنىڭ بىرى بولغان ئۇبزورچىلىقنى جانلاندۇرۇشنى

مەقسەت قىلىپ، 1997-يىلى ئوبزور-ماقالە ژانىرى بويىچە «روشەن ئەينەك» مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇردى. بۇ سەھىپىدە ئەدەبىياتىمىزدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم يامان خاھىش، تۈزەتمىسە بولمايدىغان ناچار ئىستىللار قاتتىق قامچىلىنىپ، ئەدەبىيات قوشۇنىنىڭ ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدىكى تەقەززالىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەدەبىياتىمىز سېپىگە يېڭىدىن قوشۇلۇۋاتقان بىر قىسىم ياش ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىگە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا باھا بېرىلىپ، ئۇلارنى داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە رىغبەت بېرىلدى. ئەدەبىياتتا بارلىققا كەلگەن يېڭىچە ئىزدىنىش روھى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. بىر قىسىم يېڭىچە قاراشلار، ئىلمىي بولغان نەزەرىيىۋى پىكىرلەر دەلىللەندى ۋە كۈچلۈك نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە قىلىندى. بۇ ھال بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى شارائىتىدا ئەدەبىيات قوشۇنىنىڭ، بولۇپمۇ ئوبزورچىلىق قوشۇنىنىڭ مۇھىملىقىنى، ئوبزورچىلار قوشۇنىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت پرىنسىپلىرىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، ئەسەرلەرگە يېتەكلەش، ئۆستۈرۈش پرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلىشىنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىكىنى ئۇقتۇرۇپ، كەڭ ئاممىنىڭ كۆڭۈل راھىنى ئەكس ئەتتۈردى. بۇ پائالىيەت باشقا يەرلىك ژۇرناللارغىمۇ ناھايىتى زور ئىلھام بولدى.

قەشقەر ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمىي شەھەر. دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا تارقىتىلىدىغان «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى سىرلىق تەكلىماكاننىڭ بىر بۇرجىكىدە، مەشھۇر قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى دەۋرگە، سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە، پارتىيەنىڭ توغرا رەھبەرلىكىگە بولغان ئالقىش سادالىرىنى، مۇقەددەس ئانا ۋەتىنىگە بولغان سۆيۈنىشى ۋە ئىپتىخارىنى، رەزىللىك ۋە چىرىكلىككە بولغان چوڭقۇر ئۆچمەنلىكىنى، بۆلگۈنچى كۈچلەرگە بولغان كۈچلۈك قارشىلىق روھىنى، ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىنى بەرپا قىلىش ئىرادىسىنى ئۆزىنىڭ ئاپئاق بەتلىرىگە قوندۇرۇپ، ئۇنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە، پۈتۈن دۇنياغا تونۇتۇشتىكى بىردىنبىر كۆۋرۈك بولدى، كۆزنەك بولدى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان «پارلاق يول، شانلىق نەتىجە» تېمىسىدىكى ئۈچرىك، ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنى ئاساس قىلغان مۇكاپاتلىق ئىجادىيەت مۇسابىقىسىدا يۇقىرىقى مەزمۇندا نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى. بۇ ئەسەرلەر مەزمۇنىنىڭ مول، ھېسسىياتىنىڭ ساغلام، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى بىلەن كىشىنى سۆيۈندۈردى. ئۇلاردا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا چېگرا رايوندا بارلىققا كەلگەن ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان كارخانىچىلار، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ۋەتەننى بېيىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئىجادكارلار، سوتسىيالىستىك يېڭى تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، كەمبەغەللىكنىڭ قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاش ئۈچۈن بېيىش يولىغا ئاتلانغان قەيسەر-ئەزىمەتلەر، خىزمىتىنىڭ مۇھىم نىشانىنى، ئۆمرىنىڭ پۈتۈن مەنىسىنى بىمارلار ئۈچۈن بەخش ئەتكەن ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەر زوق-شوخ بىلەن مەدھىيىلەنگەن بولسا، 2000-يىلى شېئىر-نەسر ژانىرى بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان «يېڭى ئەسىر بوسوغۇسىدا» تېمىسىدىكى مۇكاپاتلىق ئىجادىيەت مۇسابىقىسىدا ئەسىر ئالمىشىش ھارپىسىدىكى كىشىلەرنىڭ يېڭى ئەسىرگە

قانداق سۈپەت بىلەن كىرىپ كېلىش، شاللاش، تاللاشتەك يېڭى خىرىس ۋە مەقسەت، نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ سىگنال بېرىلدى. بۇ تېما 2001 ـ يىلى ئۇيۇشتۇرۇلغان « يېڭى ئەسىر، يېڭى ئىزدىنىش » تېمىسىدىكى مۇكاپاتلىق ئىجادىيەت مۇسابىقىسىدا تېخىمۇ ۋايىغا يېتىپ، زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ غايىسى، ئىرادىسى، قەيسەرلىكى ۋە ئىزدىنىش روھى تولۇق نامايان قىلىندى.

بىزدە « تاما ـ تاما كۆل تولار، ئەجىر قىلساڭ يۇرت بولار » دېيىدىغان ماقال بار. مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، « قەشقەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلى 1992 ـ يىلدىن تارتىپ 2001 ـ يىلغىچە بولغان 10 يىل جەريانىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى 10 خىل چوڭ تېما بويىچە ئۇيۇشتۇرغان مۇكاپاتلىق ئىجادىيەت مۇسابىقىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش باشلانغان مۇشۇ تارىخىي مۇساپىسىنى ۋە ئەدىپلەر ھاياتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىكى ئىستىقباللىق كۆزنەك بولدى. ئۆز ئەتراپىغا كۈچلۈك ئاپتورلار قوشۇنىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى تەربىيىلەش، يېتەكلەش، مەدەت ۋە ئىلھام بېرىش ئارقىلىق تالانتلىقلارنى بايقاپ ۋە ئۆستۈرۈپ؛ ئۆز بەتلىرىدە رەڭدار سەھىپىلەرنى ئېچىش ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ زوقمەنلىكىنى قوزغاپ، ژۇرنالنىڭ ئوقۇشچانلىقى، تىراژى، ئىناۋىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دەۋرنىڭ قەدىمىگە ماسلىشىپ، زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ تىنىقىنى ئەكس ئەتتۈردى، بۇ ژۇرنال دەۋرنىڭ مېلودىيىسىنى ياڭرىتىشتا ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنغان ژۇرناللاردىن ئۆزگىچە يول تۇتۇپ، يۇرت بېكىنمىچىلىكى بۇزۇۋېتىلگەن، ئىختىساس ئىگىلىرىگە مەيدان ھازىرلانغان، مەسئۇلىيەت ئېڭى يۇقىرى، يېتەكلەش كۈچى زور، سالماق، ئۆزىگە خاس يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە 10 يىل ئىچىدە يولغا قويۇلغان 10 خىل سەھىپىدىكى رەڭدار گۈللەر ئۆز ئارا گىرەلىشىپ، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىنى بېيىتتى. ئۆزگىچە ھۆسنى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. مىللەتنىڭ يارقىن ھايات، پارلاق كېلەچەكنىڭ ئۈمىدلىك بۇ گۈلشەنىدىن يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش سەر خىل گۈللەرنىڭ پورەك ئېچىپ، خۇشپۇراقلارنى چېچىشى تاسادىپىي ئەمەس. بۇ نەتىجىلەرنى شەرەپلىك، نازۇك ۋە جاپا ـ مۇشەققەت، خېيىمخەتەر بىلەن تولغان ئۇزۇن مۇساپىدە دەۋر ئىشقىدا يانغان ھەر مىللەت قەلەمكەشلىرىنىڭ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى شۇنداقلا سەنئەتخۇمار خەلقىمىزنىڭ مەدەت بېرىپ، كۆرسەتكەن ھىممەتلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ بۇ ژۇرنالنىڭ بىر قەدەر سۈپەتلىك، نوپۇزلۇق ياخشى نەشر قىلىنىشىدا ئەمەل ۋە مەنسەپنى قوغلاشماي، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خېيىمخەتەردىن قورقماي، قاپقارا چاچلىرىنى قاردەك ئاقارتقان، توغاچتەك قىپ ـ قىزىل مەڭزىنى كۆز ياپرىقىدەك سارغايتقان، گۈلدەك چېھرىلىرىگە يىللارنىڭ ئىزناسى، تۆككەن ئەجىر ـ مېھنىتى، ماڭغان يوللىرىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان تال ـ تال قورۇقلارنى چەككەن پېشقەدەم مۇھەررىرلەرنىڭ ئۈن ـ تىنسىز، نامسىز قەھرىمانىدەك تۆككەن مېھنەت تەرلىرىگە ھۆرمەت بىلدۈرمەي تۇرالمايمىز. بۇ ژۇرنالدا ئېچىلغان 10 دەستە خۇشپۇراق گۈل ئاشۇلارنىڭ تۆھپىسى، ئەشۇلارنىڭ مەڭگۈ كۆمۈلمەس مېھنەت ـ ئەجرىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ، ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلغۇسى!

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئوچقۇنجان ئۆمەر

مۇھەممەتقازى ئەيسا

# خەلقپەرۋەر باتۇر ـ سىيىت نوچىنىڭ ھايات ـ ماماتى توغرىسىدا يېڭى مەلۇماتلار

## مۇقەددىمە

گەرچە سىيىت نوچى ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن 1925 ـ يىلى ناھەق قارىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇنىڭ خاسىيەتلىك نامىنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. تا بۈگۈنگىچە خەلقىمىز ئىچىدە سىيىت نوچى ھەققىدىكى ئاجايىپ سىرلىق ھېكايىلار، سىيىت نوچى ئەينى زاماندا توقۇغان قوشاقلار، شۇنداقلا سىيىت نوچى شەنىگە توقۇلغان قوشاقلار ئېيتىلىپ كەلمەكتە. بۇ سىيىت نوچىدىن ئىبارەت مەشھۇر تارىخىي شەخسنىڭ ياخشى ئىش ـ ئىزلىرىنىڭ خەلقىمىز قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ، خەلقىمىزنىڭ سىيىت نوچىغا بولغان ھۆرمەت ـ ئىخلاس تۇيغۇسىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر. بۇ، چوڭقۇر تەسىرات ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئەدەبىي ـ سەنئەتكارلىرىمىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سىيىت نوچى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان داستان، دراما، كومېدىيە، ھېكايە، ماقالە ۋە ئوبزورلارنى ئېلان قىلىپ ئۇنىڭ مەردانە ئوبرازىنى ئەسلەپ كەلگەن. بۇ ناخشا ـ قوشاقلاردا ئۇنىڭ ئاقكۆڭۈل، ساددا، شەخسىيەتسىز، ئادالەتپەرۋەرلىكى، خەلق ئۈچۈن پىداكار قەھرىمانلىقى، زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىق ئۈستىدىن ئىسيانكارلىقى، ئىقتىدارلىق قوشاقچى ۋە ماھىر سەنئەتكارلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا يەنىلا بىر نۇقتىنى يەنى سىيىت نوچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكى، راھەت ـ پاراغەت، نام ـ مەنسەپ ئۈچۈن ئۇچتۇرپان ئامبىلى ماشاۋۋنىڭ تۇرار گاھىغا مېھمان بولۇپ بارغانلىقىدىن ئىبارەت «سەلبىي» تەرەپلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ كېلىندى.

ئىنتايىن ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئاز ساندىكى بەزى كىشىلەر ھەتتا سىيىت نوچىنىڭ ئورۇق ـ تۇغقان جەمەتلىرىمۇ تاھازىرغىچە «سىيىت نوچى ئۇچتۇرپاندىن ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى كۆتۈرۈپ كەپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن ماتىتەي ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بوپتىكەن» دېگەندەك پىتنە ـ پاساتلارغا ئىشىنىپ، ئەكسىيەتچى، جىنايەتكار ئەمەلدارلارنىڭ ئاقلىغۇچىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ مەردانە، پاك ۋىجدانلىق بوۋىسى — سىيىت نوچىنىڭ پاك روھىغا قارا سۈۋۈشۈپ بېرىۋاتىدۇ.

ئەڭ ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلمەيدىغان بىر قىسىم ئادەملەر سىيىت نوچىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە قايتا



ئويلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماقالە ـ ئەسەرلىرىدە ئۇنىڭ خاراكتېرىگە يىگىنچە ۋە غەلىتە باھا ـ پوزىتسىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇلار سېيىت نوچىنىڭ خاراكتېرىنى «ئەخمەق، ئەڭ سادىق قول، ئىتائەتمەن مۇناپىق» دەپ بېكىتتى. سېيىت نوچىنى ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن ماختاپ كېلىۋاتقان خەلقىمىزنى «ياخشى ـ ياماننى، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىيالمايدىغان نادانلار»، «سېيىت نوچىدەك ئەخمەق، مۇناپىقسىمان ئادەملەرنى يۈز يىللاپ سىغىنىپ، ئۇلۇغلاپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىشىپ ماختىشىدۇ» غانلار، دەپ مەسخىرە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى ۋە غۇرۇرىنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋەتمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىزنىڭ سېيىت نوچىغا بولغان ھېسسىياتى، ئىشەنچىسى، باھاسىدا زور زىلزىلە ۋە داۋالغۇش پەيدا بولدى. ئاز بىر قىسىم ياشلار ھېلىقى «يىگىنچە»، غەلىتە قاراشلارغا قارىغۇلارچە ئەگەشتى. بىر قىسىم كىشىلەر نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئوتتۇرىدا گاڭگىراپ قالدى. يەنە بىرقىسىم ئادەملەر ھېلىقى «يىگىنچە»، غەلىتە قاراشلارغا قايىل بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئەينى تارىخىي پاكىتلار ھەققىدە ئىزدىنىپ بېقىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ھەق بىلەن ناھەق ئوتتۇرىسىدا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشىۋاتىدۇ. پاكىتلار ئاساسىدا چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، بۇلار خەلقىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىدا پەيدا بولغان ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىق ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان مەنىۋى كرىزىستۇر. بۇ مەنىۋى كرىزىس زادى قاچانغىچە داۋام قىلار؟ بۇ ئەلۋەتتە چوڭقۇرراق ئويلىنىشقا، بالدۇرراق ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلە.

## سېيىت نوچىنىڭ ھاياتى

ھەرقانداق ئادەمنىڭ ياخشى نامى ياكى يامان ئاتىقى ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، ئادىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، قىسقىسى، نىيەت ـ ئىقبال ۋە ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. بۇ ھەرقايسى دەۋر، ھەرقايسى مىللەت كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسىدىن يەكۈنلەنگەن بىر ھەقىقەتەت. ئۇنداقتا «سېيىت نوچى»، «سېيىت گاڭگۇڭ» دېگەن بۇ شەرەپلىك نامنى سېيىت ئاخۇنغا كىم تەقدىم قىلغان؟ نېمە ئۈچۈن تەقدىم قىلغان؟ نېمە ئۈچۈن بۇنام ئۇزۇن يىللار داۋامىدا خەلقىمىزنىڭ خاتىرىسىدىن ئۆچۈپ كەتمىدى؟ مەن 1970 ـ يىللاردا يېزىمىزدا قايتا تېلىۋاتقان ۋاقتىمدا، قەشقەر شەھىرىدىن يېزىمىزغا تارقاقلاشتۇرۇلغان، سېيىت نوچىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەسەن يايى دېگەن بوۋايدىن سېيىت نوچى ھەققىدە نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان. ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن يۇقىرىقى سوئاللار ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم ھەمدە سېيىت نوچىنىڭ ھاياتى ۋە ماماتى ھەققىدە ئىزدىنىشكە كىرىشتىم. مەن ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، سېيىت نوچى 1876 ـ يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكېرەم يېزا بايلا كەنتىدە مۇھەممەت توختاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئانىسىنىڭ ئىسمى توختىخان بولۇپ، سېيىت ئاخۇن ئۇلارنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى. سېيىت ئاخۇن تۇغۇلغان يىلى ئۇنىڭ ئاكىسى مۇساخان ئون ياشقا كىرگەنىدى. بۇ ئائىلىنىڭ يەر ـ زېمىنى يوق دېيەرلىك

بولغاچقا، كۆپ ۋاقىتلاردا باشقىلارغا يالىنىپ ئىشلەپ تۇرمۇشنى تولىمۇ قۇربەتچىلىكتە ئۆتكۈزىدىكەن. مۇھەممەت توختاخۇننىڭ ناۋايلىق ھۈنىرى بولۇپ، ئۇ كىچىك ئوغلى سىيىت ئاخۇن ئۈچ ياشقا كىرگەن 1879 ـ يىلى ھۈنەر ـ تىجارەت بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش مەقسىتىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ سېپىل سىرتىغا جايلاشقان ئەينى زامانىدىكى «گادايلار مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىدىغان كوزىچى ياربېشى مەھەللىسىگە كۆچۈپ كىرىپ ماكانلاشقان. بۇ مەھەللىدىكىلەر ئاساسەن كۆلالچىلىقنى كەسىپ قىلغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى باشقا يۇرتلاردىن كېلىپ بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار ئىدى. كوزىچى ياربېشى مەھەللىسىگە چېكەرمەن، قىمارۋاز، جېدەلخور، كالتەك ـ چوماقچى، تىلەمچى، غېرىپ ـ مۇساپىرلار بىر قەدەر مەركەزلىشىپ قالغاچقا، ئەينى زاماندا شەھەر ئىچى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى كىشىلەر كوزىچى ياربېشى مەھەللىسىدىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشتىن ئىمكانقەدەر ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالغان. كوزىچى ياربېشى شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئۇزۇنچاق يار ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي شىمالى تۈمەن دەريا تارماق ئېقىنى، جەنۇب تەرىپى سېسىق سازلىق بىلەن قورشالغان، غەرب تەرىپى شەھەر سېپىلىغا تۇتاشقان. مەھەللە قورۇلمىسى ئېگىز ـ پەس شاخ چەللەردىن ۋە ئاددىي، پاكار كەپىلەردىن شەكىللەنگەن خارابە، خىلۋەت جاي ئىكەن. بۇ مەھەللە شەھەردىكى پۇلدار بايلارنىڭمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ تەمەخور دوغىلىرىنىڭمۇ ئانچە كۆزىگە ئىلىنمايدىكەن.

مۇھەممەت توختاخۇن ئۆزى چېكەرمەن، ئۇدۇل كەلسە قىمار ئوينايدىغان، لوكچەك سۈپەت ئادەم بولسىمۇ، لېكىن، ئاقكۆڭۈل، دۇرۇس ئادەم ئىكەن. ئۇ كوزىچى ياربېشىغا ماكانلاشقاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى مۇساخاننى ئۆزىگە يانداپ گۈزەردە ناۋايلىق دۇكان ئېچىپ، شۇنىڭ بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان. مۇھەممەت توختاخۇن ۋە توختىخان ئاچىلار مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىگەچكە، باللىرىنى ئاز ـ تولا ئوقۇتۇپ قويۇشنى ئويلاشقا ئۈلگۈرمىگەن. سىيىت ئاخۇن ئەنە شۇنداق نامرات ئائىلە مۇھىتى ۋە مۇرەككەپ مەھەللە مۇھىتىدا قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ، ئاقكۆڭۈل، سەمىمىي، مەرد، خۇشچاقچاق ئەمما، ساددا، بىلىمسىز بالا بولۇپ يېتىلگەن. ئۇ 15 ياشقا كىرگىچە دادىسىدىن ناۋايلىق كەسىپىنى پۇختا ئىگىلەپ، دادىسىنىڭ ياخشى ياردەمچىسى بولۇپ قالغان. گەرچە ئۇ يەنە قىمار ئويناش، چىلىمدا سېرىق تاماكا تارتىشنىمۇ ئۆگىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ساغلام، قاۋۇل ھەم كۈچتۈڭگۈر چوڭ بولغان. 1895 ـ يىلى ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەن سىيىت ئاخۇن ئاتقا ئارتىلغان بىر تاغار بۇغدايىنى ( 150 كىلوگرام كېلىدۇ ) ئات ئۈستىدىن يۈلۈپ ئېلىپ كۆتۈرگىنىچە دۇكان ئىچىگە ئېلىپ كىرگەن. ئۇنىڭ كۈچتۈڭگۈرلىكىدىن دادىسى ۋە ئەتراپىدىكىلەر ھەيرانۇ ـ ھەس قېلىشىپ، غۇلغۇلا قىلىشقان. دەل شۇ چاغدا دۇكان ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر قېرى ئەسكەر بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن سىيىت ئاخۇننىڭ بوي بەستىگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن «بۇ يىگىت چوقۇم بىر

پالۋان بولۇپ چىققۇدەك » دەپ ، سىيىت ئاخۇننىڭ دادىسىدىن ئىجازەت ئېلىپ ، ئۇنىڭغا چامباشچىلىق ، قېلىچۋازلىق ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ قويماقچى بولغان . بۇ كىشى يېڭىشەھەرلىك بولۇپ ، «مەمەت خىتاي » دەم نام ئالغان، ئەسكەرلىكتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان ماھىر چامباشچى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن سىيىت ئاخۇن قىبرى چىرىك مەمەت ئاخۇننى ئۇستاز تۇتۇپ چامباشچىلىق، قېلىچۋازلىقنى ئۆگىنىشكە باشلىغان . ئۇزۇن ئۆتمەي مەمەت ئاخۇن ئۆلۈپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن سىيىت ئاخۇن توققۇزاقلىق يۇسۇپ دېگەن كىشىنى ئۇستاز تۇتۇپ چامباشچىلىقنى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغان ۋە خېلى يۇقىرى ماھارەت ئىگىلىگەن . ئۇ 20 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن كوچىلاردا ئادەم بوزەك قىلىدىغانلارغا مۇش ئاتىدىغان، ھەتتا ھۆكۈمەت دوغىلىرىغا يانتاياق بولۇپ پۇقرالارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغان يەرلىك بەگ، غالچىلارنى، كېچىلىرى دوستلىرىنى باشلاپ كېلىپ ئەدىپىنى بېرىدىغان ئىشلارنى قىلغان. ئەمما دوستلىرىنىڭ ناھەق ئادەم ئۇرۇشىغا، ئاجىزلارنىڭ نەرسىلىرىگە چېقىلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، سۆزىنى ئاڭلىمىغانلارنى ئەدەپلەپ تۇرغان.

سىيىت ئاخۇن كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئەقىل ـ پاراسەتكە تولۇپ چوڭ بولۇۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە دادىسى مۇھەممەت توختاخۇن ئۇشتۇمتۇت ۋاپات بولغان. ئاكىسى مۇساخان ئۈچتۇرپاندا ناۋايلىق دۇكىنى ئېچىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان تاغىسىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئۈچتۇرپانغا چىقىپ، ئۇمۇ ئۈچتۇرپاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. سىيىت ئاخۇن ئاكىسى ۋە تاغىسىنى يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈچتۇرپانغا بىر نەچچە قېتىم بېرىپ بىر مەزگىل تۇرغان. شۇ چاغلاردا كۆپلىگەن ياخشى كىشىلەر بىلەن دوست بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنى ئۆگىنىپ ، ئۆزىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى ئۆزلۈكىدىن تۈزەتكەن. شۇنىڭ بىلەن باشقىلاردا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇپ، ئۈچتۇرپاندىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

1904 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا يەنى سىيىت ئاخۇن 28 ياشقا تولغان كۈنلەردە دوستلىرى بىلەن شۇ يىللىق ھەزرەت سەيلىسىگە ①چىقىدۇ. شەرۋەت كۆلى ②ئەتراپىدىكى چېلىش مەيدانىغا كېلىپ، چېلىش مەيدانىدا قەددى ـ قامىتى شىردەك ھەيۋەتلىك ، يولۋاستەك سۈرلۈك، 30 ياشلار چامىسىدىكى بىر شاپ بۇرۇت پالۋاننىڭ مەيدىسىنى ئېچىۋېتىپ، ئىنتايىن مەغرۇر قىياپەتتە «قېنى، خوجا ئاكاڭغا چىقىدىغان ئادەم بارمۇ ؟ » دەپ، بوقىدەك ھۆكۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، شاپ بۇرۇت پالۋان ئۆزىگە قارشى مەيدانغا چىققان ئۈچ ـ تۆت پالۋاننى ئانچە كۆپ تۇتۇشمايلا چىماقلاپ يىقىتىۋېتىپ، يەنە كۆرەڭلەشكە باشلىغان . بۇ پالۋاننىڭ ئارقىسىدا 8 ـ 10 دەك ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ ، سەت ھىجىيىشىپ تۇرغان . بۇ پالۋاننىڭ مەيداندىكى كۆرەڭلىكى ۋە رەقىبلىرىنى چىماقلاپ ھىيلە بىلەن مەغلۇپ قىلىشى سىيىت ئاخۇننىڭ

---

①ھەر يىلى ئۇجمە، ئۈزۈم پىشقاندا ئاپپاق خوجا مازىرى ئالدىدا بولىدىغان ئۈزۈم سەيلىسى خاراكتېرىدىكى بايرام. بۇ بايرام بىر نەچچە كۈن داۋاملىشىپ ھەزرەتتە سودا ـ سېتىق، ھەر خىل پائالىيەتلەر قىزىپ كېتەتتى.

②ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ تاشقارقى دەرۋازا ئالدىدىكى تۆت چاسا كۆلنىڭ نامى.

ئوفىسىنى قايناتقان. ئۇ دوستلىرىغا قاراپ «مەن بۇ كۆرەڭ پالۋان بىلەن بىر چېلىشىپ باقاي» دېگەن. كۆپلىگەن دوستلىرى قوشۇلمىغان. چۈنكى شاپ بورۇت پالۋاننىڭ يامۇلنىڭ چېرىكى ھەمدە ماشاۋۇزنىڭ ① ئەڭ يېقىن ئادىمى ئىكەنلىكىنى ئۇلار بىلىدىكەن. سېيىت ئاخۇن يەنە دوستلىرىغا «قېنى، باشقا كەلگەننى كۆرۈرمەن» دېگىنىچە مەيدانغا چۈشكەن. ئۇلار بىردەم قاتتىق تۇتۇشۇپ كەتكەن. ئاخىرى سېيىت ئاخۇن «يائەلى» دەپ، بىر ۋارقىراپلا شاپ بورۇت پالۋاننى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگىنىچە مەيداننى بىر ئايلاندۇرۇپ يەرگە ئۇرغان. سېيىت ئاخۇننىڭ دوستلىرى ۋە ئۇنى تونۇيدىغان نۇرغۇن كىشىلەر «سېيىت ئاخۇن نوچىكەن، گاڭگۇڭكەن، ياشاپ كەت ئوغۇل بالا، سېيىت نوچىغا بارىكاللا» دېيىشىپ، قىقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈشكەن ۋە ئۇنى ئورىۋېلىپ غەلىبىسىنى تەبرىكلەشكەن. شۇندىن ئېتىبارەن قەشقەر خەلقى ئۇنى «سېيىت نوچى»، «سېيىت گاڭگۇڭ» دەپ ئاتاشقان.

سېيىت نوچى كىچىكىدىنلا ئۆزىدە ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق، ئادالەتسىزلىك، ناھەقچىلىققا چىداپ تۇرالمايدىغان ئېسىل ئىنسانىي خىسلەت ۋە يىگىتلىك غۇرۇرىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ ئاشۇ خاراكتېر تۈرتكىسىدە 1912 ـ يىللىرى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قەشقەردە قۇرۇلغان خەلق تەشكىلاتى گېلاۋخۇيغا (قېرىنداشلار جەمئىيىتى) قاتناشقان ۋە گېلاۋخۇينىڭ غوللۇق ئەزاسى جاڭ مىڭسەي دېگەن خەنزۇ كىشىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن چامباشچىلىق ۋە قىلىچۋازلىق ماھارىتىنى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغان. گېلاۋخۇينىڭ ئەزالىرى ئۆلۈمدىن قورقماس جاسارەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ قەشقەردىكى زالىم، پارىخور، خىيانەتچى ئەمەلدارلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. ئۇلارنىڭ قوزغىلىڭى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن باستۇرۇلۇپ، نۇرغۇنلىغان قوزغىلاڭچىلار تۇتقۇن قىلىنغان، ئۆلتۈرۈلگەن. سېيىت نوچىنىڭ ئۇستازى جاڭ مىڭسەيمۇ تۈرمىگە تاشلانغان. سېيىت نوچىنى تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ قەشقەردە تۇرالماي، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر، ئۈچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ جاھانكەزدى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ كۇچاغا بارغاندا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ پايلاقچى چېرىكلىرى ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ تۇتۇۋالماقچى بولغاندا ئۇلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، ئۇلارغا تۇتۇق بەرمەي قاراشەھەرگە قېچىپ كەتكەن. ئۇ قاراشەھەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ، دەردمەن پۇقرالار بىلەن دوست بولغان، ھەمسۆھبەت بولغان. ھەمدە قاراشەھەر خەلقىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، ئۇلارنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچىپ، خەلقنىڭ يۈرىكىنى لەختە قىلىۋەتكەن قاراشەھەر ئامبىلى بەگزادىسىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ئېزىلگەن پۇقرالارنىڭ زالىملارغا بولغان ئاچچىقىنى چىقىرىپ بەرگەن. ئۇ تاكى 1920 ـ يىلىغىچە ھەرقايسى شەھەرلەردە قېچىپ يۈرۈپ ئاخىرى شۇ يىلى ئۈچتۇرپان ئارقىلىق قىرغىزىستاننىڭ قاراقول (پىرژېۋالىسكى) دېگەن يېرىگە چىقىپ، ئۇ يەردىن بېشكەك، توقماق، ئاندىن ئەنجان، تاشكەنت، پەرغانە، سەمەرقەنت، قوقەنت قاتارلىق

① ماشاۋۇز شۇ چاغدا كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىدى.

جايلاردا تۆت يىل ئىشلەمچىلىك بىلەن جا-
هانكەزدى تۇرمۇش كەچۈرگەن. بۇ جەرياندا شۇ
جايلاردىكى سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىنقىلا-
بىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. زۇلۇم ۋە
ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى ئىرادىسى تېخىمۇ
كۈچەيگەن. ئەسلىدىكى ئىستىخىيىلىك قار-
شىلىق كۆرسىتىش ئېڭى ئاڭلىق هالدا خەلق
ئىنقىلابىي ئىدىيىسىگە تەرەققىي قىلغان. ئۇ
1924 ـ يىلى باهاردا ئالمۇتا ئارقىلىق ئۇچ-
تۇرپانلىق سودىگەر ئابدۇرەھىم بايۋەتچە
(1970 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ، مەمەت سادىق
باي (1975 ـ يىلى 115 ياشتا ۋاپات بلغان) لار ۋە
ئىلىلىق سودىگەرلەر بىلەن بىللە ئىلىغا قاي-
تىپ كەلگەن. ئۇ ئىلىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ،
زۇلۇمغا ئۇچرىغان پۇقرالارنىڭ دەرد ـ ئەلەم-
لىرىنى ئاڭلىغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى
سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب تەسىراتلىرى ئا-
ساسىدا توقۇغان نۇرغۇن جەڭگىۋار قوشاقلى-
رىنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنى زۇلۇم ۋە
خورلۇققا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئۈندە-
گەن. بۇ ئىش ئەينى چاغدىكى ئىلىنىڭ ھەر-
بىي مەمۇرىي ئەمەلدارى ماداخۇانىڭ قولىغا
يېتىپ، ئۇنى قاتتىق غەزەپلەندۈرۈۋەتكەن. شۇ
ۋەجىدىن ماداخۇا سىيىت نوچىنى تۇتۇش
ھەققىدە جىددىي بۇيرۇق چۈشۈرگەن. مادا-
خۇانىڭ پايلاقچىلىرىنىڭ سىيىت نوچىنى
جىددىي ئىزدەپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان
ئېلىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى سۇلتانباي ئۇنىڭغا
ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئۇنى ئاتلىق كارۋانلار
ئىچىگە يوشۇرۇپ ئۇچتۇرپانغا يولغا سېلىۋەت-
كەن. شۇ يىلى ئوما مەزگىلىدە سىيىت نوچى
ئاتلىق كارۋانلار بىلەن مۇز داۋان ئاتلاپ ئۇچ-
تۇرپانغا قايتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ چەت ئەلدىكى
ۋە ئېلىدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ داڭقى ئاتلىق
كارۋانلار بىلەن ئۇچتۇرپانغا يېتىپ كەلگەن،
شۇڭا، ئۇچتۇرپانغا كەلگەندىن كېيىن ئۇچ-
تۇرپان خەلقىنىڭ يۈكسەك هۆرمىتىگە سازا-
ۋەر بولغان ھەمدە قەدىناس دوستلىرىنىڭ ئې-
زىز مېھمىنىغا ئايلانغان. دەل شۇ مەزگىلدە
كۈچالىق مەمتىمىن شىتەي ۋاڭ دېگەن كىشى
ئۇچتۇرپاننىڭ يەرلىك ئەمەلدارى بولۇپ، ئۇ-
نىڭ ۋاڭ ئوردىسىنى ۋە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى-
نى قوغدايدىغان 500 دىن ئارتۇق چېرىكلىرى
بار ئىكەن. مەمتىمىن شىتەي ۋاڭ يېقىن ئا-
دەملىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق سىيىت
نوچىنىڭ چامباشچىلىق، قىلىچۋازلىق جە-
ھەتتىكى ئاجايىپ تالانتى ۋە پەزىلەت جەھە-
تىكى ياخشى تەرىپىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئوردى-
سىغا مەشقاۋۇللۇققا تەكلىپ قىلغان. سىيىت
نوچى دەسلەپ مەمتىمىن شىتەينىڭ تەكلى-
پىنى چىرايلىقچە رەت قىلغان. لېكىن قاي-
تا ـ قايتا تەكلىپ قىلىنغاندىن كېيىن ئۈچ
تۈرلۈك شەرت قويۇپ ئاندىن شىتەي لەڭزىدە ①
مەشقاۋۇل بولۇشقا ماقۇل بولغان. ئۇ شۇ يىلى
كۈزدە قەشقەر بەشكېرەمدىن چىقىپ ئۇچتۇر-
پاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان داۋۇت تاقىچى دې-
گەن كىشىنىڭ قىزى ـ ھۆسنەرخان ئاتلىق
چوكان بىلەن توي قىلغان ۋە ئۇ ئايال بىلەن
ناھايىتى ئىناق ئۆتكەن. قانداقتۇر بەزىلەر
ئويدۇرۇپ چىقارغاندەك، سىيىت نوچىنىڭ
ئەمەل تەمەسى ۋە سەتەڭلەر بىلەن ئىشرەت تە-
مەسىدا ماشاۋۇنىڭ ھوزۇرىغا مېھمان بولۇپ
بارغان تارىخ مەۋجۇت بولمىغان.

سىيىت نوچى خەلقپەرۋەر باتۇر بولۇپ،
ئۆزىمۇ خەلق باتۇرلىرىنى ئىنتايىن ھۆرمەت-

①مەمتىمىن شىتەينىڭ ئەسكەر تۇرالغۇسى.

لىگەن. شۇڭا ئۇ 1765 ـ يىللاردىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىلىرىدىن قاسىم باتۇر قاتارلىقلارنىڭ گۇرۇق ـ گەۋدىلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارنىڭ ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى ھەققىدە بوۋىلىرىدىن ئاڭلىغان ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەن. سىيىت نوچى قاسىم باتۇرنىڭ نەۋرىسى توختىنىياز باتۇردىن ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ قوزغىلىش سەۋەبى ۋە ئەسمۇتۇللا بەگ، رەھمۇتۇللا بەگ قاتارلىق سەركەردىلەرنىڭ خەلقنى تەشكىللەپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، ئاخىرى ئەكسىيەتچى چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇچتۇرپانغا ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ قوزغىلاڭنى قانلىق باستۇرغانلىقى، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنى دارغا ئاسقانلىقى، نۇرغۇن قوزغىلاڭچىلارنى تۈرمىگە قاماپ ئازابلىغانلىقى، قىسقىسى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۇچتۇرپان خەلقىگە تۈگىمەس قان ـ قەرزگە بوغۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ قاتتىق ئازابلانغان ۋە «غېرىبلارنىڭ داد ـ پەريادى»، «يېتىملار قوشىقى» قاتارلىق قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان.

سىيىت نوچى مەشقاۋۇللۇق قىلغان مەزگىللەردە لەشكەرلەرگە دوستلىرىدەك قىزغىن مۇئامىلە قىلغان. ئۇلارغا ئۆز قېرىنداشلىرىدەك كۆيۈنگەن. ئۇلارغا مەردلىكنى ئەلا بىلىش، ھەققانىيەتنى ياقلاش، ئالا كۆڭۈل بولماسلىق، ئاجىز پۇقرالارغا يار ـ يۆلەك بولۇش، پۇل، مال ئۈچۈن ۋىجدانغا خىلاپ ئىشلارنى قىلماسلىق ھەققىدە تەلىم بەرگەن. ئەمما، ئەمەلىي مەشىق جەريانىدا قاتتىق ئىنتىزامچان بولۇش، جاپاغا چىداپ ماھارەت ئىگىلەش، جاسارەتلىك ۋە پاراسەتلىك بولۇش ھەققىدە تەربىيە بەرگەن. شۇڭا لەشكەرلەر ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەتلىگەن. ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىخلاس بىلەن مەشىق قىلغان. بۇ ئەھۋالدىن مەمتىمىن شىتەي ۋاڭمۇ رازى بولۇپ، سىيىت نوچىغا دوستانە مۇئامىلە قىلغان، ئىنئام بەرگەن. ھېيت ـ ئايەملەردە مەمتىمىن شىتەي ۋاڭ مەخسۇس سورۇن راسلاپ سىيىت نوچىنى چامباشچىلىق، قېلىچۋازلىق ماھارىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. بۇنداق سورۇنلاردا سىيىت نوچىنىڭ 10 ـ 20 ئادەمگە ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن يالغۇز تاقابىل تۇرۇپ، پېشىگە توپا قوندۇرمايدىغان كارامىتىگە سورۇن ئەھلى بارىكاللا ئېيتىشىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شۆھرىتى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىغىچە تارقىلىپ كەتكەن.

## سىيىت نوچىنىڭ ماماتى

سىيىت نوچى شىتەي لەڭزىدە مەشقاۋۇللۇققا كېلىشتىن بىر ئاي بۇرۇن ماشاۋۇ دېگەن كىشى ئۇچتۇرپاننىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىنىپ كەلگەنىدى. ئۇ كىشىلەر ئاغزىدىن سىيىت نوچى دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاش بىلەنلا چىرايى جىددىي ئۆزگىرىپ كەتكەن. چۈنكى ماشاۋۇ قەشقەر كونىشەھەردە ھاكىم بولۇپ تۇرغاندىلا سىيىت نوچىنى بىلەتتى. يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمىنىڭ ھەزرەت سەيلىسىدە سىيىت نوچى دېگەن بىرسىدىن ئەجەللىك زەربە يەپ ئەرزىيەت ئېيتىپ كىرگەنىدىن باشلاپ سىيىت نوچى ھەققىدىكى ئىشلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. ئۇ قەشقەردىكى گېلاۋخۇيچى

لارنى باستۇرۇشقا قاتناشقاندا سىيىت نوچىنىڭ بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى تۇتۇشنى قەستلەپ يۈرگەن بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمەي ئارماندا قالغانىكەن. تەقدىر مانا بۈگۈن بۇ رەقىبلەرنى تار كوچىدا ئۇچراشتۇرغان. ئۇزۇن يىللىق بۇ كونا رەقىبىنىڭ ئۇچتۇرپاندەك بىر چەت رايونىدا ئۇنىڭ كۆزىگە قادالغان مىقتەك پەيدا بولۇپ قالغانلىقى ماشاۋۇنى بەكمۇ تىت ـ تىت قىلىۋەتكەن. چۈنكى ماشاۋۇ ھوقۇق كۈچىگە تايىنىپ بۇ رەقىبىنى دەرھال ئاشكارا قولغا ئالالمايدىكەن. ئەگەر ئۇنداق قىلسا ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەر جەھەتتىن پايدىسىز ئىكەن. بىرىنچىدىن، سىيىت نوچى ھازىر مەمتىمىن شىتەي قول ئاستىدىكى مەشقاۋۇل، سىيىت نوچىغا چېقىلىش مەمتىمىن شىتەي بىلەن بولغان نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاشقا پايدىسىز. ئىككىنچىدىن، سىيىت نوچىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدا داڭقى بار، خەلق ئىچىدە ئىناۋىتى زور. شۇڭا ئۇنىڭغا چېقىلىش خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ، ئۆزىنىڭ ئۇچتۇرپاندىكى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىشىگە پايدىسىز. ئۈچىنچىدىن، سىيىت نوچى ئوڭاي چېقىلغىلى بولمايدىغان پالۋان ۋە ماھىر چامباشچى، شۇڭا ئاشكارا تۇتقۇن قىلىنسا كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. ماشاۋۇ بۇلارنى ئويلاپ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، سىيىت نوچىنى كۆزىتىشكە تەرەپ تەرەپكە پايلاقچى قويغان. ئۇ ھەر كۈنى سىيىت نوچى ھەققىدىكى يېڭى خەۋەرلەرنى ئاڭلىغاندا ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن. بولۇپمۇ سىيىت نوچى قاتارلىقلارنىڭ خەلقنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە «قوتراتقۇلۇق» قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلىغاندا ماشاۋۇ سىيىت نوچىنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ، كوچا بېشىدا كۆيدۈرۈپ كاۋاپ قىلغۇسى كەلسىمۇ، يەنىلا ئاچچىقىنى زورىغا بېسىپ، ئويلىغانلىرىنى باشقىلارغا قىلچە سەزدۈرمەي، ياڭ زېڭشىڭغا مەخپىي مەكتۇپ يوللاپ تۇرغان. گەرچە مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى باشقىلارغا نامەلۇم بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭدا ھاكىمىيەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرگۈچى ئەمگەكچى خەلق ۋە ئۇنىڭ سىيىت نوچىدەك سەركەردىلىرى ئۈچۈن تۇزاق قۇرۇلغانلىقى، شۇنداقلا ياڭ زېڭشىڭنىڭ سىيىت نوچىنى يوقىتىشنىڭ ئەپلىك چارىسى ھەققىدە يوليورۇقلار بەرگەنلىكىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس.

سىيىت نوچى شىتەي لەڭزىدە مەشقاۋۇل بولۇشقا بىرىنچىدىن، چېرىك كىيىمى كىيمەسلىك، ئىككىنچىدىن، لەڭزىدە تۇرماسلىق، ئۈچىنچىدىن، ئەمەلدارلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرماسلىق شەرتى بىلەن ماقۇل بولغاچقا، بەلگىلەنگەن مەشىق ۋاقتىدا لەڭزىدە مەشىققە يېتەكچىلىك قىلسا، باشقا ۋاقىتلاردا پۇقرالار بىلەن سىردىشىپ، ئۇلارنى تەشكىللەپ قوزغىلاڭ تەييارلىقىنى جىددىيلەشتۈرگەن. ئەمما قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىك قۇرۇلمىسى سىيىت نوچىدەك زۇلۇمغا، ناھەقچىلىككە مەردانىلىق بىلەن قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان، خەلقنىڭ ئالۋاڭ ـ ياساقسىز خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئاددىي، ئاقكۆڭۈل، باتۇر ئەمما تەجرىبە ـ ساۋاقسىز كىشىلەردىن تەركىب تاپقاچقا، تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى مۇكەممەل، پىلانلىرى پۇختا، تو-

زۇلملىرى قاتتىق تۈزۈلمىگەن. مۇددىئا مەقسەتلىرىمۇ ئاددىي، ئىستىخىيىلىك، قارشىلىق كۆرسىتىش دائىرىسىدە چەكلەنگەن. بۇ ئەھۋاللاردىن تولۇق خەۋەر تېپىپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا ياڭ زىڭشىڭغا دوكلات يوللاپ يولىيورۇق سوراپ تۇرغان ماشاۋۇ ئانچە ھودۇقۇپ كەتمەي، پۇختا پىلان تۈزۈپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەربىر كاتىۋاشلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇچراشتۇرماي، بەزىلىرىنى ئالداپ، بەزىلىرىنى قورقۇتۇپ، بەزىلىرىنى سېتىۋېلىپ ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاپ، خەلقنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئىشقا سالغان. ھەمدە قوزغىلاڭچىلارغا ھۆكۈمەت نامىدىن خەلقنىڭ يوللۇق تەلىپىنى ئورۇنداش، باج - سېلىقنى ئازايتىش، پارىخور ئەمەلدارلارنى جازالاش ھەققىدە بىرقانچە ماددىلىق ساختا مۇراجىئەتنامىنى ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى ئوڭايلا تارقىتىۋەتكەن. سىيىت نوچىغا مەتىمىن شەتەي ۋاڭ ئارقىلىق ئېھتىيات بىلەن خىزمەت ئىشلىگەن. نەتىجىدە، ماشاۋۇ مەتىمىن شەتەي ۋاڭ ھەم سىيىت نوچى بىلەن نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىپ، كېيىنكى قەدەملىك شۇم پىلانلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ شەرتىنى ھازىرلىغان. ماشاۋۇ قوزغىلاڭچىلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا كەڭ قورساق سالاپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىگە بولغان قارشىلىق كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن سىيىت نوچىدەك سەركەردىلەرگە نىسبەتەن ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇشنى پىلانلىغان. شۇڭا، ئۇ ئىلگىرىكى ئۇسۇللىرىنى ئۆزگەرتىپ، كۆرۈنۈشتە سىيىت نوچىغا «دوستانە ئىلتىپات» كۆرسىتىپ ئۆزىگە ئىشەندۈرۈشكە تىرىشقان. ئۇ چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا «سىيىت نوچى كاتتا پالۋان، ئۇستا چامباشچى، ئوچتۇرپان خەلقىگە كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. ئوچتۇرپان خەلقى ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ. مەنمۇ ئۇنى ئىنايىن ھۆرمەتلەيمەن» دەپ جار سېلىپ، ئۆزى ئۈچۈن جامائەت پىكرى توپلىغان. سىيىت نوچى ئاقكۆڭۈل، ساددا ئادەم بولغاچقا، ماشاۋۇنىڭ ياغلىما گەپلىرىگە پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ ئۆزىگە بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى تۇزاق قۇرىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن. سىيىت نوچى ئۆز ئىشلىرىدىن ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەي ئىچى تىت - تىت بولۇپ قەشقەرگە قايتىش قارارىغا كەلگەن. بۇنى ئاڭلىغان ماشاۋۇ شىتەي لەڭزىگە كېلىپ مەتىمىن شەتەي ۋاڭ ئالدىدا سىيىت نوچىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدىغانلىقى، ئۇنى ئۆزىنىڭ دوستى ھېسابلايدىغانلىقى ھەققىدە ساختا تەكەللۇپلاردىن كېيىن قەشقەر دوتەيى ماتىتەيگە بىر پارچە خەت ئالغاچ كېتىشنى ھاۋالە قىلغان. سىيىت نوچى ئەدەپ يۈزىسىدىن ماقۇل بولغان.

1925 - يىلى باھارنىڭ بىر كۈنى كەچتە سىيىت نوچى ئائىلىسى بىلەن قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭغا كۆز قۇلاق بولۇپ تۇرغان ماتىتەي ئەتىسى تاڭ سەھەردە 80 چېرىكىنى ئۇنى دەرھال تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرىغان. سىيىت نوچى قەشقەرگە كېلىپ ئەتىسى سەھەردە ماتىتەينىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن يامۇلغا كېتىۋاتقاندا 80 چېرىك ئۇنى تۇتۇپ يامۇلغا ئېلىپ بارغان ۋە ئۇنى قامىغان. بىر-

نەچچە كۈنلۈك قاتتىق سوراقتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىغان جاللات ماتتەي سىيىت نوچىنى باستۇرۇپ، خەلققە ئىبرەت قىلىپ، قەشقەر خەلقىنى قوماندا تايىقىغا شەرتسىز بويسۇندۇرغان قىلىش ئۈچۈن 1925 ـ يىلى باھارنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە 400 چېرىك بىلەن يالاپ چىقىپ «سىيىت نوچى ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئېلىپ كەلگەن» دېگەن بەدنام بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ قومۇش بازىرى — (ئىت پوقى مەھەللىسىدە) (ھازىرقى قەشقەر شەرقىي كۆل باغچىسىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ) مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. سىيىت نوچى ئۆلۈم ئالدىدا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنى توختىماستىن ئەيىبلەپ، ئۇلارغا قىلچە باش ئەگمەي مەردانىلارچە قۇربان بولغان. شۇ چاغدىكى يامۇل چېرىكى ھەسەن يايى دېگەن كىشىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە شۇ كۈنى قەشقەردە تىجارەت ئاساسەن توختىغان. نۇرغۇن كىشىلەر كەچ كىرگىچە سىيىت نوچىنىڭ مەھەللىسىدە توپلىشىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ ياش تۆككەن. سىيىت نوچىنى ئاتقاندا ھەزرەتلىك ياسىن ئاخۇن تۇماقچى (شۇ چاغدا 18 ياش بولۇپ 1980 ـ يىلى ۋاپات بولغان)، قەشقەر شەھەرلىك ئەمەت باققال (شۇ چاغدا 15 ياش 1975 ـ يىلى ۋاپات بولغان)، قەشقەر شەھەرلىك ھەسەن يايى (شۇ چاغدا 26 ـ 27 ياش، 1990 ـ يىلى 92 ياشتا ۋاپات بولغان) قاتارلىق كىشىلەر نەق مەيدانغا بېرىپ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن.

سىيىت نوچىنىڭ ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ناھەق ئۆلتۈرۈلۈشى ئەكسىيەتچى مۇناپىقلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت باش قاتۇرۇپ پىلانلىغان ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى. چۈنكى سىيىت نوچى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ، ئۇنىڭ ھايات تۇرۇشى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئۈچۈن قەرەللىك پارتلايدىغان بومبا ئىدى. ئۇنى ھۆكۈمەتكە قارشى «توپىلاڭچى» دېگەن نام بىلەن ئۆلتۈرۈش خەلقنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە بولغان قارشىلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتەتتى. چۈنكى، سىيىت نوچىنى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئەمگەكچى خەلق ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ. شۇڭا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى يۇقىرى ـ تۆۋەن ماسلىشىپ، ئىچكى جەھەتتىن تىل بېرىكتۈرۈپ، سىيىت نوچىنىڭ سادda، كەسكىن خاراكتېرىدىن پايدىلىنىپ «سىيىت نوچى ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ» دېگەن ئىغۋانى تارقىتىپ، ئۇنىڭ ھايات يولىغا توزاق قۇرغان. ئۇلار تۈزگەن بۇ شۇم پىلان ئۇلار ئۈچۈن ئىككى جەھەتتىن پايدىلىق ئىدى. بىرى، سىيىت نوچىنى «ئۆز پۇتۇمغا ئۆزۈم پالتا چېپىپتىمەن» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئاشۇ ئۆلۈمگە رازى بولۇشقا مەجبۇرلىماقچى بولغان. يەنە بىرى، سىيىت نوچىنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى تۆكۈپ، سىيىت نوچىنى ياخشى كۆرىدىغان ئەمگەكچى خەلقنىمۇ «سىيىت نوچى ھۆكۈمەت بىلەن تىركىشىپ ئۆزىگە ئۆزى قىپتۇ، ئۇ راستىنلا نادان ھەم ئەخمەق ئىكەن» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ غەۋغا كۆتۈرۇ-

شىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغان.

ئاقىل ئادەملەر شۇنداق ھۆكۈم قىلالايدۇكى، سىيىت نوچى ماتىتەيگە ئېلىپ كەلگەن خەت مەيلى ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتى بولسۇن ياكى بولمىسۇن ماتىتەي ئۇنى بەربىر ئۆلتۈرەتتى. چۈنكى ئۇنى تۇتۇش، ئۇنى ئۆلتۈرۈش بۇرۇنلا پىلانلانغان. ئەمدى ئۆلۈم خېتى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ سىيىت نوچىنى ئۆلتۈرۈش پىلانىنى ئوڭۇشلۇق ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە پىلانلانغان بىر تۇزاق. ئەگەر سىيىت نوچى ئېلىپ كەلگەن خەتنىڭ ئۆلۈمنامە ياكى ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاشقا توغرا كەلسە، بۇ خەتنى يازغان جاللات ماشاۋۇ بىلەن خەتنى ئوقۇغان ماتىتەيلەردىن ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ۋاھالەنكى، «خەت» نى باشقا كىشىلەرنىڭ كۆرگىنىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ماتىتەيلەر سىيىت نوچىنى ئۆلتۈرۈشتەك رەزىل مەقسىتىنى خەلقى ئالەمدىن يوشۇرۇش ئۈچۈن «ئۆلۈمنامە» ۋەقەسىنى توقۇپ چىققان. ئەمەلىيەتتە بولسا ماشاۋۇ سىيىت نوچىنىڭ ھەقىقىي ئۆلۈمنامىسى ــــ سىيىت نوچى ئۇچتۇرپاندىن قەشقەرگە يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇنلا ماتىتەيگە يوللاپ بولغان. سىيىت نوچىنىڭ ئېلىپ كەلگىنى بولسا ئەمەلىيەتتە ئادەتتىكى سالام خەت، خالاس. مەتنتە شۇنداق تۇرسا، بەزىلەر تاھازىرغىچە ماتىتەيلەر توقۇپ چىققان «سىيىت نوچى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمنامىسىنى كۆتۈرۈپ كېپتۇ، مېنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە كۆزۈم قىيمايتتى» دېگەندەك نەيرەڭلىرىگە ئىشىنىۋاتىدۇ ھەمدە سىيىت نوچىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى «ھەقلىق ئۆلۈم» دەپ قاراۋاتىدۇ - يۇ، ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلارنىڭ سىيىت نوچىغا رەزىل ۋاسىتىلار ئارقىلىق تۇزاق قۇرغانلىقىغا، ئۇنى ناھەق ئۆلتۈرۈپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتىدۇ. شۇنداقلا، سىيىت نوچىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، ئەركپەرۋەر، مەردانە ھەرىكەتلىرىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيۋاتىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ پاك روھىنى قارىلاۋاتىدۇ. ۋىجدانىنى ئويلاپ كۆرۈش كېرەككى، بۇ نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان تراگېدىيە؟

## ئاخىرقى سۆز

ئەينى ۋاقىتتا سىيىت نوچىنىڭ بارلىق ھەرىكەت - پائالىيىتى، نىيەت - ئىقبالى، خاراكتېر - خۇسۇسىيىتى، مۇھەببەت - نەپرىتى، ناھەق ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ سەۋەبلىرى خەلقى ئالەم ئالدىدا بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئەمگەكچى خەلق چوڭقۇر قايغۇغا چۆككەن. ئۇنىڭ مەردانە ئوبرازى ئەڭ ئادىل باھالىغۇچى ئەمگەكچى خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا خەلقىمىز سىيىت نوچىنىڭ مەردانە ئوبرازىنى قانداق ئۇنتۇپ كېتەلەيدۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ئوغلانى سىيىت نوچىنىڭ پاك روھىنى ياد ئېتىپ، ئۇنى ناخشا - قوشاقلىرىدا تەرىپلىسە بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نېمىسى بار؟

سىيىت نوچى گەرچە مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ساۋاتسىز ئادەم بولسىمۇ، لېكىن، تۇرمۇش بىلىمى مول، روھىي دۇنياسى ساغلام، شەخسىيەتسىز، ئاقكۆڭۈل، ئاق-

قارىنى، ھالال ـ ھارامنى پەرق ئېتىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، سەممىي، پەزىلەتلىك پالۋان ئىدى. ئۇ يەنە خەلق قوشاقچىسى، سازەندىسى ئىدى. ئاتاقلىق ئالىم ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن يازغان «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە، سىيىت نوچى ئېلى ۋە ئۇچتۇرپاندا تۇرغاندا «غېرىبلارنىڭ دادۇ ـ پەريادى»، «جەڭ قىلىمىز خالايىق»، «زالىملارنى ئۆرتەيمىز»، «يېتىملار قوشىقى»، «شورا① بىزنىڭ دوستىمىز»، «لېنىن ھېكمىتى» قاتارلىق قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان. 1925 ـ يىلى ئۇچتۇرپان خەلق قوزغىلىڭىنى تەشكىللەپ، ئۆزى ئىجاد قىلغان ئەنە شۇنداق جەڭگىۋار قوشاقلار ئارقىلىق خەلقنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنى تەربىيىلەپ، خەلق ئەركى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان. گەرچە بۇ خەلق قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن، ھەر مىللەت خەلقى سىيىت نوچىنى ھۆرمەتكە سازاۋەر خەلق قەھرىمانى سۈپىتىدە چوڭقۇر ھۆرمەت قىلغان. گەرچە سىيىت نوچىنىڭ زالىم ھۆكۈمرانلاردىن بىرەرنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق تارىخىي پاكىتلار بولمىسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خەلقنىڭ غېمىدە يەپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار بىلەن مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىپ، ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلارنى مىڭ ئۆلۈمگە باراۋەر كەلگۈدەك ساراسىمىگە سېلىۋەتكەنلىكى، شۇ ئارقىلىق بىزگە ئۆلۈم ئالدىدىمۇ دۈشمەنگە قىلچە تىز پۈكمەيدىغان بىر قەيسەرانە ئىسيانكارلىق روھىنى قالدۇرغانلىقى تارىخىي پاكىت.

ئەينى ۋاقىتتىكى ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار نېمىنى خالىسا شۇنى قىلاتتى. ئۇلار سىيىت نوچىنىلا ئەمەس، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ خەلقنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەن. بەزىلىرىنى ئاشكارا تۇتۇپ يوشۇرۇن ئۆلتۈرسە، سىيىت نوچىنى يوشۇرۇن تۇتۇپ ئاشكارا ئۆلتۈرگەن. ئەينى ۋاقىتتا سىيىت نوچى دۈشمەننىڭ ئاشكارا سۇيىقەستلىرىگە ماھىرلىق بىلەن كەسكىن قارشى تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن، يوشۇرۇن سۇيىقەستلەرنىڭ دائىمغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزگەندە ئۇ ئالىقاچان قاتمۇقات مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ، ئەجەل سىرتمىقى گېلىنى سىقىشقا باشلىغان. ئەنە شۇنداق جىددىي شارائىتتا ئۇ دۈشمەن ئالدىدا قىلچە باش ئەگمەي، ھەققانىيەت ئۈچۈن مەردانە ئۆلۈشنى شەرەپ ھېسابلىغان. بۇ ئەھۋاللارنى بىرەرسى ئويدۇرۇپ چىققان توقۇلما ئەمەس، بەلكى تارىخىي پاكىت. بىز سىيىت نوچىدىن ئىبارەت تارىخىي شەخس ھەققىدە پىكىر بايان قىلغاندا، ئەينى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى، تارىخىي شارائىتىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز، پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، سۇبيېكتىپ ھېسسىياتقا تايىنىپ پىكىر قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز، تېخىمۇ مۇھىمى سىيىت نوچىنى كىم ئۆلتۈردى؟ قانداق شارائىتتا ئۆلتۈردى؟ نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈردى؟ دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدە چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرۈشىمىز كېرەك.

سىيىت نوچى مەشھۇر سىياسىيون،

① شورا — سوۋېت ئىتتىپاقى

جامائەت ئەربابى ياكى زور ئىجتىمائىي ئىسلاھاتقا رەھبەرلىك قىلغان ئۇلۇغ داھى ئەمەس، مۇتەپەككۇر ئالىممۇ ئەمەس، ئۇ پەقەت ئەينى ۋاقىتتا تۆۋەن قاتلام ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىنسانىي ئەركىنلىكى ئۈچۈن، ھەققانىيەت ئۈچۈن ئەركەكلەرچە غۇرۇر بىلەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلغان ئاددىي خەلق قەھرىمانى. دۇنيادا نۇقسانسىز ئادەم يوق، ئەلۋەتتە. سېيىت نوچىمۇ شۇنداق. سېيىت نوچى ئۆز ۋاقتىدا:

«ئەزىزانە يۇرتداشلار،
مەندەك نادان بولماڭلار.
چۈشۈپ ھىيلە- قىلتاقا،
ناھەق قۇربان بولماڭلار.»

دەپ خىتاپ قىلىپ، دۈشمەننى سەل چاغلاپ، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرمىگەنلىك ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. بۇ خىل ئاجىزلىق سېيىت نوچىنىڭ ئالىيجاناب، مەردانە ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرەلمەيدۇ. شۇ نەرسە دىققەتكە سازاۋەر بولۇشى كېرەككى، ئوي- خىياللىرىمىزدا، ئادەتلىرىمىزدە، ھەرىكەتلىرىمىزدە باشقىلارنى سەسكەندۈرىدىغان، ئۆزىمىزنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن نابۇت قىلىدىغان يامان ئىللەتلەر يەنىلا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان، خامىليونغا① ئوخشاش شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرىپ جان باقىدىغان، بىر بۇردا نان ئۈچۈن دوستىنىڭ پوستىغا سامان تىقىدىغان مەنىۋى پۇچەكلىشىش كىرىزىسىغا دۇچ كېلىۋاتقانلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان، دوست- دۈشمەن، مۇھەببەت- نەپرەت، ھەق- ناھەق، خورلۇق- ئىپتىخارلىق، گۈزەللىك- رەزىللىك تۇيغۇسىغا ئىگە ئادەملەر بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقان شارائىتتا سېيىت نوچىدەك ھەققانىيەت ئېڭى يۇقىرى، ھەققانىيەتنى قوغداش جاسارىتى كۈچلۈك، خورلۇق ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ساغلام، خەلقنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتى، ئارزۇ ئىرادىسى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرالايدىغان، شەخسىيەتسىز، ئىسيانكار روھنى قەدىرلەشكە تېگىشلىكتۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆلمەس ئابىدە تىكلەشكە تېگىشلىكتۇر. سېيىت نوچى روھىنى ئەينى زاماندىن ھازىرغىچە خەلقىمىزنىڭ ماختاپ كېلىشى ئۇلارنىڭ ھەقلىق تاللىشى ۋە ياخشى كۆرۈشىدۇر. ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىدە بۇ مەردانە روھنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى ئەجدادلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن بولۇپ، ئۇنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سېيىت نوچى ھەققىدە گەپ قىلىش يالغۇز سېيىت نوچىدىن ئىبارەت بىر تارىخىي شەخسكە باھا بېرىش مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى ھەق- ناھەقنى، توغرا بىلەن خاتانى، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى پەرق ئېتىش ۋە ئۇلارغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشقا مۇناسىۋەتلىك پرىنسىپال مەسىلىدۇر. شۇڭا ھەممىمىز بۇ مەسىلىدە پاكىتلارغا ئاساسەن چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرۈشىمىز لازىم.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر

① خامىليون — قايسى خىل ئۆسۈملۈك ئىچىگە كىرسە تېرىسىنى شۇ خىل ئۆسۈملۈك رەڭگىگە ئۆزگەرتەلەيدىغان بىر خىل جانلىق.

ئىسمائىل ئىزىز

# شېئىرلار

## بەش كۈنلۈك ئالەمگە مېھمان بىز

«ئادەملەر ئۆلىدۇ بىر سىقىم تۇپراق،
شۇ ئانا تۇپراقتا ئۈنەركەن ياتناق».
مەن ئۆلسەم دوستلىرىم يازار مەرسىيە،
مەھشەرگاھىم مېنىڭ تاغ باغرى يايلاق.
ئۆلسەم گەر يوقلايدۇ مېنى دوست ـــ يارەن،
ئىجادىم گۈل بولۇپ قەۋرەمنى ياپار.
ئەقىدە ئۆلمەيدۇ ئەبەدىل ئەبەت،
دۈشمىنىم خۇش بولسا، دوستلار ھازىدار.
بىر كۈننىڭ ئىشلىرى ئاي، كۈندىن پۈتەر،
جىمىكى ئالەمنى قارا يەر يۇتەر.
نام، ئەمەل، ئادەمچۈن خۇددى بىر تال گۈل،
ياز ياساپ كۈز كەلسە توزۇپلا كېتەر.
ئىجاد ۋە مېھنەتتىن قالدۇرۇلسا ئىز،
تارىخنىڭ بېتىدە ساقلىنار ئىزىمىز،
بەش كۈنلۈك ئالەمگە مېھمان ھەممىمىز،
خەلقنىڭ قەلبىدىن ئۈچمەيلى ھەرگىز.

## ياشلىق ئەسلىمىسى

ياشلىقىم لاۋىلداپ يانغان ئوت ئىدى،
ياشلىقىم بىباھا ئالتۇن، قۇت ئىدى.
رۇخسارى پارلىغان قىزىل گۈل كەبى،
ياشلىقىم غۇبارسىز ئاپئاق سۈت ئىدى.
ئۆمۈر ئۇ توختىماس بىر ئاقار دەريا،
ياكى ئۇ ئېرىقتىن ئېتىلغان ئوقيا.
كۈن ئاينى، ئاي كۈننى قوغلاشقىنىدەك،
ياشلىقمۇ ئۆتكۈنچى شۇنداق بىر دۇنيا.
ياشلىقىم ئېقىندەك ئۈزىدى، كەتتى،
چاچ ساقال ئاقىرىپ قېرىلىق يەتتى.
قانلىرىم ياشلىقتەك دولقۇنلۇق ئەمەس،
ئەمەسكى ياشلىقتەك يۈرەكنىڭ تەپتى.
نەۋرىلەر ھەر كۈنى ھاردۇق سورايدۇ،
جاپا ھەم مۇشكۇللەر يولۇم تورايدۇ.
ياشلىقتا جۆر بولغان گۈزەل جانانلار،
ئەندىچۇ، يىراقتىن قىيا قارايدۇ.
ئىھا مېنىڭ نەۋقىران باھار چاغلىرىم،
يار بىلەن گۈل پۇراپ يۈرگەن باغلىرىم.
قايدىسەن يۈرەكتە قالدى ئارمانلار،
تاغ ئاتلاپ، سۇ كېچىپ ماڭغان چاغلىرىم؟
قايدىسەن ياشلىقىم دەريا بويلىغان؟
لاچىنىدەك شۇڭغىشىپ ئۇسسۇل ئوينىغان؟
شۇ ئوغلاق مەيداندا قۇيۇندەك ئۇچۇپ،
سۆڭەك نەي چېلىپ مەن تويلار ـ تويلىغان.؟
پۇشايمان قىلمايمەن ئۆتكەن ئۆمرۈمگە،
ئېرىشكەچ قان ـ تەرىم گۈلدەك ئۈنۈمگە.
ئىجاد ۋە مېھنەتتىن تىزىپ گۈل دەستە،
دەۋرىمنى مەڭگۈلۈك پۈكەي كۆڭلۈمگە.

## كادىر ئۇرۇق، ئەل بىر پارچە يەر

خەلق ئۇلۇغ، خەلق زور دېگىنىز،
بىزلەر پەقەت ئۇنىڭ تامچىسى.
خەلق رىشتى دىلغا تۇتاشقان،
كادىر دېمەك ئەل خىزمەتچىسى.



خەلق رايى بىزنىڭ رايىمىز،
خەلق بىزنىڭ يۆلەك ـ يارىمىز،
ئىشەنمىسەڭ ئۇلارغا ئەگەر،
ئۈزۈلىدۇ ئۆمۈر تارىمىز.
بىز خەلقتىن كەلگەن ئەزىمەت،
بىز ئۇلارنىڭ چاكىرى پەقەت.
خەلق ئۇچۇن ئىشلىسەك جەزمەن،
خەلق قوينى بىز ئۇچۇن جەننەت.
ئايرىلغاننى بۆرە يەر ھامان،
ئايرىلىش ئۆ ئۆلگەندىن يامان.
ئەل تارىخىنىڭ ياراتقۇچىسى،
ئەل بولغاچقا گۈللەنگەن زامان.
بەزىلەر بار ئەلدىن يىتىلىپ،
كادىر بولۇپ سەپكە قېتىلىپ،
ئەل رايىنى ئۇنتۇپ قالغاچقا،
شەخسىيەتكە كەتتى چېتىلىپ.
ئەل غېمىنى يېمىدى ئۇلار،
ئەل دېگەننى دېمىدى ئۇلار.
ئۆزىنى ساناپ ھەممىدىن دانا،
ئەلنى كۆزگە ئىلمىدى ئۇلار.
كادىر دېگەن ئەلنىڭ قاياشى،
غەمخانى ھەم ئىللىق دىلداشى،
دەرتكە داۋا، يۇرەككە شىپا ـ
بولۇش بىزگە ئەجداد مىراسى.
كادىر ئۇرۇق، ئەل بىر پارچە يەر،
كادىر ئىنساپلىق بولسا ئەل سۆيەر.
مىھنەت ئەھلىگە بولۇپ پەرۋانە،
پىشانەڭدىن سەن ئېقىت ھالال تەر!

**غەنىمەت قادىر(قىرغىز)**

## ئات

ھايۋان ئىچىدە ئەڭ ئەقىللىق بىر جانىۋار ئات،
سەپەرلەردە چۆللەر كېزىپ بولىدۇ قانات.
مۈشكۈلاتتا ئىگىسىنى ئامان قالدۇرۇپ،
ياۋغا قارشى ئۇرۇشتا ئۇ، دۈلدۈلدەك قانات.
بەيگىلەرگە چۈشسەڭ ئەگەر ياخشى ئات بىلەن،
مەنزىلىڭگە تىز يەتكەيسەن شاۋكەت ـ شان بىلەن،
ئوغلاق تارتساڭ مەيدان ئارا بولىسەن ئۈلگە،
قامچا ئۇرماي پەقەت « ھايت ـ ھۇيت » ـ بىر چۇقان بىلەن.
مەن ئەزەلدىن شۇنداق ئاتنى كۆرىمەن ئەزىز،
شۇ سەۋەبلىك ئاتنى ماختاپ يازدىم كۆي ـ شېئىر.
ئاتقا مىنسەڭ جىسمىڭ يايراپ، روھىڭ شادلىنار،
ئات ئۈستىدە سەيلە قىلىش نەقەدەر لەزىز؟

# شېئىرلار

## چوكانلار

كىم ئېيتىدۇ چوكانلار يەتمەيدۇ دەپ قىزلارغا،
گۈزەل ھۆسنى ئۇلارنىڭ تولۇپ تۇرغان تولۇن ئاي.
چىرايىدا ـ خۇلقىدا قىزلارغا خاس نازاكەت،
ئايالدا بىر مۇھەببەت، شۇلاردا بار شۇلار باي.

ئۇلار كۆرگەن ئىشلار كۆپ، تال ـ تال قارا چېچىدىن،
كىملەر سىرداش، ۋاپادار، تۇرمۇش ئايان كۆڭلىگە.
ئازراق ئاپتاپ كۆرسىلا ئېرىپ كەتمەس تولۇق مايدەك،
ئۇلاردىكى سالماقلىق، سالقىنلىقمۇ ئۆزگىچە.
ئېچىلىپ ئاي ـ يىللار غۇنچىلىكنى بويىدىن،
ۋاقىت بەرگەن ئىللىقلىق چاقناپ تۇرار كۆزىدىن.

جەننەت كەبى باغلاردا مەي باغلىغان مېۋىدەك،
تامار مېھرى ـ مۇھەببەت ھەر بىر ئېغىز سۆزىدىن.
كېيىنەكتەك ھەر قايان ئۇچۇپ يۈرمەس خىيالى،
يۈرىكىدە ياشايدۇ پەرزەنت، ئېرى، ئائىلە.
كەپسىزلىكنى كۆڭلىگىدىن ئۇچۇرىدۇ كۈل قىلىپ،
پەرىشتىدەك جىلمىيىپ كۆزلىرىڭگە تىكىلسە.
قاراپ ـ قاراپ كۆزۈڭدىن ئاختۇرىدۇ مۇھەببەت،
ئەشۇ قىزلىق دۇرىنى كۆرۈپ ئالماق بولغاندەك.
گۈزەللىكنىڭ ئاشىقى ئۇ بىر ئايال ئەمەسمۇ؟
ئۇھ تارتىدۇ بەزىدە ياخشى سۆزگە مۇھتاجدەك.
سوراپ قالار گاھىدا ئىشلىرىڭنى زېرىكىپ،
بىزار بولما، تىرىكمە بۇمۇ بىر خىل مۇھەببەت.
ھوشيار بولماي بولمايدۇ يامان تالا مۇشۇكى،
ئۇنىڭ بەختى، بارلىقى ھاياتىمۇ سەن پەقەت!
كىم ئېيتالار چوكانلار يېتىمەيدۇ دەپ قىزلارغا،
ئۇ ئىشەنچلىك ھەمراھىڭ ئۇزاق ـ مۇشكۈل ھاياتتا.
ياز بولمىقى تەس باھار، يازدا ئۈزۈڭ قاراپ باق،
ئەجىر بىلەن مەي بولغان شىرىن ـ شەربەت باغلارغا!

## بۇلاقتىكى سۆيگۈ

جىمجىت قاپتال، شىر ـ شىر بۇلاقتىن،
چېلەك تۆشۈپ تۆكۈلدى رەت ـ رەت.
قىز كۆزلىرى ئىزدەر ئەتراپنى،
كۆتەر ـ كۆتەر ئەجەپ بىتاقەت.
كەلمەيدۇ يا ـ كەلمەيدۇ يىگىت،
ئات سۇغىرىش ئۇچۇن دەرياغا.
نېمە بولدى . . . ئەجەپمۇ بۈگۈن؟! . . .
بىر تەلپۈنۈش سالار غۇلغۇلا. . .
ئەجەپ شېرىن تەشنا ئىزتىراپ،
يىگىت دۆڭدىن كۆرۈندى ئاستا.
قىز كۆزلىرى خۇشال مەڭزى چوغ،
يۈرەك ئوخچار پاتماي قېپىغا. . .
شۇ يوسۇندا يەنە بىر كۈنى،
ئاتلار نە ۋاخ بولدى سۇ ئېچىپ.
بىراق، يىگىت ماڭماس نە ئۈچۈن؟
كۆزى يولدا. . . قارار زەن سېلىپ.
شاخ قايرىلىپ تەۋرىدى يېنىك،
بىر جۈپ شوخ كۆز كۆردى شۇ ھالنى.
قىز چۈشەندى: يىگىت ئۇ چەتتە،
كۈتەر ئىكەن شۇ قىز جانانىنى. . .

## مۇھەببەت

ئۈزۈلگەن ئۈمىدنى ئۇلايدۇ تۇغقان،
دوسلۇق بولىقىدىن ئېچىمىز كەۋسەر.
ئەزەلدىن بىباھا ـ ئاشۇ مۇھەببەت،
ئاتا ـ ئانا مېھرىدىن جان كۆكلەپ كېتەر.
مۇھەببەت دۇنيانىڭ ئۈمىد قۇياشى،
مۇھەببەت تەپتىدىن ھايات ئەڭ گۈزەل.
مۇھەببەت يوق قەلب زۇلمەت، زىمىستان...
ھاياتتا مۇھەببەت ھەممىدىن ئەۋزەل!



روزى گۈلباي ( تاجىك)

# يۇرتۇمدا كۆپ سەيلىگاھلار شۇ قەدەر . . .

سەيلىگاھى دېسەم گۈزەل پامىرنى،
يوقتۇر ئاڭا كۆڭۈللەردە قىلچە شەك.
ئۇنىڭ ئاپپاق چوققىلىرى، ئېقىنى،
باردۇر يېشىل قىشلاقلىرى، گۈل ـ چېچەك.
مۇز تاغ ئاتا باغرىدا چىمەنزار،
كۆكيار بىلەن تاغارمىدۇر قوش كېزەك.
ھايات ياشار قولچاق دېگەن قەھرىمان،
قەلبلەردە بىر زەبەردەس تاغ ـ يۆلەك.
ۋەرشىدىدە تاش قەلئە ۋە شامبابا،
سەيلىچىلەر دىللىرىغا ئۆت ياقار.
قىز قورغاندا دەپتەر، مازار چۆپلىرى،
يېشىل جەننەت ئەينى كۆركەم ـ جىلۋىدار.
ئابى كەۋسەر ئاقتى پەرھات ئۆستەڭدە،
يىشىل كىمخاپ كەيدى چۆللەر ـ دالىلار.
بازار دەشتە بۇلبۇل ئۈنى، گۈل ھىدى،
شاتلىقىدىن سەكرەپ ئوينار باللار.
ئەرشتىكى گۈزەل ماكان خونجىراپ،
كارۋانلارنىڭ بىر مۇقەددەس ئۆتىكى.
ئۇندا كۆڭۈل كۆلەر كۆكتە ئۇچقاندەك،
قۇياشقا ئەڭ يېقىن بولۇپ ھەر تېكى.
مارياڭ، راسكام تىزىپ تۇرار چوگىرنى،
ۋاچىدا بار قەۋەتلىك ئۆي، كەنت ـ ئايماق.
سەنئەتكارلار ماكانىدۇر بەلدىر زەپ،
يىگىت ــ قىزى بىر ـ بىرىدىن شوخ ـ ئويناق.



تۇققۇز قېتىم كۈن چىقىش بار، كۈن پېتىش،
قوغۇشلۇقنىڭ بىر كۈنىدە بە ھەيۋەت.
ئايمۇ تۇققۇز قېتىم چىقىپ، پاتىدۇ،
بۇ بىر تەبئىي مۆجىزىدۇر كارامەت.
قاشتېشىنىڭ ماكانىدۇر سېھىرلىك،
داتۇڭ شۇنداق مېۋە كانى شەربەتلىك،
ئادەملىرى چىۋەر، چاققان، مېھماندوس،
سېخى شۇنچە قولى ئوچوق، ھىممەتلىك.
يېگى چىققان تولۇن ئايدەك نۇرانە،
تاجىك ئاباد گۈزەل يۇرتىنىڭ ئەندازى.
تاغلىق يىگىت بەرپا قىلدى باغ ــ قەسىر،
رەھمەت! ــ دېدى تاغ مەلىكە كۆي ــ نازى.
تاغ ئارىسى سىرلىق جەننەت بۇرۇمسال،
بىر كۆرۈشتىن دىلغا سالار زوق ــ ھەۋەس،
يۇرتۇمدا كۆپ سەيلىگاھلار شۇ قەدەر...
تەرىپلىسەم، كۆيلىگەنگە تۈگىمەس.

يۇ بىياۋ

# ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلدىغانلارنىڭ ئىزتىملىكى

(فېلىيەتون)

ئابلىكىم ئابدۇللا تەرجىمىسى

زاۋۇتنىڭ تىجارەت ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىششقا باشلىدى. يېقىندىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ كەلگەن ما زاۋۇت باشلىقى، ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق «ئىدارىدىكى بىكار تەلەپ كىشىلەر كۆپ ئىكەن» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى.

ما زاۋۇت باشلىقى بىر تۈركۈم خادىملارنى قىسقارتماقچى بولدى. لېكىن، ئۆزى يېقىندىن بۇ ئورۇنغا كەلگەچكە خادىملارنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلمەيتى. شۇڭا، قانداق كىشىلەرنى قىسقارتىش، قانداق كىشىلەرنى قىسقارتماسلىق ما زاۋۇت باشلىقىنىڭ بېشىنى تولىمۇ قاتۇردى. ئەگەر قىسقارتىشقا تېگىشلىكلىرىنى قىسقارتماي، قىسقارتماسلىققا تېگىشلىكلىرىنى قىسقارتىپ قالسا، ئۇ چاغدا ئۆزىگە باش ئاغرىقى تېپىۋالاتتى.

ما زاۋۇت باشلىقى كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنىلا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلىدىغانلارنىڭ ئىزىملىكىنى قانداق بېكىتىش ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئايالى ما خانىم يولدىشىنىڭ بۇ هالىنى كۆرۈپ نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدى. ما زاۋۇت باشلىقى ئادەم قىسقارتىش جەھەتتىكى باش قېتىشچىلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئەمدىلىكتە ما خانىمنىڭمۇ يولدىشىغا ئوخشاشلا قايغى چۈشۈپ كەتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا سىرتتىن بىرسىنىڭ ئىشىك چەككەنلىك ئاۋازى ئاڭلاندى.

كەلگىنى زاۋۇت تېخنىكا بۆلۈمىدىكى خۇ ئەپەندى ئىدى. ما زاۋۇت باشلىقى زاۋۇتقا كەلگەن بىرىنجى كۈنىلا ئۇنىڭ سېسىق نامىنى ئاڭلاپ بولغان ئىدى. خۇ ئەپەندى كۈندە دېگىدەك ئىشقا كېچىكىپ كېلەتتى. خىزمەتتىمۇ ئىنتايىن مەسئۇلىيەتسىز بولۇپ، زاۋۇتتىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا پىكىرى بولسىمۇ، لېكىن، مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغاچقا زاۋۇتتا ئۆز مەيلىچە لاغايلاپ يۈرەتتى.

خۇ ئەپەندى تولىمۇ تەكەللۇپ بىلەن:

ما زاۋۇت باشلىقى، سىزنىڭ زاۋۇتقا كەلگىنىڭىزگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى، ناھايىتى ئەپسۇس ئۆز ۋاقتىدا يوقلاپ كېلەلمىدىم. قاراڭ، ئۆيىڭىزنى قايتا زىننەتلەشكە توغرا كەپتۇ، مېنىڭ ئۆي زىننەتلەش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قانچە دوستۇم بار، ئۇلارنى ئەتە باشلاپ كېلەي.

ما خانىم خۇددى مۇشۇنداق سۆزلەرنىڭ چىقىشىنى ساقلاپ تۇرغاندەكلا:

—ئىككىمىزنىڭ ئويلىغىنى بىر يەردىن چىقتى، مەنمۇ خېلىدىن بېرى ياخشىراق ئۇستىلاردىن بىر نەچچىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆيىمىزنى قايتا تۈزۈكرەك زىننەتلەشنى ئويلاۋاتقانىدىم، —دېدى.

زاۋۇت باشلىقى ئايالىنىڭ تەپ تارتماستىن قىلغان سۆزلىرىدىن ئەيمەندى بولغاي:

—ئۆيىمىز بىر چىرايلىق تۇرمامدۇ قايتا زىننەتلەشنىڭ نېمە هاجىتى؟ بىزنىڭغۇ ئۆيىمىز بار ئىكەن، ئۆيى يوق ئىشچى ـ خىز-

مەتچىلەر شۇنچە كۆپ تۇرسا؟ — دەپ گەپنى ئۈزدى.

خۇ ئەپەندى ما زاۋۇت باشلىقىنىڭ بۇ ئىش ئۈستىدە سۆزلىشىشنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بايقىدى بولغاي، بىر پەس زۇۋان سۈرمىدى.

— ما زاۋۇت باشلىقى، ئاڭلىسام زاۋۇتتا بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلىدىكەن، ماڭا ئىتتىۋار قىلىپ قويارسىز. ئايالىمنىڭ خىزمىتى يوق، بالىمىزنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن تۈزۈكرەك تاماقمۇ يېمەي، كىيىممۇ كەيمەي يۈرىۋاتىمىز، ئەگەر مەن ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلسام پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ چىقىش يولى تۈگەيدىغان گەپ.

— مەن ئەلۋەتتە ھەر بىر كىشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئەتراپلىق ئويلىشىمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ھەرگىز ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلمايمەن.

— ئۇنداقتا ما زاۋۇت باشلىقىغا كۆپ رەھمەت. خۇ ئەپەندى شۇنداق دېگىنىچە ئېلىپ كەلگەن ئىككى يېشىك سوۋغاتنى كىرىسلونىڭ يېنىغا قويۇپلا ماڭماقچى بولدى.

— خۇ ئەپەندى، كەچۈرۈڭ سوۋغاتلىرىڭىزنى قايتۇرۇپ كېتىڭ!

— ما زاۋۇت باشلىقى، بۇ ئەرزىمەس نەرسىلەر، پەقەت ئادىمگەرچىلىك يۈزىسىدىنلا قىلغان، تىلغا ئالغىچىلىكى يوق. خۇ ئەپەندى شۇنداق دېگىنىچە بەللىرىنى ئوقيادەك ئېگىپ ئارقىچىلاپ مېڭىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

خۇ ئەپەندى قايتىپ كەتتى. زاۋۇت باشلىقى ۋە ما خانىم خۇ ئەپەندى ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلارغا بىر پەس تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن تەڭلا ئاۋازدا: — «تېپىلدى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلىدىغانلارنىڭ تىزىملىكىنى مۇشۇنداق بېكىتەيلى»، — دېدى.

زاۋۇت باشلىقى ئايالىغا قاراپ:

— سەنمۇ ئويلاپ يېتىپسەندە؟

— بۇ قېتىمقى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلىدىغانلار ئىشىدا، بىزگە سوۋغا ئەكىلىدىغانلار چوقۇم كۆپ بولىدۇ. كىم بىزگە سوۋغا ئەكەلسە ئۇ بىزگە سادىق دېگەن گەپ، بۇنداقلارنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. سوۋغا ئەكەلمىگەنلەرنى ئويلاشماي ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش كېرەك، — دېدى ما خانىم ناھايىتى خۇشال ھالدا.

خانىمىنىڭ جاۋابىدىن زاۋۇت باشلىقىغى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى، ئۇ زەردە بىلەن:

— مېنىڭ ئويلىغىنىم سېنىڭ ئويلىغىنىڭنىڭ ئەكسىچە. بىزگە سوۋغا ئەكەلمەيدىغانلار ئادەتتە زاۋۇتتا ياخشى ئىشلەيدىغان، خىزمەتتە ئەستايىدىل كىشىلەر. ئۇلارنىڭ مەندىن قورقىشىنىڭ ھاجىتى يوق، شۇڭا ماڭا يالۋۇرۇپمۇ يۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ماڭا سوۋغا ئەكىلىدىغانلار خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىز، بەرگەن ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان كىشىلەر، بۇنداق كىشىلەر ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش گېپى چىققاندىن كېيىن، شاللىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ سوۋغا بېرىش ئارقىلىق ماڭا تاقابىل تۇرماقچى بولىۋاتىدۇ. لېكىن، مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن ماڭا قۇيرۇقىنى تۇتقۇزۇپ قويۇشنى ھەرگىز ئويلىمىغان. سەن بىزگە سوۋغا ئەكەلگەنلەرنىڭ ئىسىملىكىنى ياخشى تىزىملاپ قويغىن. كېيىن مۇشۇ تىزىملىك ئارقىلىق سوۋغىلارنى ئىگىلىرىگە ئۆز ئەينى بويىچە تاپشۇرىمىز. شۇنداقلا بۇ تىزىملىك ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلىدىغانلارنىڭ تىزىملىكى بولىدۇ.

ما خانىم يولدىشىنىڭ يۇقارقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇددى قاقاقان قوزۇقتەك داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

(« فېلىيەتون گېزىتى » نىڭ 2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈندىكى سانىدىن)

بۇ سەھىپىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى
ئۆتكۈرجان ئۆمەر

يۇشىنلياڭ

# قوي بوغۇزلاش

(ھېكايە)

ئىمىن ئىسھاق تەرجىمىسى

قاسساپنىڭ قوي بوغۇزلىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. ئەمما دوختۇرنىڭ قوي بوغۇزلىشى تولىمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئىش.

ھازىر كىشىلەر نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالسۇن ياكى بىرەر ئىش بېجىرسۇن ھامان دەككە ـ دۈككىدە يۈرىشىدۇ. نېمىشقا دېسىڭىز باشقىلار تەرىپىدىن سويۇلۇپ كېتىشىدىن قورقىدۇ. ھەرقانداق جايدا «پىچاق» مانا مەن، دەپ تەييار. بۇ «پىچاق»تىن قېچىپ قۇتۇلالايدىغانلار تولىمۇ ئاز. شۇڭا ھازىر كەسپىي ئەخلاقنى تەكىتلەش ھەممىدىن مۇھىم بولۇپ قالدى.

مېنىڭ بىر دوختۇر ئاغىنەم بولۇپ، فامىلىسى ۋاڭ ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئامبۇلاتورىيىدە دىجورنىلىق قىلىۋاتقاندا بىر بىمار كەلدى.

— دېمىغىم پۈتۈپ قالدى، بۇرنۇمدىن سۇ ئاقىدۇ، يەنە بېشىم ئاغرىيدۇ. ھۆتىلىمەن، زۇكام بولۇپ قالدىممىكىن دەيمەن، — دېدى بىمار.

ۋاڭ دوختۇر بىمارنىڭ ئىسمى، يېشى، كەسپىنى سورىدى.

بىمار سەل ئىككىلەنگەندىن كېيىن:

— مەن قاسساپ، — دەپ جاۋاب بەردى.

— قوي سويامسىز؟ ئۇنداقتا خېلى كۆپ پۇل تاپىدىكەنسىز ـ دە؟

بىمار «ھەئە» دېگىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى.

— قوي بوغۇزلاشنىڭمۇ سىرى بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بار، — دېدى بىمار سەل جانلىنىپ. باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، قوينىڭ قېنىنى ئاققۇزۇش ـ ئاققۇزماسلىقىمۇ ھۈنەر كېرەك. قاننى ئاققۇزۇۋەتسەك گۆش يەڭگىل بولۇپ قالىدۇ، قاننى ئاققۇزۇۋەتمىسەك گۆش جىڭ باسىدۇ.

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بوغۇزلىغاندا بەزى قويلار يىغلارمىش، بۇ راستمۇ؟ — كوچىلاپ سورىدى ۋاڭ دوختۇر.

— راست، ھەقىقەتەن بەزى قويلار يىغلايدۇ، — دېدى بىمار تېخىمۇ جانلىنىپ، — مەن سىزگە بېشىمدىن ئۆتكەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي. «بىر قېتىم بىر ساغلىقنى بوغۇزلىماقچى بولۇپ، قولۇمغا ئارغامچىنى ئېلىپ ئۇنى باغلاي دەپ تۇرسام، ساغلىق ماڭا قاراپ ياش تۆكتى. بىراق، مەن ئۇنى چوقۇم بوغۇزلىشىم كېرەك ئىدى. قەتئىي نىيەتكە

تەرمىلەر

كېلىپ ئارغامچىنى قوينىڭ بوينىغا سالدىم. بۇ چاغدا قوي ئالدى پۇتىنى ئېلىپ تىزلاندى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ سەل ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۇنى قويۇۋېتەي دەپ ئويلىدىم. بىراق قوينى بوغۇزلاپ، گۆشىنى سېتىپ گۈرۈچ، كۆمۈر ئالمىسام بولمايتتى. ئاخىرى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بوغۇزلىدىم. ھەي ئانامەي! قوينىڭ قورسىقىدىن ئۈچ قوزىسى چىقتى.

—ئۇ ساغلىقنى بوغۇزلىمىسىڭىز بوپتىكەن، — دېدى ۋاڭ دوختۇر.

—شۇنى دېمەمسىز، تولىمۇ پۇشايمان قىلدىم، قوزىلىغاندىن كېيىن، بوغۇزلىغان بولسام تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپماسمىدىم، — دېدى بىمار.

ۋاڭ دوختۇر بىمارنىڭ بوغاز قويىنى سەۋەنلىك قىلىپ بوغۇزلىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئاز پۇل تېپىپ قالغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىۋاتلىقىنى ئويلىنىمىغانىدى. بىمارنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن ۋاڭ دوختۇر ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتتى، تىلىنى كۆزەتتى، بەدەن ھارارىتىنى، قان بېسىمىنى ئۆلچىدى. بۇ ئىشلارنى بېجىرگەچ ۋاڭ دوختۇرنىڭ چىرايى جىددىيلەشتى ۋە بىمارنى قان تەكشۈرتۈشكە، رېنتگېنغا چۈشۈشكە ۋە ئاللىقانداق تەكشۈرتۈشلەرگە بۇيرىدى.

دوختۇرنىڭ گېپىگە بىمار نېمىمۇ دېيەلىسۇن!؟ ئامالسىز قان، سۈيدۈك تەكشۈرتتى. رېنتگېنغا چۈشتى. يۈرەك ھەرىكىتىنى ئۆلچەتتى. B چاۋ ۋە CT غا چۈشۈپ بىر تۇتام تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى ئېلىپ، ۋاڭ دوختۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ۋاڭ دوختۇر قەغەزلەرگە بىر قۇر قاراپ ئۆتكەندىن كېيىن، قوشۇمىسىنى تۈردى. دوختۇرنىڭ چىرايىغا قاراپ بىمارنىڭمۇ يۈرىكى سوقۇپ كەتتى. دوختۇر بېشىنى چايقىغىنىچە تۇرۇۋېدى، بىمارنى ۋەھىمە بېسىپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن، ۋاڭ دوختۇر ئۇھ تارتىپ قويۇپ:

—بىر ئاز كۈتۈنۈپ بېقىڭ، ئاۋۋال سىزگە دورا يېزىپ بېرەي، — دېدى.

بىمار قورقۇپ تىترىگەن ھالدا بىر تۇتام رېتسېپنى كۆتۈرۈپ باھا قويۇش ئورنى، پۇل ئېلىش ئورنى، ئەڭ ئاخىرىدا دورا ئېلىش ئورنىغا باردى.

«ئۇ، مۇشۇ دورىلار بىلەن بىر دورا دۇكىنى ئاچالايدىغان بولدى، — دەپ ئويلىدى ۋاڭ دوختۇر — بۇ ئايلىق ۋەزىپەمنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدىم. ئەمدى مۇكاپات ئېلىشنى كۈتەي...»

ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، ۋاڭ دوختۇردىن خىزمەتدىشى سورىدى:

—بۈگۈن قانچە «قوي» بوغۇزلىدىڭىز؟

—ئاران بىرنى. بىراق ئۇ قويىنىڭ تېرىسى بەك ئېسىلكەن.

—ئۇ بەك پۇلدار ئوخشىمامدۇ؟

—ياق، ئۇ قاسساپكەن.

—ئۇ نېمە كېسەلكەن؟

—زۇكام.

(«ھېكايىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىللىق 8 ـ سانىدىن).

# ۋاڭ گوجېنىڭ پەلسەپىۋى نەسرلىرىدىن

رەھىم يۈسۈپ تەرجىمىسى

## سىغىنىش

سىغىنىش—بىر خىل گۈزەل يالغۇزلۇق، پەقەت سىغىنغاندىلا، ئاندىن يالغۇزلۇق ئالاھىدە گۈزەل تۇيۇلىدۇ.

سىغىنىش—بىرخىل بەختلىك ئازابلىنىش، شۇنداقلا بىرخىل تاتلىق-ئاغىم يېيىش، بىرخىل ئىللىق ئازاب. سىغىنىش—تۇنۇگۇنكىگە مەپتۇن بولۇش بىلەن كەلگۈسىگە ئىنتىلىشتۇر.

دەل تۇگىمەس سىغىنىش ئىچىدىلا، ئادەمنىڭ ھېسسىياتى پاكلىنىشىپ بارىدۇ ۋە چوڭقۇرلايدۇ.

مۇساپە بولمىسا، سىغىنىش بولمايدۇ، پاراخوتنىڭ يىراققا سەپەر قىلىش سىگنالى چېلىنغاندا، پويىزنىڭ مېڭىش سىگنالى چېلىنغاندا، ئاپتوبۇسلار قوزغالغاندا، ئايروپىلان ئۇچۇش يولىدىن ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلگەندە سىغىنىش باشلىنىدۇ. دەل سىغىنىش بولغاچقا، ئۇزۇن مۇددەت ئايرىلىپ قايتا كۆرۈشكەن چاغدىكى شادلىق، كۈتۈلمىگەن چاغدىكى خۇشاللىق بولىدۇ، يېقىن دوستلار جەم بولۇپ، قەدەھ كۆتۈرۈشۈپ تەبرىكلىشىدىغان ياكى تەنتەنە قىلىشىدىغان ئىشلار بولىدۇ.

سىغىنىش ئادەمنى ئازابلايدۇ ھەم چېنىقتۇرىدۇ. شۇنداقلا، ئادەمنىڭ مىجەز-خاراكتېرىدە ئىغىر-بېسىقلىق، ھېسسىياتىدا چوڭقۇرلۇق پەيدا قىلىدۇ.

باشقىلارنى سىغىنىش—بىرخىل يېقىملىق ھېسسىيات. باشقىلار تەرىپىدىن سىغىنىلىش—بىرخىل بەختلىك ئىش، بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى—ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا سىغىنىشىدا. ئەكسىچە، بىرلا ئادەم ياكى بىرلا تەرەپ سىغىنىش—بىرخىل ماتەم. باشقىلار تەرىپىدىنلا سىغىنىلىش—بىر خىل يۈلتۈز.

سىغىنىش بولغاچقا، ئىنسانلار ئايىغا قويۇق ھېسسىيات بېغىشلايدۇ. ئاي تۇغاقسىمان ئېگىلگەندە، سىغىنىشمۇ ئېگىلىدۇ. ئاي يۇمىلاق بولغاندا، سىغىنىشمۇ يۇمىلاق بولىدۇ. مەيلى ئاي ئېگىلسۇن ياكى يۇمىلاق بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر كۇپلېت پاك نەزمىدۇر.

سىغىنىش ئادەمنى كۆز يېشى قىلدۇرىدۇ، سىغىنىش ھەم ئادەمنى كۈلدۈرىدۇ.

مەيلى يىغلاپ تۇرۇپ سىغىنىش بولسۇن ياكى كۈلۈپ تۇرۇپ سىغىنىش بولسۇن، سىغىنغاندا، سىنىڭ قەلبىڭدە باشقا بىراۋنىڭ

ئورنى بولمايدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى: سېغىنىشمۇ بىرخىل پاك ئازادىلىقتۇر. ئاي يورۇقىدا، كەچقۇرۇنلاردا، يامغۇرلۇق كۈنلەردە، گۈزەل مەنزىرىلىك جايلاردا ئادەمنىڭ سېغىنىش ھېسسىياتى ئاسانلا قوزغىلىدۇ.

تۈگىمەس سېغىنىش مۇقەررەر يوسۇندا ئۇزۇنغىچە كۈتۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئامېرىكىلىق ئايال شائىر دىيېككىنسون مۇنداق دېگەندى: «ئەگەر مۇھەببەت ئارقىلىق تولۇقلاشقا بولىدىغانلا بولسا، 10 مىڭ يىل كۈتۈپ تۇرۇشمۇ ئۇزۇن تۇيۇلمايدۇ». مانا بۇ ھەقىقەتەن بىرخىل سېغىنىش ئىچىدىكى پاكلىق ۋە ئازادىلىق، كەڭ قورساقلىق.

مەيلى نېمە دېيىشتىن قەتئىينەزەر، سېغىنىش بىرخىل غايەت زور مەنىۋى بايلىق.

چوڭقۇر ھېسسىيات سىڭگەن پوچتا ماركىلىرى، ئىللىقلىق چېقىپ تۇرىدىغان تۇرىدىغان خەت - چەكلەر، سەمىمىي ھال سوراش ئەكس ئەتكەن كارتۇشكىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ بايلىقنىڭ مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ.

يىللار خۇددى يەرگە چۈشكەن يوپۇرماققا ئوخشاش ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمما، سېغىنىشتىن ئىبارەت بۇ بايلىق مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ. سىزنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان كىشىلىك تۇرمۇش سەپىرىڭىزدە، ئۇ مەڭگۈ سىزگە ھەمراھ بولىدۇ ھەمدە سىزگە ئىللىقلىق ۋە تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ.

## نىكاھ

توي قىلىش ئەلۋەتتە ياخشى ئىش، ئەمما، ياخشى ئىشكەن دەپ توي قىلىشقا خۇمار بولۇپ قالساق ئىش چاتاق بولىدۇ.

ئازاب چەكمىگەن مۇھەببەت — ھەقىقىي مۇھەببەت ئەمەس، بەختنى ھېس قىلالمىغان نىكاھ — مۇقەررەركى ئەلەملىك (قايغۇلۇق) نىكاھتۇر.

نىكاھقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، توي قىلىش كۆپ ھاللاردا كىشىلەر قىياس قىلغاندەك ئۇنچىلامۇ ياخشى ئىش ئەمەس؛ نىكاھتىن ئاجرىشىش — كۆپ ھاللاردا كىشىلەر قىياس قىلغاندەك ئۇنچىلا چاتاق ئىشمۇ ئەمەس.

بەزىدە قارىماققا داغدۇغىلىق، كاتتا ئۆتكۈزۈلگەن توي مەرىكىلىرى ماھىيەتتە بىرخىل سودا بىلەن پۈتكەن ئىشلاردۇر. ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزۈلگەن توي مەرىكىلىرى، كۆپ ھاللاردا مۇھەببەت مېۋىسىنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

نىكاھلىنىشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بويتاقلىق ئەركىنرەك بولىدۇ.

نىكاھلانغاندا ئەركىن بولغىلى بولمايدۇ، ئەمما، ئەركىنلىكتىن ۋاز كېچىش مۇھەببەت ئۈچۈن. ئەگەر مۇھەببەت بولمىسا نېمە ئۈچۈن

☞

ئەركىنلىكتىن ۋاز كېچىش زورۇر بولىدۇ؟

نىكاھ بەزى ئادەملەرنى بىر ئاخشامدىلا ئەرشكە چىققاندەك تەسىراتقا ئىگە قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ھالبۇكى، بۇ كىشىلەر ئەمەلىدە جەننەتكە كىرىشنى خىيال قىلالاتتى، ئەمما، ئۇلارنىڭ كىرگىنى نېمە ئۈچۈن دوزاخ بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇلار مەڭگۈ چۈشەنمەيدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئالىيجاناپ ياكى پەس ئىكەنلىكى — بىر قېتىملىق نىكاھلىنىش داۋامىدا بەش قولدەك ئېنىق ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ.

ئالىيجاناپ نىكاھ، مۇقەررەركى، ئادەمنىڭ ئۆزىنى سۆيىدۇ، پەس نىكاھ ئادەمنىڭ سىرتتىكى نەرسىلەرنى سۆيىدۇ.

سودىلىشىدىغان مۇھەببەت يوق، پەقەت سودىلىشىدىغان نىكاھ بار. مۇھەببەت مەڭگۈ نىكاھتىن پاك بولىدۇ. نىكاھ مەڭگۈ مۇھەببەتتىن ئەمەلىي نەپ بېرەلەيدۇ.

مۇھەببەت — گۈل، نىكاھ — ئۇنىڭ مېۋىسى. گۈل ھامان چىرايلىق بولىدۇ. ئەمما مېۋىسىنىڭ ياخشى بولۇشى ناتايىن.

مەن شۇ نۇقتىنى سوغۇققانلىق بىلەن كۆزەتتىمكى، مۇشۇ يىللاردا ياخشى بىر ئەر بولۇش ھەقىقەتەن قىيىنغا چۈشمەكتە. بەك سوغۇققان بولسىڭىز كىشىلەر سىزنى «خوتۇنىغا كۆيۈنمىدى» — دەپ ئەيىبلەيدۇ، بەك قىزغىن بولسىڭىز كىشىلەر سىزنى «خوتۇنىدىن قورقىدۇ» — دەپ مەسخىرە قىلىدۇ.

ئاياللار دەيدىلەركىن: دۇنيادا ئايال بولماق تەس. بۇ گەپنى ئەڭ ياخشىسى تويى قىلىنغان ئەرلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ باقايلى! قېنى ئۇلار نېمە دەيدىكىن؟

يازغۇچى مونتالىي ئاغزىغا كەلگىنىنى دەيدىغان ئادەمدەك قىلىدۇ. ئۇ ھېچ ھېيىقماستىن: «مۇكەممەل بىر نىكاھ قارىغۇ خوتۇن بىلەن گاس ئەر — خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ»، — دەيدۇ.

ئاڭلاپ بېقىڭلار، بۇ قانداق گەپ؟

ئادەمنى ئامالسىز قالدۇرىدىغىنى شۇكى، مۇشۇنداق بىر قولاققا ياقمايدىغان گەپكە مۇشۇنداق بىر چىنلىقنىڭ سىڭگىنى ئاجايىپ گەپ — تە!

## ئوبزور

ئوبزوردا ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئادىللىق. ئەگەر ئادىللىق بولمىغاندا، بىر بولسا چۆكتۈرۈش بولىدۇ، بىر بولسا ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈش بولىدۇ.

ئەڭ نوپۇزلۇق ئوبزور مۇتەخەسسىسلەردىن ئەمەس، بەلكى كەڭ ئاممىدىن كېلىدۇ. مۇتەخەسسىسلەردە مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى كۆزدە تۇتۇش تۈپەيلىدىن ئاسانلا بىر تەرەپلىمىلىك پەيدا بولۇپ قالىدۇ. كەڭ ئاممىدا بۇ خىل بىر تەرەپلىمىلىك بىر قەدەر ئاز بولىدۇ.

ھەقىقىي بىلىملىك، ئاقىلانە ئوبزورچى بولۇش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس.

تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق بىر ئوبزورنىڭ ئەڭ ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى ئاقكۆڭۈللۈك بولۇشى كېرەك. بولمىسا، ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن يېزىلمىغان ئوبزور ناھايىتى ئاسانلا باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىش ۋە تۆھمەت چاپلاشقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئوبزور توغرىسىدا، ئادەتتە كۆزەتكۈچىلەر شۇ ئىشنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگۈچىلەردىن ئادىل كېلىدۇ. خەلق ئاممىسى نوپۇزلۇقلاردىن ئادىل كېلىدۇ، تارىخ — رېئاللىقتىن ئادىل كېلىدۇ.

ئوبزورچىلار ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىنى تىكلەشكە ئالدىرىماستىن بەلكى، ئەڭ ئاۋۋال سەمىمىي ساداقەت بىلەن ساپ ۋىجدانغا ئىگە بولۇشى كېرەك. كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتۇشقا ئالدىرايدىغان ئوبزورچىلار سەمىمىي ساداقەت بىلەن ساپ ۋىجداندىن ناھايىتى ئاسانلا يىراقلاپ كېتىدۇ.

ئوبزورچىنىڭ ياخشىچاق بولۇشىنىلا كۆزلەيدىغان يازغۇچى — ناچار يازغۇچىدۇر؛ باشقىلارنىڭ باھاسىغا تايىنىپلا ياشايدىغان ئادەم — كۈندىلىك تۇرمۇشى ناھايىتى ھارغىنلىق ئىچىدە ئۆتىدىغان ئادەمدۇر.

ئوبزورچىلارنىڭ قاچىسىنى يازغۇچىلار چاقىدۇ؛

يازغۇچىلارنىڭ قاچىسىنى ئوقۇرمەنلەر چاقىدۇ. ئوبزورنىڭ مۇھىملىقى — توغرا يېتەكلەش بىلەن توغرا تەھلىل قىلىشقا باغلىق.

بىر ياخشى ئوبزورنىڭ ئەھمىيىتى — شۇ ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن قېلىشمايدۇ. ھالبۇكى، ئۆزىمۇ تۈزۈك چۈشەنمەيدىغان، چۈشىنىكسىز ئەسەرلەرگە ئوبزور يېزىپ، ئۇنى كىتابخانلارنىڭ ئالدىغا قويۇش — بىر خىل ئېچىنىشلىق ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىر خىل چۈشكۈنلۈكتىن ئىبارەت.

(بۇ ئەسەر «ۋاڭ گوجېننىڭ پەلسەپىۋى نەسرلىرى» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىنغان)

تەرجىمە مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئۇچقۇنجان ئۆمەر

رەپىق ئىسمائىلوۋ (قازاقىستان)

# شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ قۇربانلىرى

ھېلىمۇ ئېسىمدە. بىز ئونىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى گېئومېتىرىيە دەرسىدىن تاپ- شۇرۇق ئىشلەۋاتاتتۇق. بېرىلگەن تاپشۇرۇقلار خېلىلا قىيىن بولغاچقا، ھەممىمىز جىددىي ئويلىنىپ باش قاتۇرۇۋاتاتتۇق. مۇئەللىم قاتار قويۇلغان پارتىلارنى ئارىلاپ سەل ئېگىشكەن ھالدا بىردەم ئۇنىڭ، بىردەم بۇنىڭ يازغانلى- رىغا قاراپ يۈرەتتى. تۇيۇقسىز ئىشىك ئې- چىلدى ـ دە، سىنىپقا مەكتەپ مۇدىرى كى- رىپ كەلدى. ئاق يۈزلۈك كىشى تاتىرىدىغان بولسا تونۇغۇسىز ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن! يۈزىدە قان قالمىغان مەكتەپ مۇدىرى مانا شۇنداق ھالەتتە ئىدى. ھەممىمىز قىلىۋاتقان ئىشىمىزنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قالدۇق. ئۇ بىر نەرسىنى ئېيتىشقا قىيىن- لىۋاتقان كىشىدەك بىردەم تۇرۇپ قالدى ـ دە، ئاندىن تىترەك ئاۋازدا: «يولداشلار! ستالىن ۋاپات بولدى!»— دېدى. بىز دەسلەپتە ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى چۈشەنمەي قالدۇق. پەقەت مۇئەللىم يىغىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقارغاندىلا بىر پاجىئەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندۇق. قىزلار ھەر تەرەپتىن يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ ۋاقىتتا ياش بولساقمۇ «ئەمدى قانداق قىلى- مىز؟» دېگەن ئوي بىردىنلا ئۆز ئەسىرىگە ئالدى. چۈنكى، بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدا ھا- ياتىمىز، ئىش ـ ھەرىكىتىمىز، كېلەچى- كىمىز، بەختىمىز پەقەت شۇ ئىسىمغىلا باغلىق ئىدى. بىز ئۇنىڭسىز ياشاشنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلمەيتتۇق. لېكىن، كۈن- لەردىن كېيىن ئايلار، ئايلاردىن كېيىن يىللار ئۆتتۈۋەردى. دۇنيا ئۆڭدا ـ دۈم بولۇپ كەتمە- دى. ئەكسىچە تۇرمۇشىمىز ئاستا ـ ئاستا ياخشىلىنىشقا باشلىدى.

بىز كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا، ئۆيلەردە كۆزلىرى سىياھ بىلەن ئويۇپ تاشلانغان ياكى پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ رەسىم- لىرى بار كىتابلارنى كۆرەتتۇق. چوڭلاردىن سورىغاندا، ئۇلار بىزگە قىسقىچىلا قىلىپ: «خەلق دۈشمىنى»— دەپ جاۋاب بېرىشەتتى. ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈ- شەنمىسەكمۇ، ئۆيدىكىلەرنىڭ دىل ـ ئارامى- نى بۇزىدىغان بىر مەخپىيلىك بارلىقىنى سېزىپ جىمىپ قالاتتۇق.

ساندۇقلارنىڭ تېگىدە، ئايرىم ۋاراقلاردا، يوشۇرۇن ساقلىنىۋاتقان رەسىملەرنىمۇ كۆ- رۈشكە بولاتتى. ھەممىنى بىلىشكە خۇمار با- لىلىق قىزىقىشىنىڭ ھورى «چوڭ دادا»، «بوۋا» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قىسقىلا جاۋاب- لار بىلەن بېسىلاتتى. قىزىق يېرى، شۇنى دېگۈچىلەردە قانداقتۇر قورقۇنچ پەيدا بولاتتى ـ

چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

دە، ئۇلار بىزنىڭ كۆزىمىز تاسادىپىي چۈشۈپ قالغان رەسىملەرنى دەررۇ باشقا يەرگە پۈختىراق يوشۇرۇشقا ئالدىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ بەرگەن سالىمىمىزدىن قېچىشى، رەسىملەرنى باشقىلارغا كۆرسەتمىشى بۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىمۇ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بىزگە نامەلۇم ئىدى. ساندۇقتىكى رەسىملەر پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى 20 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىنلا ئاندىن چىقىرىلدى ھەمدە ئۆيلەرنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. رەسىمدىكى كىشىلەر، ئۇلارنىڭ ئەمگەكلىرى توغرىسىدا كۆپ سۆزلەر ئېيتىلىسىمۇ، نېمە سەۋەبتىن 1937 - يىلى تۈرمىگە بەنت قىلىنغانلىقى ۋە پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە بىلىشكە بولمايتتى. بۇنى بىز ئەمدىلا بىلىشكە باشلىدۇق. بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا، ئەڭ ئەزىز ۋە قەدىردان كىشىدىن ئايرىلىپ، «خەلق دۈشمىنى» نىڭ ئائىلىسى دەپ ئاتالغانلارنىڭ كۆپچىلىكى مۇشۇ كۈنلەرگە ئۇلىشالمىدى. ئۇلار ئۇزاق يىل مابەينىدە نېمىلەرنى كۆرمىدى؟ قانداق دەرد - مۇشەققەتلەرگە دۇچ كەلمىدى دېمەمسىز!؟ راست، ھازىرقى ۋاقىتتا، شۇ دەھشەتلىك ۋەقەلەر ھەققىدە كۆپ نەرسىلەر يېزىلىۋاتىدۇ. ئەمما ئەدەبىياتنىڭ تەسىر كۈچى تېخى يۈز بەرگەن ئىشلارنى، كىشىلەرنىڭ ئازابلىرىنى تولۇقى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە قابىل ئەمەس.

1937 — 1938 - يىللاردىكى ۋەقەلەرنى، شۇ ۋاقىتتا يۈز بەرگەن تەقپىلەشنى ھېچنەرسە بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ. سوتسىيالىزم تەبىئىتىگە، لېنىن قۇرغان كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ سىياسىتىگە پۈتۈنلەي يات بولغان بۇ ئىشلار بىۋاسىتە ستالىننىڭ رەھبەرلىكىدە بولغانلىقى تولۇقى بىلەن ئىسپاتلاندى. بارلىق ساھە خادىملىرى دېگۈدەك قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى. بىرىنچى نۆۋەتتە ئەڭ ياخشى كادىرلار - ھەقىقىي لېنىنچىلار، پارتىيە ئەزالىرى، كۆزگە كۆرۈنگەن ھەربىي يولباشچىلار، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئەربابلىرى، كۆپلىگەن پروفېسسورلار قۇربان بولدى. قىيىن - قىستاققا ئېلىندى. ئېتىپ تاشلانغانلار، لاگېرلاردا ئازاب چېكىپ ئۆلگەنلەر سان - ساناقسىز. بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەھشىيلىك سوۋېت مەملىكىتىدىكى بارلىق خەلقلەر ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر زەربە بولدى. ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى ئۈچۈن ھالاكەت بولدى. شۇلارنىڭ بىرى ئۇيغۇرلاردۇر.

ئىلى تەۋەسىدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار يېڭى يەرلەرگە جايلىشىپ ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋالغۇچە مەركىزىي رۇسىيە ۋە قازاقىستاننىڭ ئايرىم جايلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىنقىلابىي كۆتۈرۈلۈشلەرنىڭ دولقۇنى يەتتەسۇغىمۇ يېتىپ كەلدى. كۆتۈرۈلۈشلەر - زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىككە قارىتىلغاچقا، ئۇلارغا ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىمۇ قاتناشقان ھەم ئۆز سېپىدىن خەلق ئىشى ئۈچۈن كۈرەشچىلەرنى، ئىنقىلابچىلارنى ئالغا چىقارغانىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئون - ئونبەش يىل

ئارىلىقىدىكى دەۋردە، لېنىن ئىدىيىسىگە سادىق ئىنقىلابچىلاردىن باشقا، كۆزگە كۆرۈنگەن پارتىيە خادىملىرى ۋە سوۋېت خادىملىرى، پەن ۋە مەدەنىيەت ئەربابلىرى ئۆسۈپ يېتىلدى. يېڭى تۈزۈمنىڭ بەرپا ئېتىلىشىگە، خەلقىمىزنىڭ قاراڭغۇلۇق ۋە ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇپ، سوۋېت يولى بىلەن مېڭىشىغا چوڭ ھەسسە قوشقان كىشىلەر 1937 - يىلى «خەلق دۈشمىنى» قالپىقى كىيگۈزۈپ تۇتقۇنغا ئېلىنغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ياش، كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە تالانتى ئەمدىلا نامايان بولۇشقا باشلىغانىدى. ئۇلار تېخى خەلق ئۈچۈن قانچىلىك ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن ئىدى دېسىڭىزچۇ؟ مانا شۇنداق ئادەملەر رەھىمسىز يوق قىلىندى، ئېتىپ تاشلاندى. نېمە ئۈچۈن؟ قايسى ئەيىبى ئۈچۈن؟ پارتىيىگە، خەلققە سادىق بولغانلىقى، ئۆزلىرىنى ئايىماستىن ئەمگەك قىلغانلىقى، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلغانلىقى، لېنىن كۆرسەتكەن يولنى بىردىنبىر توغرا يول دەپ، شۇ يول بىلەن ماڭغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ بۇ ھەقىقەتنى ئاشكارە ئېيتىپ، ئۇلارنى ئاقلاپ ئەمەس، ئۇلار بىلەن پەخىرلىنىشى ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت كېرەك بولۇشى مۇمكىن.

باشقىلار قاتارىدا ئا. روزىباقىيېۋ - سوۋېت كومپارتىيىسى 20 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن يەنى 1956 - يىلى ئاقلاندى. ئەمما، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىنى ھېچ قاچان ئۇنتۇپ قالغان ئەمەس.

«چېلەك» رايونىدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىگە روزى باقىيېۋنىڭ نامى بېرىلگەندە، بۇنىڭغا خۇشال بولغان كۆپچىلىك ئەڭ ئالدى بىلەن مۇئەللىملەر ۋە ئاتا - ئانىلار تېگىشلىك ئورۇنلارغا، مەكتەپ ئالدىغا ئۇنىڭ ھەيكىلىنى ئورنىتىش ئىلتىماسى بىلەن ئۆزلىرى پۇل يىغىشىپ، كۆزلىگەن مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. مۇنداق «جىنايىتى» ئۈچۈن مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋەزىپىسىدىن ئېلىندى. لېكىن، ئەمدى ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى بويىچە ئورنىتىلغان ھەيكەللەر مۇشۇ كەمگىچە مەكتەپ بىناسى ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

شەخسكە سېغىنىش (چوقۇنۇش) دەۋرىدە بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنى ئۆمەر مۇھەممەدى، قادىر ھەسەنوپ، ئىسمائىل ساتتاروپلاردىن ئىبارەت پەقەت ئۈچ يازغۇچى تەشكىل قىلغان دەپ ئېتىراپ قىلىناتتى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى خەلققە شۇنچە كۆپ ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، پۈتۈن بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئەنە شۇنداق ئەھۋالى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ 1931 - يىلى دۇنيادىن ئۆتكەنلىكىنى، ئىسمائىل ساتتاروپ ئىجادىنىڭ 1930 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى ۋە 1940 - يىللىرىنىڭ بېشىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالساق، بۇنى چۈشىنىش تېخىمۇ قىيىن. ئۆكتەبىرنىڭ تېڭى بىلەن بىزدىمۇ مەدەنىيىتىمىزنىڭ چوڭ تۇغى سۈپىتىدە ئەدەبىياتنىڭ بۆلۈنمەس قىسمى قاتارىدا شەكىللىنىپ تەرەققىي ئەتكەنلىكىنى يەنە شۇ تارىخىي 20 -

قۇرۇلتاي نامايان قىلدى. بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىز نادىر نامايەندىلەرنىڭ، يارقىن تالانتلارنىڭ بارلىقىنى بىلدۇق. نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوپ، ھەبىب زاكىرى، ئابدۇلھەي مۇھەممىدى، ھېزىم ئىسكەندەروۋ، نۇر ئىسرائىلوۋ، تۇردى ھەسەن، مۆمىن ھەمرايوۋلار كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى، شائىرلاردۇر. ئۇلار ئۆمەر مۇھەممىدى بىلەن بىللە ئۇيغۇر سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلىنى قۇرغان ئەدىبلەردۇر. شۇ دەۋردە يەنە ئا. غوجامبەردى، م. مۇشۇراپىلوۋ، غ. نىيازى، ت. شەمئى، ت. رەخىموۋ، م. تۇردىيوۋ، ئى. يۇسۇپ، ئاياللاردىن چىققان بىرىنچى شائىرە ئا. مىرزايېۋا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. كۆپرەك ئىلىم - پەن، پېداگوگىكا مەسىلىلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ل. ئەنسەرى، ق. ھوشۇروۋ، غ. مەبايوۋ، ئا. خۇدايىقۇلوۋ، س. ئابدۇللىن ۋە باشقىلارمۇ ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ياش بولغاچقا، ئەدەبىياتنى بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن سۆيگەچكە، جۇشقۇن ئىلھام، ئاجايىپ تەلپۈنۈش بىلەن ئىجاد قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئوي - ئارمانلىرى، مەقسەت - مۇددىئالىرى بىرلا ئىدى. يەنى: سوۋېت ھەقىقىتىنى ھەر تەرەپلىمە كۆرسىتىدىغان، سوۋېت ئادەملىرىنى كۈيلەيدىغان ئەدەبىياتنى، نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىش ئىدى. ياش ئەدەبىياتىمىز ھەقىقىي پەرۋاز قىلىش، ئۆرلەش ئالدىدا تۇراتتى. ئەمما، 1937 - يىل ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىلغار ئەترىتى بولغان ئەدەبىياتىمۇ پاجىئەگە ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەقىپكە ئۇچراپ، قىيىن - قىستاق ئازابلىرىنى تارتىپ ئۇجۇقتۇرۇلدى.

كۆپچىلىك قاتارىدا «خەلقلەر داھىيسى ۋە دوستى»غا ئەڭ ياخشى مىراسلارنى بېغىشلىغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۇنىڭ قانچىلىك ۋەھشىي، قانخور ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن! » ئۇلار ھەتتا ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتمىغان، ئۇ بولسا ھېچبىر ئويلانماي بىر دەقىقىنىڭ ئۆزىدىلا مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلاتتى. ئەنە شۇنداق دەقىقىلەرنىڭ بىرىدە ئۇيغۇر سوۋېت ئەدەبىياتى پۈتۈنلەي يوق قىلىنغان دېسەكمۇ بولىدۇ. بىز يۇقىرىدا خەلقىمىز ئارىسىدىن چىققان ئىنقىلابچىلار، پارتىيە خادىملىرىنىڭ ياش بولغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق. ئەمدى ئەدەبىيات ۋەكىللىرىگە كېلىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى تېخى 30 ياشقىمۇ يەتمىگەن. مىسال ئۈچۈن شۇ تالانتلار توپى ئارىسىدىن ئەڭ يارقىن نامايەندىلەرنىڭ بىرى بولغان نۇر ئىسرائىلوۋ تۇتقۇنغا ئېلىنغاندا ئاران 27 ياشتا ئىدى. 27 ياش! شۇنىڭغا قارىماستىن، بۈگۈن بىز ئۇنى ئىشەنچلىك ھالدا ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاساسچىلىرىنىڭ بىرى دەپ ھېسابلايمىز. ئەگەر 1937 - يىل ۋەقەسى بولمىغان بولسىدى، ئەگەر ئۇ، ئۆز پائالىيىتىنى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلدۇرغان بولسىدى، قانچىلىك ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇراتتى دېسەڭىزچۇ!؟

1930 - يىللاردا ھەممىدىن كۆپ ئىجاد

قىلغان نۇر ئىسرائىلوۋ ئۇندىن ئۇشۇق كىتابنى نەشر قىلدى. كۆپلىگەن ماقالىلەرنى يازدى، كوللېكتىپ توپلاملارنى يورۇقلۇققا چىقاردى. راست، ئۇنىڭ يازغانلىرىنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئەمەس. لېكىن ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى شېئىر، پوئېما، ھېكايە، پوۋېستلىرى ئەدىبنىڭ چوڭ تالانتىدىن، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبقا ئىگە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇنى ئۇنىڭ ئاخىرقى كىتابى «رىزۋانگۈل» ناملىق توپلىمى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. مەزكۇر توپلام— ئەدىب ئىجادىيىتىنىڭ چوققىسىدۇر. نۇر ئىسرائىلوۋنىڭ ئىلمىي ئىش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ رومان يېزىشقا تۇتۇش قىلغانلىقىنى ئېتىبارغا ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا بۇنىڭدىنمۇ ئېگىز چوققىلارغا چىقىشنىڭ كەڭ مۇمكىنچىلىكلىرى ئېچىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۇنچە قىيىن ئەمەس. ھ. زاكىرى، ئا. مۇھەممىدى، ھېزىم ئىسكەندەروۋ، ت. ھەسەن، م. ھەمرايوۋ ۋە باشقىلارچۇ؟ م. ھەمرايوۋ 3 ـ 4 يىل ئىچىدىلا «ئېغىر كۈنلەردە» پوۋېستى، «دولقۇنلار ئارىسىدا»، «مەيداندىن ئاۋاز» رومانلىرىنى يېزىپ چىقتى. بۇنىڭغا قانداقمۇ ھەيران قالمايسەن! راست. م. ھەمرايوۋنىڭ تەقدىرى قەلەمداش دوستلارغا قارىغاندا باشقىچە بولدى.

ستالىن دوزىخىدىن ئامان ـ ئېسەن قايتىپ چىققانلارنىڭ بىرى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ پەخرى، مەشھۇر شائىرىمىز ھېزىم ئىسكەندەروۋ بولدى. ھېزىم ئىسكەندەروۋ 1930 ـ يىللارنىڭ بېشىدىلا شۆھرەت قازانغانىدى. شەكىل جەھەتتىن ئاددى، خەلقىمىز قوشاقلىرىغا يېقىن تۇرىدىغان پوئېزىيەسى بىلەن، ئۇ دەۋر ھەقىقىتىنى، ئەتراپتا يۈز بېرىۋاتقان يېڭىلىقلارنى زور ئىلھام بىلەن كۈيلەيتتى. شائىر پوئېمىلىرىمۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئەدەبىياتىمىزدا چوڭ ۋەقە بولغانىدى. ئۇلار يۈكسەك ئىدىيىۋى ـ بەدىئىي دەرىجىسى بىلەن پەرقلىنەتتى. ھېزىم ئىسكەندەروۋ 1950 ـ يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، قايتىدىن جۇشقۇن ئىلھام بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، ئەدەبىياتىمىزنى نادىر ئەسەرلەر بىلەن تېخىمۇ بېيىتتى. مۇنداق جاسارەت، مۇنداق مۆجىزە پەقەت يارقىن شەخسلەر، زور تالانت ئىگىلىرىگىلا مەنسۇپتۇر. ئەگەر ئەدەبىياتىمىزدا 20 يىللىق ئۈزۈلۈش بولمىغان بولسا، ئۇ قانچە داۋان ـ چوققىلاردىن ئېشىپ، ئەدەبىياتىمىز قانچىلىك چوڭ ئۇتۇقلارغا يەتكەن بولار ئىدى ـ ھە! مۇشۇنىڭ ھەممىسىنى ئويلىغاندا، ئەدىبلەرنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە قانداقمۇ ئېچىنمايلى؟ قانلىق تەقىپ قىلىشلارنى ئەۋج ئالدۇرغانلارغا، بولۇپمۇ «خەلقلەر داھىسى»غا قانداقمۇ لەنەت ئوقۇمايلى!؟

ھەممىدىن دەھشەتلىك يېرى زىيالىيلار ئىچىدە ئەڭ ئوقۇمۇشلۇق ئەدىبلەر، ئەڭ تالانتلىقلار قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن كېلەچىكىمىزگە پالتا چېپىلدى. سەۋەبى ئۆلتۈرۈلگەنلەر 10، 20، 30 يىل ياشاپ ئۈنۈملۈك ئەمگەك قىلىش بىلەن بىللە

قانچىلىغان تالانتلىق شائىرلارنىمۇ ئۆستۈرگەن بولار ئىدى؟ 1937 - يىلى قۇربان بولغانلار سوۋېت ھاكىمىيىتى دەۋرىدە بارى - يوق 20 يىل ياشىدى. ئەگەر ئۇلاردىن ئا. روزىباقىيوۋغا ئوخشاشلار، ئىنقىلاب ۋە گراژدانلار ئۇرۇشى يىللىرىدىلا كۆزگە كۆرۈنگەن بولسا، نۇر ئىسرائىلوۋغا ئوخشاشلار ئۆز پائالىيىتىنى 20 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلىدۇ - دە، ئۇلار سوۋېت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتە، ئۇنىڭ ئىقتىسادىنى ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي ئەتتۈرۈشتە، ئەدەبىياتىمىزنى شەكىللەندۈرۈپ، نى چوڭ ئۆتۈقلارغا يەتكۈزۈشتە بىباھا ئەمگەكلەرنى قىلغان بولار ئىدى.

50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئۆز ۋاقتىدا «خەلقلەر دۈشمىنى» قالپىقى بىلەن يوق قىلىنغان يازغۇچىلار ئىجادى قايتىدىن ئۆز خەلقىنىڭ بايلىقىغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىنى ئوقۇپ ئۆگىنىش ئۈچۈن مەكتەپ پروگراممىلىرىغا كىرگۈزۈلدى. ئالىملارنىڭ تەتقىقات ماۋزۇسىنىڭ چوڭ مەنبەسى بولماقتا. شۇنداق بولسىمۇ، بىز ھازىرقى ئەۋلاد، ئۇلار ئالدىدا قەرزدارمىز. ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى تېخى كىتابخانىلارغا تولۇق يەتكۈزۈلمىدى. ئۇلارنىڭ يۇبلى - كېچىلىكلىرى ئۇلارنىڭ خاتىرىسىگە، ئىجادىغا بېغىشلانغان ئۇچرىشىشلار ئاز ئۆتكۈزۈلدى. چىلەكتە پەقەت بىر مەكتەپلا ئا. روزىباقىيوۋ نامى بىلەن ئاتالغان. شائىر ئا. مۇھەممەدى شۇ يۇرتنىڭ ئوغلى، ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بۇ يۇرتقا ئەبەدىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھېچبىر چارە - تەدبىرلەر كۆرۈلمىدى. نۇر ئىسرائىلوۋنىڭ تۇغۇلغان يېرى «ئەمگەكچى قازاق رايونى» بولسىمۇ، بۇ يۇرتتا ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمىگەنلار ئاز.

يەنە بىر ئېيتىشقا تېگىشلىك ئىش، ئۇيغۇر ئاھالىسى زىچ جايلاشقان رايون ۋە يېزىلاردىكى مەكتەپ، كۇلۇب، كىتابخانا ۋە باشقا يەرلەردە ھەتتا ئۇلارنىڭ پورترېتى (سۈرەت) لىرىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ.

ئۆزگەرتىپ قۇرۇش (ئىسلاھات)، ئاشكارىلىق، دېموكراتىيە 30 - يىللاردىكى ۋەقەلەرنى تولۇق پاش قىلدى. قانلىق تەقىپ قىلىشلار ئەيىبكارلىرىنى ئېنىق ئاتاپ ئۆتتى. ستالىنىنىڭ ئەسلى كىم بولغانلىقىنى كەڭ تۈردە ئېچىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى، سۈرگۈن ئازابىنى تارتقانلارنى چوڭ ھۆرمەت بىلەن ئاتىشىمىزغا مۇمكىنچىلىك ياراتتى. ئەمدى بىز مۇشۇ مۇمكىنچىلىكلەردىن پايدىلىنىپ خەلقىمىز ئۈچۈن، يېڭى كېلەچەك ئۈچۈن پېداكارلىق بىلەن ئەمگەك قىلىشىمىز، لېكىن ناھەق قۇربان بولغانلارنىڭ ئىسمىنى مەڭگۈگە ساقلاپ ياد ئېتىشىمىز كېرەك!

(قازاقىستان «يازغۇچى» نەشرىياتى نەشر قىلغان «پەرۋاز» توپلىمىدىن يۇسۇپ ئۆمەر پاۋان نەشرگە تەييارلىغان).

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر

# ئوتۇنچىنىڭ ئېپىشماقلىق ھېكمىتى

(چۆچەك)

بىر كۈنى پادىشاھ ئېتىنى مىنىپ سىرتىنى ئايلىنىشقا چىقىپتۇ. يولدا كېتىۋاتسا بىر ئوتۇنچى ئۇچراپتۇ. پادىشاھ ئېتىنى توختىتىپ ئوتۇنچىدىن سوراپتۇ:

— تۇرمۇش ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ كۈندە مۇشۇنداق ئوتۇن توشۇپ سېتىپ ئۆتكەن كۈنىگەن رازى بولامسەن؟ ئوتۇن سېتىپ تاپقان پۇلۇڭ خىراجىتىڭگە يېتەمدۇ؟

ئوتۇنچى پادىشاھنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ:

— مۇشۇنداق ئوتۇنچىلىق قىلىپ ئۆتكەن كۈنۈمگە كۆپ رازى، ئوتۇن سېتىپ تاپقان پۇلۇم ئۆزۈمگە خىراجەت قىلغانىنىڭ سىرتىدا يەنە يېتىپ ئاشىدۇ، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا سەن تاپقان پۇلۇڭنى قانداق خىراجەت قىلىسەن؟

— تاپقان پۇلۇمنى تۆتكە بۆلىمەن. بىرىنچى قىسمىنى قەرزگە تۆلەيمەن، ئىككىنچى قىسمىنى دەرياغا تاشلايمەن، ئۈچىنچى قىسمىنى يەر ئاستىغا كۆمۈمەن، تۆتىنچى قىسمىنى دۈشمەنگە تاپشۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوتۇنچى.

پادىشاھ ئوتۇنچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ



ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ قاپتۇ-دە، يەنە سوراپتۇ:

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ گېپىڭنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم. ئېپىشماق سۆزلەۋاتامسەن-يا؟

ئوتۇنچى پادىشاھنىڭ بۇ سۆزىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل بىۋاسىتە جاۋاب بەرمەستىن مۇنداق دەپتۇ:

— ئاتا-ئانام مېنى بېقىپ تەربىيىلەپ چوڭ قىلدى. كۆپ جاپا چەكتى. ئەجىر سىڭدۈردى، مەن ئۇلارغا قەرزدار. ئۇلارنى بېقىپ قەرزىمنى تۆلەيمەن. ئۇنىڭدىن باشقا مەن مەي ئىچمەيمەن. قىمار ئوينىمايمەن. بۇ خۇددى پۇلنى بىكاردىن بىكار سۇدا ئېقىتىۋەتكەنگە ئوخشاش. بايغا تاپاۋەت تۆلەيمەن، بۇ خۇددى

پۇلنى يەرگە كۆمگەنگە ئوخشاش. خوتۇنۇم مېنىڭ دۈشمىنىم، ھەر ئايدا خىراجەتتىن ئاشقان پۇلنى دۈشمىنىمگە تاپشۇرىمەن.

پادىشاھ ئوتۇنچىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قاپتۇ.

— سەن گەپ ئارىلاپ كېلىپ ئايالىڭنى دۈشمەن ئورنىغا قويدۇڭ. سەن ئويلاپ باق، ئەگەر ئاياللار بولمىغان بولسا، سەن بىز نەدىن كەلگەن بولاتتۇق؟ ئاياللار بىزنىڭ ئانىمىز، ئاچىمىز، سىڭلىمىز، شۇنداقلا بىز ئاياللار بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن، ئۇ بىزنىڭ خوتۇنىمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ بىزنىڭ يېقىن دوستىمىز. بىز ئۇلارغا ئىشىنىشىمىز لازىم، — دەپتۇ.

ئوتۇنچى پادىشاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— پادىشاھى ئالەم، بەلكىم ئۆزلىرىنىڭ سۆزى توغرا بولۇشى مۇمكىن.

— سەن مېنىڭ سۆزۈمنى بەلكىم توغرىدۇ - دېدىڭ. ھازىر ئەمدى سېنىڭ تېپىشمىقىڭنى يەنە بىر قېتىم تەكرار ئاڭلىغۇم كەلدى. يەنە بىر قېتىم سۆزلىگىن، - دەپتۇ.

ئوتۇنچى پادىشاھنىڭ سۆزىگە بىنائەن بۇ ھېكمەتنى يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئوتۇنچىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى بىر - بىرلەپ ئەينەن خاتىرىلىۋاپتۇ. ئاندىن ئوتۇنچىنى بۇ ھېكمەتنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىماسلىققا قەسەم قىلدۇرۇپتۇ.

پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ كېلىپ ئېلان چىقىرىپتۇ. كىمكى مۇشۇ تېپىشماقنى تاپسا يۈز تىللا ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ ئېرىدىن تېپىشماقنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئېرى گەپ - سۆز قىلماستىن تۇرىۋاپتۇ. خوتۇنى قايتا - قايتا يالۋۇرۇپ تۇرىۋالغانلىقتىن بۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي قاپتۇ. خوتۇنى تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىۋېلىپ دەرھال ئوردىغا بېرىپ، تېپىشماقنى پادىشاھقا ئېيتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئايالدىن تېپىشماقنى ئاڭلاپ:



«سەن ھەقىقەتەن ئەقىللىق ئايال ئىكەن-

سەن »— دەپ، ئايالغا 100 تىللا ئىنئام قىپتۇ ھەمدە ئايالغا سەپ سېلىپ، «مەن سېنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلغان »— دەپتۇ. بۇ ئايال «مەن ئۆزلىرىنى پەقەت كۆرمەپتىكەنمەن »— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇ ئاندا پادىشاھ ئادەم ئەۋەتىپ ئوتۇنچىنى دەرھال تاپتۇرتۇپ كەپتۇ ۋە ئوتۇنچىدىن:

—سەن نېمە ئۈچۈن بەرگەن ۋەدەڭگە ئەمەل قىلماي قىلغان قەسىمىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، تېپىشماقنى خوتۇنۇڭغا ئېيتىپ قويدۇڭ؟

ئوتۇنچى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بېشىنى يەرگە قويۇپ ئىلتىجا قىلىپ، كەچۈرۈم قىلىشنى تىلەپ:



—پادىشاھى ئالەم، ماڭا رەھىم قىلسىلا، ئۆزلىرى ماڭا خوتۇنىڭغا ئىشەنگىن— دەپ نەسىھەت قىلغان ئىدىلەر. ئۆزلىرىنىڭ نەسىھەتى بويىچە خوتۇنۇمغا ئىشىنىپ تېپىشماقنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپتىمەن. خوتۇنىنىڭ كاساپىتىدىن بۈگۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندىم. بۈگۈن ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى خوتۇن ھەقىقەتەن مېنىڭ دۈشمىنىم ئىكەن — دەپتۇ.

پادىشاھ ئوتۇنچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئوتۇنچىنىڭ سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

—سېنىڭ گەپلىرىڭ ئورۇنلۇق بولدى. بۇمۇ بىر ساۋاق بولدى. ئادەم ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كەتمەسلىكى لازىم ئىكەن. پادىشاھنىڭمۇ يېتەرسىز جايلىرى بار ئىكەن. بولدى ئۆيۈڭگە قايت. ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات. بېرىلگەن ئىنئامدىن ئەر — خوتۇن ئىككىڭلار تەڭ بەھرىمەن بولۇپ ئوبدان ئۆتۈڭلار— دەپتۇ.

ئوتۇنچى پادىشاھغا كۆپ رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ چىقىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەي ئەر — خوتۇن بىرگە ئىناق ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: يۈسۈپ مۇھەممەت

توپلاپ رەتلىگۈچى: ۋىلايەتلىك 1 — خەلق دوختۇرخانىسىدىن ئابدۇراخمان ھاجى مۆمىن

(قىستۇرما رەسىملەرنى دىلشات قادىر سىزغان)

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر

# ھۆسنىخەت باغچىسى



مىللەتنى خار قىلغان ئىللەت،
مىللەت بىلىم بىلەن ياشنايدۇ




بىلىم تۇۋۋى ۋە چېكى يوق بىر دېڭىزدۇر
تەنها ئادەم دەردىگە داۋا تاپالماس
قەدرىنى بىلمىگەن ئادەمدىن هايۋان ياخشىراقتۇر



غايە ئەقىل ۋە تەپەككۇر يۈكسەكلىكىنىڭ تاجىسى
يىراقنى كۆرەلىگەنلىكنىڭ جەزبىدار كارنىيىسى



غەزەپ ئەقىل چىرىغىنى ئۆچۈرەر




( يول سورىغان يولدىن ئازماس )

( ھۆسنىخەتلەرنى باتۇرجان ئابدۇۋېلى يازغان )

# ئاپتورلىرىمىز سەمىگە :

پۇتكۇل ئاپتورلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللاپ كېلىۋاتقانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمىز ، يېڭى بىر يىلدىكى ئىجادىيەتلىرىگە زور ئۇتۇقلار تىلەيمىز ھەمدە ئەجىر - مېھنەتلىرىمىزنىڭ ئورتاق قەدىرلىنىشى ئۇچۇن تۆۋەندىكىلەرنى تەۋسىيە قىلىمىز :

1 . ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەرگە ئاپتور ئىسمى ، ئەسەر ماۋزۇسى ، ئەسەر ژانىرى ، ئاپتورنىڭ ھازىرقى خىزمەت ئورنى ، كەسپى ئېنىق يېزىلىشى ، ئارخىپقا ئېلىنىش ئۇچۇن كىملىكنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى ، ئىككى سۆڭلۇق بىر پارچە سۈرىتى ، ئالاقىلىشىش تېلېفونى ياكى چاقىرغۇسىنىڭ نومۇرى قاتارلىقلار ( بىر قېتىم ) ئەۋەتىلىشى لازىم . ئەسەرلەر شەخسلەرنىڭ نامىغا ئەۋەتىلمەسلىكى لازىم .

2 . ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ئىش قەغىزىگە ئىملا قائىدىسى بويىچە چىرايلىق كۆچۈرۈلۈشى ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ماشىنكىدا ئۇرۇپ ئەۋەتىلىشى لازىم .

3 . تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ، نۇسخا ئېلىنغان مەتبۇئات - نەشر بۇيۇمىنىڭ نامى ، نەشر قىلىنغان ۋاقتى قاتارلىقلار ئېنىق ئېلىنىپ قوشۇپ ئەۋەتىلىشى كېرەك .

4 . ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر يېرىم يىل توشمىغىچە باشقا مەتبۇئاتلارغا ئەۋەتىلمەسلىكى كېرەك . چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەرلەردىن باشقىلىرىغا جاۋاب قايتۇرۇلمايدۇ .

5 . 2003 ـ يىلىدىن باشلاپ ، ئاپتورلارغا ھەقسىز ژۇرنال ئەۋەتىلمەيدۇ ، مۇشتىرى بولۇشىنى سورايمىز .

ئاپتورلىرىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەسەر ئەۋەتىشىنى ، قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى ، ئالاقىلىشىپ تۇرۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز .

تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى : 2533195 ـ 0998

ئادرېسىمىز : قەشقەر شەھىرى تەنتەربىيە يولى 13 ـ قورو ( شەھەرلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئىچىدە )

پوچتا نومۇرى : 844000 . پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 62 ـ 58




قەشقەردىكى ئەدەبىيات سەنئەت تەشكىلاتچىسى، جامائەت ئەربابى

مەرھۇم ئەيسا شاكىر


《喀什噶尔文学》(维吾尔文) قەشقەر ئەدەبىياتى ( 31 ـ يىل نەشرى )

*( KASHGAR LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE )*

*2002* 年 ( 文 学 双 月 刊 )
编辑出版: 喀什噶尔文学编辑部
主办单位: 喀 什 地 区 文 联
主　　管: 喀 什 地 区 文 联
印　　刷: 新疆《喀什日报》印刷厂
订阅代发行: 全 国 各 地 邮 政 局
发　　行: 喀 什 地 区 邮 政 局
国 际 统 一 刊 号: *ISSN1004—2547*
国 内 统 一 刊 号: *CN65—1081/1*
广 告 统 一 号: 喀广字 *(011— 1)*
国外总发行: 中国国际图书贸易总公司
( 北 京 *399* 号 信 箱 )
*OP BOX 399 BEIJING CHINA*
国 外 代 号: *BM 6632*
邮 政 代 号: *58— 62*
印张 *787 × 1092, 1/16, 8* 张

2002 ـ يىل ( قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال )
تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
چىقارغۇچى: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
باشقۇرغۇچى: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ «قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسى
تارقاتقۇچى: قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى
ھەر قايسى پوچتا ئورۇنلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىپ، ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ
خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : *ISSN1004—2547*
دۆلەت ئىچىدىكى بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : *CN65—1081/1*
ئېلان بېرىش ئىجازەتنامە نومۇرى : ( 1 ـ 011 )
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى : جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش
شىركىتى ( بېيجىڭ 399 ـ خەت ساندۇقى ) ؛ دۆلەت سىرتىدىكى ۋاكالەت
نومۇرى : *BM 6632* پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 62 ـ 58
فورماتى : 1092 × 787 م م ، 16 /1 ، 8 باسما تاۋاق



邮政编码: 844000　电话: 2533195　定价: 4. 50 元
编辑部地址: 喀什市体育馆路 13 号 (喀什市广播电视局内)

پوچتا نومۇرى : 844000 ، تېلېفون نومۇرى : 2533195 باھاسى : 50 . 4 يۈەن
تەھرىر بۆلۈم ئادرېسى: قەشقەر شەھىرى تەنتەربىيە يولى 13 ـ نومۇر (قەشقەر شەھەرلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئىچىدە)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6-نۆۋەتلىك ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلتىيى پائالىيىتىدىن كۆرۈنۈشلەر



رەھبەرلەر بىلەن بىللە



قەشقەر ۋەكىللىرى جەم بولدى



دىدار غەنىمەت، پۇرسەت غەنىمەت



ھەر قايسى ساھەلەردىن جەم بولۇش



ئۆز ئارا ئۆگىنىش

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئاۋۇت پارات، ئابدۇرېشىت باراتلار تارتقان)